

ئىسمائىل تۆمۈرى

# پاسىلسىز يۇرتلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئىسمائىل تۆمۈرى

# يالسىن يۇرتلار

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

无界疆域：维吾尔文 / 司马义·铁木尔著；— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.12

ISBN 978—7—228—14922—3

Ⅰ.①无... Ⅱ.①司... Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第245590号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 司马义·铁木尔 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 绘　　画 | 巴依孜·赛都拉 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 10 |
| 版　　次 | 2012年1月第1版 |
| 印　　次 | 2012年2月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 - 5000 |
| 定　　价 | 30.00 元 |

# ئاپتوردىن

تۇرپان دىيارىدىكى خەلق ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا مۇرەككەپ كەچمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. يارغولدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان قۇش بەگلىكىدىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان تارىخىي جەرياندا، بۇ دىياردىكى خەلق سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۈيۈك جۇڭخۇا ئىلىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلق شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى خەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى، جۈملىدىن قەدىمىي بۇددا دىنى مەدەنىيەت تۇسى قويۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىپ، تۇرپاننى دۇنياغا تونۇتقان.

ئاينىڭ ئۇن بەشى يورۇق، ئۇن بەشى قاراڭغۇ بولغىنىدەك، تۇرپان دىيارىدىكى خەلقلەر بەزىدە باياشات، ئاسايىشلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسا، گاھىدا ئاچايىپ جاپالىق، سەرسان ـ سەرگەردانلىق كۈنلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. مانا بۇلار خەلقىمىز، ئەجدادىمىز بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلاردۇر. خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق كۆپلىگەن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك ئاسايىشلىق كۈنلەرگە پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدىلا ئېرىشەلىگەنلىكىنى ئەۋلادلارغا بەدىئىي شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىش ـــ ئاپتورنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (تەخمىنەن مىلادىيە 856 ـــ 1338 ـ يىللار) تۇرپان دىيارىنىڭ قوچۇ شەھىرى مەدەنىيەت

مەركەزلىرىنىڭ بىرسى بولغان. نىهايەت، 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈرپان دىيارىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئاساسەن لۈكچۈن دىيارىغا كۆچتى. بۇنىڭ بىلەن لۈكچۈن دىيارى تۈرپانىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنىگە ئايلاندى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا، جۈملىدىن تۈرپان، لۈكچۈن خەلقلىرىنىڭ بېشىغا خۇددى «يىگىننىڭ ئۇچى بىلەن كۆزنىڭ ئېقىغا جىجاپ يازغۇدەك»[①] كەچمىشلەر، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، سورۇقچىلىقلار كەلگەن. تۈرپان، لۈكچۈن، پىچان، توقسۇننىڭ خەلقى مىلادىيە 1731 ـــ 1738 ـ يىللىرى بىر قىسمى قاراشەھەرگە، بىر قىسمى ئاقسۇنىڭ «ئۇچ» (هازىرقى ئۇچتۈرپان) دېگەن يېرىگە، يەنە بىر قىسمى گەنسۇنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كۆچكەن. بۇنىڭغا ئاساسلىقى جۇڭغار هۆكۈمرانلىرىنىڭ تىنىمسىز ئېلىپ بارغان پاراكەندىچىلىكلىرى سەۋەب بولغان. تۈرپانلىقلارغا نىسبەتەن گەنسۇنىڭ گۇاجۇ، بايىنغۇلىننىڭ قاراشەھەر، ئاقسۇنىڭ ئۇچ ۋە ئىلى ۋادىلىرى يۇرت ـ ماكان بولغان. ئۇلارنىڭ ئېگىدا يۇرتلار «پاسىلسىز» بولۇپ قالغان. بۇ ئەسەرگە ئەنە شۇ سەۋەبتىن «پاسىلسىز يۇرتلار» دەپ ماۋزۇ قويۇلدى.

بۇ روماندا مىلادىيە 1738 ـ يىلى كۈزدە تۈرپان، لۈكچۈن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىمىن ۋاڭنىڭ يولباشچىلىقىدا گۇاجۇغا كۆچۈشى، گۇاجۇدا يىگىرمە تۆت يىل پاناھلىنىپ، تۈرپان، لۈكچۈنلەر جۇڭغار توپىلاڭچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي بولغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىش جەريانى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي مەزمۇن ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەسەردە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۇزۇل ـ كېسىل تەسەررۇپىغا ئېلىپ، جۇڭگونى چوڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش

---

① بۇ جۈملە «مىڭ بىر كېچە» دىن ئېلىندى .

جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى گەۋدە قىلغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە زور ھەسسە قوشقانلىقى، خەنزۇ خەلقىنىڭ چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر بىلەن مۇرنى مۇرىگە تىرەپ، ۋەتەننىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. مۇشۇ باش تېما ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مەركەزگە ئىنتىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى، كۈرەشچانلىقى، جاپا ـ مۇشەققەتكە بوي ئەگمەيدىغان باتۇرلۇقى نامايان قىلىنىدۇ.

بۇ روماندىكى ۋەقەلىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى خانى (كاڭشى خاننىڭ ئاخىرقى يىللىرى)، يۇڭجېڭ خانى (1723 ـــ 1735 ـ يىللار)، چيەنلۇڭ خانى (1736 ـــ 1795 ـ يىللار) زامانىسىدا يۈز بەرگەن.

مەن مۇشۇ تارىخىي دەۋرلەردىكى، يەنى مىلادىيە 1720 ـــ 1760 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى چوڭ كۆچۈشنى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋاللارنى لوكچۇن ۋاڭلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىمىن ۋاڭنى نۇقتا قىلغان ھالدا بەدىئىي تەسۋىرگە ئالدىم. بۇنىڭدا ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ كەچمىشلىرىنى بىلسۇن، بۈگۈننىڭ قەدرىگە يەتسۇن، دېگەننى كۆزدە تۇتتۇم. ئەسىرىم مۇشۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلەرگە ئاز ـ تولا ئىلھام، مەدەت ئاتا قىلالىسا، شۇنداقلا بەدىئىي زوق بېرەلىسە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن.

2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى
ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب جەسۇر يىگىت ......................... 1
ئىككىنچى باب قەسەم ......................... 23
ئۈچىنچى باب خالىق خۇلاگىزا ......................... 40
تۆتىنچى باب ۋاڭ ئوۋغا چىقتى، كەينىدىن غوۋغا چىقتى ... 62
بەشىنچى باب بەگلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش ......................... 87
ئالتىنچى باب قوش توي ......................... 103
يەتتىنچى باب قانداق قىلىش كېرەك ......................... 132
سەككىزىنچى باب چوڭ كۆچۈش ......................... 158
توققۇزىنچى باب تارانچىدا قىشلاش ......................... 177
ئونىنچى باب يېڭى ماكان ......................... 210
ئون بىرىنچى باب ئەنشى بازىرىدا ......................... 232
ئون ئىككىنچى باب شېرىن دۈشمەنلەر ......................... 246
ئون ئۈچىنچى باب ئۈچ مەكتۇپ ......................... 269
ئون تۆتىنچى باب كونا ماكانغا قايتىش ......................... 279
ئون بەشىنچى باب مەڭلىكبەگنىڭ توپىلىڭى ......................... 286
ئون ئالتىنچى باب كېيىنكى ئىشلار ......................... 305
ئاخىرقى سۆز ......................... 311

## بىرىنچى باب

# جەسۇر يىگىت

مىلادىيە 1720 ـ يىلى ئەتىياز چاغلىرى.

قۇتتاغ باغرىدا بىر زامانلاردا ئاجايىپ ئاۋاتلاشقان قوچۇبالىق بۈگۈنكى كۈندە تارىخنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە خارابە ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتماقتا. «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەندەك، ئەينى ۋاقىتتا «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» نىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان ھەيۋەتلىك سېپىللىرى بار بۇ شەھەر بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا ئۆز سەلتەنەتىنى يوقىتىپ، سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. قەدىمىي قوچۇبالىق تاشلاندۇق ھالەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، قوچۇ دىيارى قاراغوجا، ئاستانە دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. قاراغوجا قۇتتاغ باغرىدىكى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە، ئاستانە غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقانىدى.

5 ـ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن «جەننەتنىڭ مېۋىسى» دەپ ئاتالغان جۈجەم ئالدى بىلەن تۇرپان دىيارىنىڭ يارغول، ئايدىڭكۆل، بۈيلۈق، قۇرۇتقا، چاتقال، قاراغوجا، ئاستانە دېگەن يۇرتلىرىدا، يەنى «تاغ ئاستى» دىكى يۇرتلاردا پىشىدۇ. ئون ـ ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن، ئاندىن مۇرتۇق ـ سىڭگىم، قارايۈزى، جىغانغولدىن ئىبارەت «تاغ ئۈستى» دىكى يۇرتلاردا پىشىدۇ. بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپ بالىلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، موللا ـ ئاخۇنلارنىڭ ھەممىسىلا ئارام ئالغانىدى. شۇ سەۋەبلىك،

قاراغوجىنىڭ كوچا ـ كويلىرىدا، هويلا ـ ئارانلىرىدا ئادەملەر كۆزگە كۆپرەك چېلىقاتتى. كۆجۈم مەھەللىدىكى قويۇق دەرەخلىكلەردە كاككۇكلار دەممۇدەم سايراشسا، پەقەت جۇجەم پىشقاندىلا ئۆلكە يەرلەرگە كېلىدىغان قىزىل باشلىق تاغ قۇشقاچلىرى جۇجەم دەرەخلىرىدە چۇرۇقلىشاتتى؛ قارلىغاچلار پېشايۋان، لەمپە ئاستىلىرىغا سالغان ئۇۋىلىرىغا ئالدىراش هالدا كىرىپ ـ چىقىشسا، ئاق قۇشقاچلار تۇنجى ئۇچۇرما بولغان باللىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كۆكتاتلىق ۋە ئېرىق بويلىرىدا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ئىزدىشىپ، دىكىلدىشاتتى، ئانا قۇشقاچ بىرەر تال قۇرتنى تېپىشىغىلا تۆت ـ بەش بالا قۇشقاچ قاناتلىرىنى دىرىلدىتىپ، سېرىق جاۋغايلىق ئاغزىنى چوڭ ئېچىشىپ ئانىسىغا تەلمۈرۈشەتتى؛ ئۇن نەچچىدىن چۇجىلىرىنى ئەگەشتۇرگەن مېكىيانلارمۇ تام تۇۋىلىرىدىن، ئوت ـ چۆپلۇكلەردىن قۇرت ـ قۇمۇرتقىلارنى تېپىپ رۇكۇلداپ، چۇجىلىرىنى چاقىرىشاتتى. مەھەللىدىكى باللاردىن بەزىلىرى كۆملاچ لاي بىلەن ياسالغان تام تۆپىلىرىگە چىقىپ جۇجەم نوتىلىرىنى ئېگىپ جۇجەم يېيىشمەكتە، بەزىلىرى يېڭى ئۇچۇرما بولغان قۇشقاچ باللىرىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇتىغا يىپ چىگىۋېلىپ ئۇچۇرۇپ ئويناشماقتا ئىدى...

چۈشكە يېقىن ياڭتۇر مەھەللىسىنىڭ كوچىسىدا ئۇنچە چېرىك پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىككى ئاتلىق بېشىغا قىزىل چۇچىلىق قالپاق كىيگەن، يانلىرىغا قىلىچ ئاسقانىدى. ئارقىدا يەتتە ـ سەككىز چېرىك پىيادە كېلىۋاتاتتى. پىيادە چېرىكلەر بېشىغا مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قالپىقىنى كىيگەن، ئۇچىسىغا كۆك رەڭدە بويالغان ماتادىن چاپان ـ ئىشتان كىيىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پۆپۈكلۈك نەيزە، يېنىدا غىلاپلىق ئەگرى قىلىچى بار ئىدى. بۇ چېرىكلەرنىڭ يۈزى ئىسسىقتا ئېسىلىپ ـ كۆپچۈپ، كۆزلىرى قىسىلغان، چېكە، بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ توپا ـ چاڭ باسقان

تۇرقىدىن، ھارغىن چىرايىدىن خېلى ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھوي بالا، نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيى قەيەردە؟! — دەپ سورىدى ئاتلىق چېرىكلەردىن بىرسى كۆمىلاچ تام ئۇستىدە جۇجەم نوتىلىرىنى ئېگىپ جۇجەم يەۋاتقان بىر ئوغۇل بالىدىن. ئۇ بالا لام ـ جىم دېمەي جىم تۇرىۋالدى.

— گاچىمۇ نېمە بۇ شۇمتەك؟ — دېدى ئاتلىق چېرىك تىرىكىپ. ئۇلار يەنە ئون بەش ـ يىگىرمە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئېرىق بويىدا ئويناۋاتقان ئىككى ـ ئۈچ ئوغۇل بالىغا يولۇقتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئېرىقتىكى لايقىلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ يېنىدىكى ھەمراھىنىڭ قولىدىكى قۇشقاچ بالىسىنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلەيتتى. قۇشقاچ بالىسى سۇ ئىچىشنى بىلمەيتتى. سۇ بالىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن سىرغىپ بىردەمدىلا تۆكۈلەتتى. ئۇ ئېرىققا ئېڭىشىپ سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ يەنە تەڭلەيتتى. قۇشقاچ بالىسى يەنىلا ئاغزىنى ئاچمايتتى... ئاتلىق چېرىك بالىلارنىڭ قىلىقىغا سەل قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ھەي بالا! نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

بۇ بالىلارمۇ چېرىكلەرنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە قاراپ تۇرىۋەردى.

— ئاغزىڭلارغا مانتا تىقىۋالدىڭلارمۇ ھارامزادىلەر؟! — ئات ئۇستىدىكى چېرىك راستىلا تىرىكتى، — چوڭ ئادەم گەپ سورىغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىش كېرەك ـ دە! موللىدا ئوقۇمىغان ياۋا بالىلاردىن ئوخشىمامدۇ بۇ لاي سۇ ئىچكەن سارائىلار ؟!

— تىرىكمىسىلە، بېگىم، كىچىك بالا بىلەن تەڭ بولغۇلۇق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھۆكۈمەت ئادەملىرىدىن دېھقان خەقنىڭ باللىرى قورقىدۇ ئەمەسمۇ!؟ — شۇنداق دېگىنىچە يەنە بىر

ئاتلىق چېرىك ئېتىدىن چۈشۈپ، نوختىباغنى ئېگەرنىڭ قوش بېشىغا ئىلىپ قويۇپ، مۇلايىم قىياپەتتە بالىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆچكە ساقاللىق بۇ ۋىجىك ئادەم كىيگەن چېرىك قالپىقى ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تۇرقى كۈلكىلىك ئىدى — ئەمەلدارلىق چاپىنى ۋىجىك بەستىگە چوڭ كېلىپ قالغان، خۇددى ئاكىسىنىڭ چاپىنىنى كىيىۋالغاندەك، قالپىقى بەئەينى بالىلار ئوينىشىپ بېشىغا كىچىك تەگنىنى كىيىۋالغاندەك ئىدى.

— نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ بىزگە كۆرسىتىپ قويۇشقان بولسىلا يىگىتلەر؟ — ئۆچكە ساقاللىق ۋىجىك بوۋاينىڭ مۇلايىم گەپ - سۆزىدىن بالىلار ئۇيالدى بولغاي، ئارىدىن تۇرگۇنرەك بىرسى بىگىز قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى ئىما قىلدى - دە، يۈگۈرۈشكىنىچە بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— مانا دېمىدىمۇ، ھوشۇر قارىم، بۇ ئەدەپسىزلەرنىڭ ھەممىسىلا گاچا بىر نېمىلەر دەپ ! — ئات ئۈستىدىكى ئېگىز بويلۇق چېرىك تەنە قىلدى. بۇ ئادەم لۈكچۈن ۋاڭى ئەھمەد باھادىر ۋاڭ ① ئوردىسىدىكى پاششاپبەگ نۇجۇۋۇل ئىدى.

— تېرىكمىسىلە بېگىم، بۇ يۇرتنىڭ لاي سۇ ئىچكەن ئادەملىرى بىلەن قوپال مۇئامىلىدە بولسىلا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىلا، ئالدىمىزدا بىرەر چوڭ ئادەم ئۇچرىشىپ قالار ! — دېدى ھوشۇر قارىم دېگىنى سەۋرچانلىق بىلەن.

ئۇلار كۆجۈم مەھەللىنى ئارىلاپ يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر سەللە - پەرىجىلىك ئادەم ئۇچرىدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۇ كىشى چېرىكلەرنى نىياز ئاخۇنۇمنىڭ چوڭ دەرۋازىلىق ھويلىسىغا باشلاپ ئەكېلىپ قويدى.

نىياز ئاخۇنۇم تۇرپاندا خېلى نامى بار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ

---

① ئەھمەد باھادىر ۋاڭ — يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «كېپېشبەگ» دەپ ئاتىشاتتى.

ئاتىسى مىرسوپىمۇ مەھەللىنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلىدىغان زات ئىدى. ئۇلارنىڭ ھويلىسىمۇ مەھەللە بويىچە ئالاھىدىرەك بولۇپ، تاملىرى ئېگىز، كۆرە① ئىدى. نىياز ئاخۇنۇم يۇرتىنىڭ ئاخۇنلىقىنى قىلغاندىن باشقا، ئەلپەتتا غوجام② نىڭ ساھىبتەگبىرى — شەيخى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك مەھەللە - كوي توگۇل، يۇرت ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك، تۇڭ - پىششىقنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بۇ ئادەمنى تونۇيتتى.

— ھارمىغايلا، بەگلىرىم، ھارمىغايلا! قېنى ھەممىلىرى ھويلىغا مەرھەمەت قىلىشسىلا، ھاۋا ئىسسىق، چېرىكلەرمۇ ھويلىغا كىرىپ سالقىنلىسۇن! — دېدى ئەللىك ياشلارنىڭ چامىسىنى ئالغان نىياز ئاخۇنۇم چېرىكلەرنىڭ باشلىقى نۇجۇۋۇلبەگ ۋە ھوشۇر قارىم بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ. نىياز ئاخۇنۇم ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى چوڭ، قاڭشارلىق، چاچ - ساقاللىرى چارلاشقان مۇلايىم چىراي ئادەم ئىدى.

— كايىمىسىلا ئاخۇنۇم، چېرىكلەر دەرۋازا ئالدىدىكى چوڭ جۇجەمنىڭ تۈۋىدە ئارام ئالسىلا بولىدۇ. ئىشىمىز سەل ئالدىراشراق ئىدى، — دېدى نۇجۇۋۇلبەگ دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىۋېتىپ.

— ھەرقانچە ئالدىراش بولسىلىمۇ جۈمە نامىزىنى قازا قىلمايدىغانلا، بېگىم؟

— ئۇغۇ شۇنداق، ئاخۇنۇم، ئەمدى ۋاڭنىڭ پەرمانى بىلەن ... — نۇجۇۋۇلبەگ تۇرپان دىيارىغا مەشھۇر بولغان بۇ ئاخۇنۇمنىڭ «جۈمە نامىزىنى قازا قىلمايدىغانلا» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ سەل - پەل دۇدۇقلاپ قالدى.

---

① چوڭ ھويلىلارنى تۇرپاندا ئەينى چاغلاردا «كۆرە» دەپ ئاتىشاتتى.

② ئەلپەتتا غوجام — ئەلپەتتا مازىرى، يەنى ئەبۇل پەتتاھ، ئەسلىي سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئىدىقۇت بۇددىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا شېھىت بولغان.

— «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن چوڭلار، چۈشمۇ بولۇپ قالدى، مۇشۇ يەردە غىزالىنىپ، جۈمە نامىزىنى بىللە ئوقۇپ، ئاندىن ھۆكۈمەت ئىشىنى بىجىرگەيلا ! — نىياز ئاخۇنۇم نۇجىۋۇلبەگكە گەپ قىلىش ئىمكانىيىتىنى قالدۇرمىدى. ئۇلارنىڭ نىمە مەقسەتتە كېلىدىغانلىقىنى نىياز ئاخۇنۇم بۈگۈن بامداتتىن يانغاندىلا لۈكچۈندىن ئەھمەد ۋاڭنىڭ توقلى چىنىخان ئەۋەتكەن ئادەمدىن ئۇققانىدى. بۇ چېرىكلەر نىياز ئاخۇنۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىن سوپىنى تۇتقىلى كەلگەنىدى.

— سىلىنى مالال قىلساق قانداق بولىدۇ، ئاخۇنۇم؟ — دېدى نۇجىۋۇلبەگ تەۋەززۇ بىلەن. شۇ زامانلاردا ھۆكۈمەتنىڭ بەگ - ئەمەلدارلىرىمۇ چوڭراق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشتىن، گېپىنى ئاسانلىقچە يىرىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

— يوقسۇ، بەگلىرىم، ۋاڭنىڭ بەگلىرىنى بۇ يەرلەرگە چىللاپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان تۇرسا، ئالدىمىزغا كەلگەندە بولسىمۇ خىزمەتلىرىنى قىلىۋالمىساق بولامدۇ؟ — نىياز ئاخۇنۇم سىپايە گەپ بىلەن نۇجىۋۇلبەگنى ئېغىز ئاچۇرماسلىقتا، ئىمكان بار ئۇلارنى ھايال قىلىپ، لۈكچۈنگە — ۋاڭ ئوردىسىغا كەچكە تارتىپ قايتىدىغان قىلىشقا باھانە - سەۋەب ئىزدەۋاتاتتى.

نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئويىچە، ئەھمەد ۋاڭنىڭ پاششاپلىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئىمىن سوپىنى تۇتماي قويمايتتى. چۈنكى، ئەھمەد ۋاڭ ئۆز تەختىگە خەۋپى بار دەپ گۇمان قىلغان، ئەل - يۇرت ئىچىدە ئىناۋەت - ئابرۇيى بار ياشلاردىن مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يەتتە يۈزدىن ئوشۇق ئادەمنى تۇتۇپ قامىغانىدى. ئىمىن سوپىمۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، تۇرپان دىيارىدا سوپىزمنىڭ «جەۋھىرى سۇلۇك» ئەقىدىسىنى تارقىتىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبلىك، يېقىن ئەتراپلاردا ئىمىن سوپىنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى كۈنسېرى ئېشىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلار — قول بېرىدىغان مۇرىتلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ۋاڭنىڭ ئەتراپىدىكى بەگ -

دورغىلار ئىمىن سوپىنى تۇتۇشنى ئەھمەد ۋاڭغا ئاللىقاچان ئېيتقاندى. بىراق، ئەھمەد ۋاڭ نىياز ئاخۇنۇمنىڭ يۇرت ئىچىدىكى تەسىرىنى ئويلاپ، بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرغان. لېكىن، «قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن موزاي چىچماي قويمايدۇ» دېگەندەك، مانا بۈگۈن ئەھمەد ۋاڭ نۇجۇۋۇلبەگ بىلەن ھوشۇر قارىنى باش قىلىپ بىرقانچە چېرىك بىلەن قاراغوجا ـ ئاستانىگە ئىمىن سوپىنى «چىرايلىقچە» ئوردىغا ئەكېلىشكە ئەۋەتكەندى.

— ھاي باللار ! قايسىڭ بار !؟ قېنى بۇياققا چىقىڭلار ! بەگلىرىمگە پاقلان سويۇڭلار ! — دەپ توۋلىدى نىياز ئاخۇنۇم. ئۇنىڭ ئويىچە، جۇمە نامىزىغىچە بۇ چېرىكلەرنى مېھمان قىلىپ تۇتۇپ تۇرماقچىدى. ھەر ھالدا « يېگەن ئېغىز ئۇيىلىپتۇ» دېگەندەك، بەگ ھەم چېرىكلەرنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى ياغلانسا، ئوغلى ئىمىن سوپىنى ۋاڭنىڭ بۇ ئادەملىرى ئوردىغا ئاپارغۇچە ئانچە قىيناپمۇ كەتمەس.

— لەببەي، ئاخۇنۇم، مانا مەن تەييار ! — دېدى ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرسى، — نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟

— بەگلەرگە پاقلان سويۇپ گۆش سېلىڭلار، دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپىغا گىلەم، كۆرپىلەرنى راسلاپ چېرىكلەرگە ئۇسسۇلۇق قويۇڭلار !

شاگىرتلار ئاخۇنۇمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

— بىز باشپاناھىمىز ئەھمەد ۋاڭنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سىلىنىڭ چوڭ ئوغۇللىرى ئىمىن سوپىنى ئوردىغا چىللاپ كەلدۇق. ئىمىن سوپى ناھايىتى ئېتىقادلىق ئىكەن دېگەن گەپنى ۋاڭ ئاڭلاپتىكەن، ئوغۇللىرى ئىمىن سوپىنى ۋاڭ ئۆز يېنىدا بىرەر مۇھىم ئىشقا قويسا كېرەك، — دېدى نۇجۇۋۇلبەگ داستىخاندىكى مەزەلەرگە قول ئۇزارتقاچ.

— ئاخۇنۇمنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چىقىۋاتقان تالىپ

ئىلىملەر شۇنچە ئىقتىدارلىق بولۇۋاتقان يەردە، ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلى ئەلۋەتتە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكۈسىدۇر، — دېدى هوشۇر قارىمۇ گەپ قىستۇرۇپ.

— ئوغۇل بالىنى ئەلنىڭ ئىشى ئۈچۈن تەربىيەلەپ چوڭ قىلىدىغان گەپ. ئەگەر ئوغلۇم ئىمىن سوپى ۋاڭنىڭ نەزىرىگە مەقبۇل بولغان بولسا، بۇ بىزنىڭ شان ـ شەرىپىمىز. ئوغلىمىز ۋاڭغا تەسەددۇق. خاتىرجەم بولۇشسىلا، ئىمىن سوپى هازىر ئۆيدە ئېتىكاپتا، جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئالدىلىرىغا سېلىپ بېرەي، ئاپىرىپ ۋاڭغا ئۇدۇل قىلىشسىلا!

نىياز ئاخۇنۇمنىڭ گېپى نۇجۇۋۇلبەگ بىلەن هوشۇر قارىمنى خاتىرجەم قىلدى.

كۆز باغلانغان چاغ، نۇجۇۋۇلبەگ بىلەن هوشۇر قارىم تورۇق ئاتقا مىنگەن ئىمىن سوپىنى لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. لۈكچۈن ئوردىسى مىلادىيە 1495 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا قەدىمىي زاماندا هۇنلار قاراۋۇلخانا قىلغان تۇرا بار ئىدى. لۈكچۈن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قىلىنغاندا، تۇزۇكرەك ئوردا شەھىرىمۇ يوق ئىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا چاغاتاينىڭ ئوغلى مامۇكەي، ئۇنىڭ ئوغلى يېسۇ قاراخان، ئۇنىڭ ئوغلى بۇراقخان، ئۇنىڭ ئوغلى دۇۋاخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېسەن بۇقاخان، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخان (مۇشۇ كىشىدىن باشلاپ موغۇل قوۋملىرى مۇسۇلمان بولۇشقا يۈزلەنگەن)، ئۇنىڭ ئوغلى خىزىر خوجىخان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئەلىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخان، ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان ۋە ئەھمەدخانلار خان بولغانىدى. مانا مۇشۇ ئەھمەدخان دەۋرىدە قايتا بېزەلگەن خان ئوردىسى شەرقىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئالاهىدە بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، هەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئىمىن سوپى مىنىپ كەلگەن تورۇق ئېتنى بىرىنچى قوۋۇق — قارا قوۋۇقتىن كىرگەندىن كېيىن توغرىسىغا

سىلىنغان تۇسۇق تامنىڭ ئىچى تەرپىدىكى ئات، مەپە قويۇلىدىغان ئورۇندىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، نۇجۇۋۇلبەگ بىلەن ھوشۇر قارىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. ئىمىن سوپى ۋاڭ ئوردىسىغا تۇنجى قېتىم كىرگەچكە، بىر مېڭىپ، بىر توختاپ دېگۈدەك ئىلگىرىلەپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى، مەپە قويىدىغان مەيداندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قوۋۇق بار ئىدى. ئىككىنچى قوۋۇق چوڭ قاناتلىق قوش قوۋۇق ئىدى. ئىشىكتىن كىرگەندىلا دىۋانبېگى خانىسىغا ئۇدۇل كېلەتتى. تار كارىدور، ئىككى تەرىپى شىپاڭلىق ئۆيلەردىن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى ئىشىككە كېلەتتى. ئۈچىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە ئوردىنى ساقلايدىغان قاراۋۇللارنىڭ تۇرالغۇسى بار ئىدى. بۇ يەردە شىمالغا سوزۇلغان چوڭ لەمپە، لەمپە ئاستىدا خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ ئىچىگە سېغىز تۇپا تولدۇرۇپ ياسالغان جازا مەيدانى بار ئىدى. جازا مەيداندىن ئۆتكەندىن كېيىن شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تار كېمىر بار ئىدى، بۇ قاراڭغۇلۇق دەپ ئاتىلاتتى. قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن قىرىق بىر پەلەمپەيلىك تاش پەشتاق ئالدىغا كېلەتتى. ھوشۇر قارىم شۇ يەرگىچە ئوردا قۇرۇلۇشىنى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئىمىن سوپىغا تونۇشتۇرۇپ، تاش پەشتاق ئالدىدا توختاپ:

— نۇجۇۋۇل بېگىم، ئىمىن سوپىنى ئەمدى يەتتىنچى ئىشىككىچە ئۆزلىرى ئېلىپ بارسىلا، مەن پەلەمپەيدىن چىقالمايدىغان ئوخشايمەن! — دېدى.

— بوپتۇ، قارىم، قايتىپ بېرىپ ئارام ئالسىلا، ئىمىن سوپىنى ۋاڭغا ئۆزۈم ئۇدۇل قىلاي! — دېدى نۇجۇۋۇلبەگ ھوشۇر قارىمنىڭ ۋىجىك تۇرقىغا قاراپ.

ھوشۇر قارىم ئاتمىش ياشتىن ئاشقان، تېنى ئاجىز كىشى ئىدى. ئۇ قىرائەتنى ئاجايىپ مۇڭلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەم سورۇندا تىمتاس ئولتۇراتتى. ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا قىرائەتنى

باشقا ئادەم قىلمايتتى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ياۋاش قارىم ئوردىدىن ئازغىنا تەمىنات ئالىدىغان خادىم ھېسابىدا ئىدى. قاراغوجا ـ ئاستانىگە بېرىپ ـ كېلىش ئۇنى چارچىتىپ قويغانىدى. ئۇ تاش پەلەمپەي تۈۋىدە خوشلىشىپ ياندى.

ئەمدى ئىمىن سوپى ئەتراپقا ئۆزى سىنچىلاپ قاراپ ماڭغاچ قىرىق بىر تاش پەلەمپەيگە قەدەم باستى. ئون بەش مېتىرچە ئۆرلىگەندىن كېيىن ئۇلار ئاسما كۆۋرۈككە تۇغرا كەلدى. بۇ كۆۋرۈك كۇندۇزى چۇشۇرۇلۇپ كەچتە تارتىۋېلىناتتى. مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىلا ئاندىن ئېگىز ئوردا ئىچىگە كىرگىلى بولاتتى. ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بەشىنچى ئىشىككە يەتكىلى بولاتتى. بەشىنچى ئىشىك قوش قوۋۇق ئىدى. قوش قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى دۇگىلەك پەنجىرە، پەنجىرە ئالدىدا ئىككى تەرەپتە ئىككىدىن تۆت قاراۋۇل ئايپالتىنى تۇتۇپ تىك تۇرۇشاتتى.

ئالتىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە نەقىشلىك تۇۋرۇك بىلەن تۇرغۇزۇلغان چوڭ لەمپە، لەمپىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىدە بەزىسى بىر قەۋەت، بەزىسى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر بار ئىدى. پەقەت يەتتىنچى ئىشىكتىن كىرگەندىلا ئاندىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جانابىي ۋاڭ ئالىيلىرى، ئىمىن سوپى ھۇزۇرلىرىغا كەلتۇرۇلدى، — دېدى نۇجۇۋۇلبەگ. ئىمىن سوپىمۇ ۋاڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى.

— خىزمەتلىرى تېگىل بولدى، ئەمدى سىلى چىقىپ ئارام ئالسىلا، — دېدى ئەھمەد باھادىر ۋاڭ نۇجۇۋۇلبەگكە قاراپ.

نۇجۇۋۇلبەگ ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىدا ئىمىن سوپىنى قالدۇرۇپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەھمەد باھادىر ۋاڭ ئابدۇللا ئەھمەد ھاجى خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ئەھمەد باھادىر خاننىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەھمەتباقى بولۇپ، ئۇ خان بولغاندا جوڭغارلار شەرقىي شىنجاڭ رايونىغا بىر

قانچە قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغان. جوڭغارلار بىلەن ئۇرۇشۇشتا ئەھمەتباقى خان غەلىبىمۇ قىلغان. ئۇنىڭ يېنىدىكى خۇشامەتچى بەگلەر ئۇنى «باھادىر خان» دەپ ئاتاشقانىدى. بىراق، خەلق ئىچىدە بۇ خان «كېپىشبەگ» دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى.

ئەھمەد باھادىر ۋاڭ خاس خانىسىدا ئامراق توقىلى چىنىخان بىلەن بىللە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئۆيئىچى ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، تۆرىدە يوغان دۈگىلەك پەنجىرە بولۇپ، يىپەر ئېچىۋېتىلگەن. ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ ئوچۇق بولۇپ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. يازنىڭ راسا ئىسسىق كۈنلىرى كەلگۈچە ئەھمەد باھادىر خان مۇشۇ خانىسىدا ئارام ئالاتتى.

— ئىسمىڭ نېمە، يىگىت؟ — دەپ سورىدى ئەھمەد ۋاڭ ئىمىن سوپىغا تىكىلىپ قاراپ.

— ئىسمىم ئىمىن، كىشىلەر مېنى ئىمىن سوپى دېيىشىدۇ.

— ئاتاڭ كىم؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئاتام تۇرپاننىڭ ئاخۇنى، ئىسمى نىيازئاخۇن.

— ئۆيۈڭلەر قەيەردە؟

— ئۆيىمىز ياڭتۇردا①.

— بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىردىم.

— ئۆيلەندىڭمۇ؟

— ئۆيلەنگەن.

— بالاڭ بارمۇ؟

— ئىككى ئوغلۇم بار.

ئەھمەد ۋاڭ ھەربىر سوئالنى ئالدىرىماي سورايتتى. ئۇ ھەربىر سوئالنى سورىغاندا ئىمىن سوپىغا سىنچىلاپ قارايتتى. ئىمىن سوپى قارا قاش، قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ، ئىنچىكە بۇرۇت قويغان، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن، ئاق سەگەزدىن

① ياڭتۇر — يېڭى تۇر. قوچۇ قەدىمىي شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر مەھەللە.

ئىشتان، كۆكلەك كىيىپ، بىلىگە ھاۋا رەڭ ماتا پوتا باغلىغان، پوتىسىغا مىسۋاك، قەلەمتىراش ئاسقان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، قوللىرى يوغان، بىلىكى توم، بەردەم يىگىت ئىدى.

— كىشىلەر سىنى نىمىشقا ئىمىن سوپى دەپ ئاتىشىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەھمەد ۋاڭ. ئىمىن سوپى ۋاڭنىڭ مۇنچە تەپسىلىي سوئال سورايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ پەمچە، چېرىكلەر ئۇنى ئوردىغا ئاپىرىپ ئۇدۇللا زىندانغا قامايتتى. چېرىكلەرنىڭ يۇرت ـ يۇرتلاردىن تۇتۇپ ئاپارغان ئادەملەرنى شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇ ئاڭلىغان. بىراق، بۈگۈن ئىش باشقىچە. «ۋاڭنىڭ ئوي ـ خىيالى نىمىدۇ؟ مەيلى، نىمە بولسا شۇ بولار. ئاۋۋال سورىغان سوئالىغا جاۋاب بىرىپ تۇراي، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەرمەن.»

— مەن ئاتامنىڭ يولىنى تۇتۇپ تەسەۋۋۇپنىڭ ئەقىدىلىرىنى، يەنى سوپىزمنى تاراتقانىدىم. شۇڭا، كىشىلەر مىنى ئىمىن سوپى دەپ ئاتاشتى، — ئىمىن سوپى گەپنى ئۇدۇللا قىلدى. ئۇ ئەمدى ئەھمەد ۋاڭنىڭ تەق ـ تۇرقىغا، ئۇنىڭ چىرايىغا تورگۇنلۇك بىلەن سىنچىلاپ قارىدى. ئەھمەد باھادىر ۋاڭ ئىگىز بويلۇق، ئاق سىرىق كەلگەن، خام سىمىز، قىسىق كۆز، پاناق بۇرۇن، چارلاشقان ساقاللىرى شالاڭ، بەڭ چېكىپ، شاراب ئىچىپ تولا كەيپ قىلغانلىقتىن چىرايى خۇنۇكلەشكەن، يىشى ئەللىك بەشلەر ئەتراپىدىكى ئادەم ئىدى.

— سوپىزمنى تاراتقان بولساڭ مۇرىتلىرىڭ خىلى كۆپتۇر ـ ھە؟!

ۋاڭنىڭ بۇ گىپىنىڭ تىگىدە گەپ بارلىقىنى پەملىگەن ئىمىن سوپى دەرھال ھوشيارلىشىپ ۋاڭغا تىكىلىپ قارىدى. ۋاڭ بۇ چاغدا چىنىدىكى چايغا قول ئۇزارتقانىدى. شۇ دەقىقىدە ئىمىن سوپىنىڭ كۆزى ۋاڭنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان چىنىخاننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. چىنىخان شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن ئىمىن



سوپىغا «سىنى ئۆلتۈرمەكچى» دېگەن ئىشارەتنى قىلىپ ئۈلگۈردى، ئىمىن سوپى شۇئان مۇشۇكنى كۆرگەن قۇشقاچتەك سەگەكلەشتى. ئۇ چاندۇرمىغان هالدا:

— قول بەرگەن سوپىلار تېخى ئوتتۇزدىن ئاشمىدى، — دېدى.

— هىم، — ۋاڭ چايدىن بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلىغاچ ئەمدىكى سورىماقچى بولغان سوئالغا ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا، ئىمىن سوپى:

— ۋاڭ جانابلىرى، مەن مىنىپ كەلگەن ئات بەكمۇ شەپشەك ئات ئىدى. يېنىغا مېنىڭدىن باشقا ئادەمنى يولاتمايتتى. مەن ئۆزۈم چىقىپ ئۇنى ئاتخانىغا ئەكىرىۋېتەي، ئات باقارلارنى تېپىپ - چىشلەپ قويمىسۇن، — دېدى.

ئەهمەد ۋاڭ بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن:

— بوپتۇ، شۇنداق قىل، — دېدى. بۇ چاغدا ئەتراپقا گۇگۇم چۈشكەن بولۇپ، ئوردا قوۋۇقى تاقىلىدىغان مەزگىلمۇ بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ۋاڭ ئىمىن سوپىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەستىن، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئويىچە ئۆزىنىڭ ئىمىن سوپىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى هازىرچە ئۇنىڭغا چاندۇرۇپ قويماسلىق، ئۇنىڭدا شۇبهە پەيدا قىلماسلىق لازىم ئىدى. ئەهمەد ۋاڭنىڭ خىيالىدا ئىمىن سوپىنى ئۇن - تىنسىز «قىيىنى چىقارماي» ئۆلتۈرمەكچىدى. چۈنكى، بۇ ئاخۇننىڭ ئوغلىنىڭ قەستلەنگىنى دەماللىققا بىلىنىپ قالسا، يۇرت ئىچىدە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بولۇپمۇ قاراغوجا - ئاستانىنىڭ ئادەملىرىدىن ئېهتىيات قىلمىسا بولمايتتى.

ئىمىن سوپى ۋاڭنىڭ هوزۇرىدىن چىقىپ خۇددى قەپەستىن چىققان قۇشتەك ئۆزىنى بىر دەقىقە يەڭگىل هېس قىلىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئەمما، شۇئان چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىدىن: چوڭ قوۋۇقتىن چىقىپ كېتەلەيمەنمۇ؟ دېگەن

خىيالنى ئۆتكۈزدى ـ دە، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ ئابايا ئالتىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە ئوردىنىڭ كەينى تەرىپىگە چۈشكىلى بولىدىغان بىر پەنجىرە ئورنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ يەردىن غۇر ـ غۇر شامال ئۆتۈشۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىغانىدى. ئىمىن سوپى ئىككىلىنىپ تۇرمايلا شۇ پەنجىرە ئورنىغا قاراپ ماڭدى. دېگەندەك، شۇ پەنجىرە ئورنىدىن ئوردىنىڭ كەينىدىكى باغقا سەكرەپ چۈشكىلى بولاتتى. ئىمىن سوپى شۇ يەردىن باغقا سەكرىدى...

* * *

«چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ» دەپ راست ئېيتقانىكەن كىشىلەر، ئەھمەد باھادىر ۋاڭ پاشاپلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىمىن سوپىنى خېلى ئىزدەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئوردىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە، ئوردا بېغىنىڭ ئىچى ـ تېشىغىچە، ھەتتا ئون ـ ئون بەش چاقىرىم ئەتراپىقىچە ئىزدەشتۈرگەن چېرىكلەر ئىمىن سوپىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى تېپىش تۇگۇل، ئۇنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمىدى. ئىمىن سوپى باغقا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتۇرۇپ بېقىپ ئاخىر ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دەرەخكە ياماشتى. ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى شوخلۇقىنىڭ، ئۆگزىدىن ـ ئۆگزىگە، دەرەختىن ـ دەرەخكە ئۆتۈپ ئوينىغانلىرىنىڭ پايدىسىنى مانا ئەمدى يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ يوغان بىر ئەر بولغاندا كۆردى. ئۇ ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ بىر ئاچىماق شاخقا مىنىگىشىپ ئولتۇرۇۋالدى، چېرىك ھەم پاشاپلار باغنى ئالا قويماي ئىزدەشتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە قاراپ بېقىش ئۇلارنىڭ ئەسلا يادىغا كەلمىگەنىدى.

يېرىم كېچە، ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمدى. باغ تېمىنىڭ يوچۇقلىرىدىكى قارا چېكەتكىلەر تىنىماي چىرىلدىشاتتى. يىراقتىن ھۇۋقۇشنىڭ ئاۋازى ئۇزۇك - ئۇزۇك ئاڭلىناتتى. كۆلچەك ۋە سازلىقلاردا پاقىلار بىر - بىرىگە جور بولۇشۇپ كۇركىراشماقتا. ئىمىن سوپىنىڭ قورسىقىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ كۇركىراشقا باشلىدى. ئۇ چۈشتە ئۆز ئۆيىدە يېگەن غىزا بىلەن ئىدى. ئۇ ئۆرۈك غورىلىرىنى ئاستا ئۈزۈپ چامىچىسىغا ئېرتىۋېتىپ ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭ ئاغزىدا سېرىق سۇ پەيدا بولدى. ئۇ ئۆرۈك غورىسىدىن بىرنى، ئىككىنى، ئۈچنى كەينى - كەينىدىن ئاغزىغا سېلىپ چاينىدى، غورىنى چىشى قامىغۇچە چاينىۋالدى، قورسىقى كۇركىراشتىن توختىدى. ئۇ ئۆرۈك ئۈستىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ، باغ تېمىنى ياقىلاپ تىمىسقىلاپ ماڭدى. باغنىڭ تېمى ئېگىز بولۇپ، ئۈستىگە ئادەمنىڭ قولى يەتمەيتتى. ئىمىن سوپى يەنە بىر ھازا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئاخىر باغنىڭ سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچىنى تاپتى. سۇڭگۈچ يۇلغۇن تاياقلىرى بىلەن توسۇلغان بولۇپ، سىرتتىن ياۋا توشقانلارنىڭ باغ ئىچىگە كىرىپ مېۋە كۆچەتلىرىنى غاجىۋېتىشىدىن مۇداپىئە قىلىنغانىدى. ئىمىن سوپى ئېرىق ئىچىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ ئىككى پۇتىنىڭ تاپىنى بىلەن كۈچەپ بىرلا تېپىپ يۇلغۇن شادىلىرىنى قومۇرۇۋەتتى. ئۇ ئەتراپقا قۇلاق سىڭتايتىپ بىقىۋىدى، ھېچبىر تىۋىش - شەپە ئاڭلانمىدى. ئۇ يۇلغۇن شادىلىرىنى بىر - بىرلەپ قومۇرۇپ ئېلىپ سۇڭگۈچتىن سىرتقا ئۆمىلەپ چىقىۋالدى. ئۇ ئېرىق ئىچىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى، ئەتراپتىن قارا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى بىلەن پاقىلارنىڭ كۇركىرىشىدىن باشقا بىرەر شەپە - تىۋىش سېزىلمىگەندىن كېيىن، ئىمىن سوپى ئېرىق ئىچىدە يېرىم پۈكۈلۈپ دېگۈدەك ئېھتىيات بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بەزىدە ئېرىقنىڭ ئۇ يېقىدىن - بۇ يېقىغا ئۈچ تارتىپ چىرماشقان چىڭگىلىكلەرنىڭ

بولۇق پىلەزلىرىگە يۆتىلىشىپ يىقىلىپمۇ چۈشەتتى. ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ يەنە ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ شۇ تەرزدە مېڭىپ ئوردىدىن بارا - بارا يىراقلاشتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ چەترەك جايدىكى بىر پارچە قوناقلىقىقا يەتتى. قوناقلار بەلدىن ئاشاتتى. ئۇ قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، بىر قىرغا بېشىنى قويۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا كۆز تىككىنىچە ئارام ئالدى.

ئېگىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. كېچە ئاسمىنى شۇنچە تىنىق، شۇنچە سۈزۈك بولۇپ، يىراق - يېقىندا جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى سانىۋالغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. تۇساتتىن بىر يۇلتۇز ساداقتىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك، كەينىدە بىر تال ئاق يىپتەك ئىز قالدۇرغىنىچە ئاسمان بوشلۇقىدىن يەرگە شۇڭغۇپ، كۆزدىن يوقالدى. «توۋا !» دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئىمىن سوپى، «ئەگەر چىنىخان ۋاقتىدا بەلگە - بېشارەت بەرمىگەن بولسا، بەلكىم ئىمىن سوپىمۇ ئاشۇ كۆچكەن يۇلتۇزدەك، ھاياتلىق ئالىمىدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلغان بولاتتى - ھە !؟ بۇ ۋاڭ - بەگلەر نېمىدېگەن قارا كۆڭۈل كېلىدىغاندۇر؟! نېمىشقا يۇرت ئىچىدە ئەمدىلا باش كۆتۈرگەننى، كۆزگە كۆرۈنگەننى، تۆت ئادەم ئىچىدە يۈز - ئابرۇي تاپقاننى قومۇشنى ئورۇغاندەك يىغىشتۇرۇۋېتىدىغاندۇ؟ ھەر ھالدا شۈكۈر، نېمىلا دېگەنبىلەن چىنىخان تۇغقاندارچىلىقنى، ھەمساۋاقلىقنى، بىر مەھەللىلىكنى يەتكۈزدى. مۇشۇنداق ۋاپادار قىز زامانىنىڭ زورىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى دېسە؟...» ئىمىن سوپىنىڭ خىيالىدىن ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى — چىنىخان بىلەن ھەمساۋاق بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرى كېچىشكە باشلىدى...

ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن قول بوشىغان مەزگىل، نىياز ئاخۇنۇمغا شىرەم تۇغقان كېلىدىغان سېلىم دېگەن كىشى توققۇز ياشقا كىرگەن بىردىنبىر بالىسى — قىزى چىنىخاننى نىياز ئاخۇنۇمغا ئۇچىنچى قېتىم ئېلىپ كىرىپ ھال ئېيتقاندى،

نىياز ئاخۇنۇم ناھايىتى تەستە ئۇ قىزنى ئوقۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە، ئاخۇنۇملار قىز بالىلارنى ئاسانلىقچە ئوقۇتمايتتى. نىھايەت، نىياز ئاخۇنۇم چىنىخاننى ئوقۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى ـ يۇ، ئۇنى ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلى ئىمىننىڭ كەينىگە ياندىشتۇرۇپ قويدى. شۇ مەزگىلدە ئىمىن ھەپتىيەكتىن چىقىپ كافىيە، بىدان، مەۋزىلەرنى تۈگىتىپ، ئوتتۇز پارە قۇرئاننى يادلاشقا چۈشكەنىدى. چىنىخان بۆزدىن كۆڭلەك ـ تامبال كىيگەن، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈمە قىلىپ، كىچىك گۈللۈك بۆك كىيگەن، ئاق يۈزلۈك، قوشۇما قاشلىق، قوي كۆزلۈك، يۈزىدە زىنىخى بار، ئوماققىنا بىر قىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ئىمىن ئاكىسىغا يېقىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىمىن ئاكىسى ئېلىپ، بە، تە، سە... دىن باشلاپ ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئىككى يىل ئىچىدىلا ئوتتۇز پارە قۇرئاننى يادلاشقا چۈشتى... ئارىدىن يەنە ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭغا نىياز ئاخۇنۇم ئوغلى ئىمىن بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزۇپ ساۋاق بېرىشكە باشلىدى.

نىياز ئاخۇنۇم ئاتىسى مىرسوپىنىڭ ئارزۇسىغا بېقىپ، سوپىزمنىڭ سۇلۇكىگە بىر ئادەم بولسىمۇ كۆپەيتمەك بولۇپ، چىنىخانغا تەسەۋۋۇپتىكى مەنىۋى كامىللىققا يېتىش باسقۇچلىرى بولغان شەرىئەت، تەرىقەت، ھەقىقەت باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچتىن تەپسىلىي ئىلىم ئۆگەتتى. شەرىئەت باسقۇچى ـــ زامان ئىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش باسقۇچى ئىدى. تەرىقەت باسقۇچى بولسا نەپسىنى يېڭىش، ئەقلىنى يولباشچى قىلىش، قەلب تىلسىمىنى يېڭىش، ئۆزىنى بىلىش مۇقامىغا يېتىش باسقۇچى ئىدى. ھەقىقەت باسقۇچى بولسا ۋەھدەۋل ۋۇجۇد باسقۇچى دېيىلىپ، ئاخىرقى باسقۇچ ئىدى. بۇ باسقۇچ تەسەۋۋۇپ يولىغا ماڭغان «يولۇچى» نەزىرىنى مىللەت، دىن، ئىمان بىلەن چەكلىنىدىغان تار دائىرىدىن ھالقىتىپ، ئىنسان ئىشقى بىلەن چەكسىزلىككە كېڭىيىدىغان پۈتكۈل

ئىنسانىيەت نۇقتىسىدىن تەپەككۇر قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان باسقۇچ ئىدى. چىنىخان تەسەۋۋۇپنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىنى، باسقۇچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى. ئۇنىڭ سەبىي كۆڭلىگە تەسەۋۋۇپنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرسى بولغان خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى (1314 ـــ 1388) نىڭ: «بۇ زېمىندىكى يەر، سۇ، بايلىقلار جىمى ئىنسانغا تەڭ ئورتاقتۇر» دېگەن كۆزقارىشى ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەمساۋاق ئاكىسى ئىمىن بىلەن مۇشۇ خۇسۇستا ئايرىم ۋاقىتلاردا كۆپرەك بەس ـ مۇنازىرە قىلىشاتتى ۋە ئۆزىنىڭ يېتىم ـ يېسىرلارغا، كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كۆڭلىنى پات ـ پات ئىزھار قىلىپ تۇراتتى. چىنىخاننىڭ زېرەكلىكىگە، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى تۇرگۇنلۇك بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلىقىغا، ئاجىز ـ ناتىۋانلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىمىن ئاكىسى خۇشتار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلارغا قەدەم قويغان چاغلىرىدىكى ئۇزلۇقى، جۇجەم پىشىشقىدا سەھەرلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىچىك سېۋەتتە جۇجەم تېرىپ ئىمىن ئاكىسىغا ئېلىپ كېلىشى، ئاتىسى تېرىغان چىلگە ـ ئويىنغۇچنىڭ باش ـ بۇرنىنى ئاستىرتىن ئۈزۈپ كېلىپ ئىمىن ئاكىسىغا يېگۈزۈشى، ئۆيىدىكى مېكىياننىڭ تۇخۇمىنى يىغىپ، تۆت ـ بەش دانە بولغاندا، ئاپىسى نان ياققان تونۇرنىڭ چوغىغا تۇخۇمنى ھۆل لاتىغا ئوراپ كۆمۈپ پىشۇرۇپ ئەكېلىشلىرى ... بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان ئىمىن ئاكىسىنىڭ يادىدا تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ساقلىنىپ قالغانىدى. نىھايەت، چىنىخاننىڭ دىنىي ئىلىمدە يېتىشكەنلىكى، ئۇنىڭ گۈلدەك رۇخسارىنىڭ تەرىپى ئەھمەد ۋاڭغا يېتىپ، ئۇزاققا قالمايلا بۇ گۈزەل قىز ئوردىغا ئېلىپ كېتىلدى، بىر ـ بىرىگە ئىنتىلگەن قەلبلەر كۆلگە كۆمۈلگەن چوغ پېتى قېلىپ قالدى... ئادەت كۈچى بويىچە، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئىمىننى ئاتىسى تۇغقانلىرىنىڭ ياۋاش بىر قىزىغا ئۆيلەندۈرۈپ قويدى. گەرچە ئۇ

قىزمۇ چىرايلىق ھەم بەش نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان قىز بولسىمۇ، لېكىن ئىمىنىنىڭ يۈرىكىنىڭ قېتىدىكى چىنىخاننىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن دەردلىك قەلبىنى سوپىزمنى تەرغىب قىلىشقا باغلاپ، يۇرت ئىچىدە مۇرىت توپلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ بارا - بارا ئىمىندىن ئىمىن سوپىغا ئۆزگەردى...

باللىقتىكى سۆيگۈ چوغلىرىنىڭ ھامان يالقۇنلايدىغان ۋاقتى كېلىدىكەن، مانا بۇگۈن كەچقۇرۇن چىنىخان ئەنە شۇ باللىقتىكى سۆيگۈ چوغىنىڭ يېلىنجىشى بىلەن ئىمىن سوپىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. باللىقتىكى سۆيگۈنىڭ كۈچىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن...

ئىمىن سوپى شۇ خىيال، ئەسلىمىلەرنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن خېلىلا تاتلىق ئۇخلىدى. تورغاينىڭ چۇ - چۇلىشى بىلەن ئويغانغان ئىمىن سوپى ئورنىدىن تۇردى. تاڭ قاراڭغۇسى تارقىلىپ، سۇبھى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئىمىن سوپى قوناقلىقتىن ئۆتۈپ چوڭ بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا كەلدى، ئېرىقتا سۇ يوق ئىدى، ئۇ تۆۋەن تەرەپكە ئازراق مېڭىۋىدى، بىر گۈم① ئۇچرىدى. گۈمدە توختام سۇ بار ئىدى، ئىمىن سوپى ئامالسىز شۇ سۇدا تەرەت ئېلىپ، تۆۋەن ئاۋازدا ئەزان قىچقىرىپلا ئىككى رەكەت سۈننەت ۋە ئىككى رەكەت پەرز نامازنى ئادا قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قاراشتۇردى. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىق ئىدى، بىر پارچە يەردە كېۋەزلىك بولسا، بىر پارچە يەردە كەندىرلىك، يەنە بىر پارچە يەردە قوناقلىق بولسا، بىر پارچە يەردە بۇغدايلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇ قىرمۇقىر ئۆتۈپ، ئاخىر بۇغدايلىققا بېرىپ يەتتى. بۇ مەزگىلدە كېۋەزلەر بىرىنچى ئوتاشتىن چىققان، بۇغداي دانلىرى قېتىشىشقا باشلىغانىدى. ئىمىن سوپى بۇغداي باشىقىدىن ئۈزۈپ ئالىقىنىدا ئۇۋۇلاپ،

① گۈم — يوغان ئېرىقلاردا پەيدا بولىدىغان ئويمان، كۆلچەك.

ئاقۇچ داننى ئايرىپ كاپ ئېتىشكە باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ ئېچىرقىغان نەپسى بېسىقاندەك بولدى. ئۇ يەنە ئازراق ئارىلاپ، ئادەم ۋە جانىۋارلارنىڭ ئىزى چېلىقمىغان بىر قومۇشلۇقنى تېپىپ، شۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردى ـ دە، پۇتىسىغا ئېسىۋالغان غىلابتىن قەلەمتىراشنى ئېلىپ قومۇشتىن بىر نەچچە تۇتام ئورۇپ بېشىغا ئاپتاپتىن دالدا بولغۇدەك قىلىپ سايىۋەن توقۇپ يېنىغا قويۇپ قويدى ۋە ئەتراپقا قۇلاق شىڭتايتقاچ ئولتۇردى.

ئىمىن سوپى دەماللىققا مەھەللىسىگە قايتىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى، ئەھمەد باھادىر ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئىزدەشتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ قورسىقى ئاچسا بۇغداي باشاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ دېنىنى چىقىرىپ يېدى. كەچكىچە قومۇشلۇقتا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغاندا گۈمگە بېرىپ، تەرەت ئېلىپ قازا نامازلىرىنى ئوقۇدى. باشقا گۈملەردىن بۇلغانمىغان سۇلارنى تېپىپ ئىچتى. ئۇ شۇ تەرزدە لۈكچۈن ئوردىسى ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلاردا مۆكۈپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى كېچىسى غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۆيىگە يەتتى.



# ئىككىنچى باب

## قەسەم

ئىمىن سوپى ئوردىغا ئېلىپ كېتىلىپ ئارىدىن ئون كۈنلەر ئۆتكەن بىر ئەتىگەنلىكى خالىق خاسار دېگەن يىگىت نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىغا يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا بوم ئاۋاز بىلەن:

— ئاخۇنۇم، ئىمىن سوپىنى ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر زادى نېمە ئىش بىلەن ئېلىپ كەتتى؟ ! بىرەر ئۇچۇر - سىرتىقى بارمۇ، يوق؟ — دەپ گۈركىرىدى.

— يوق، — دېدى ئاخۇنۇم بىپەرۋا قىياپەتتە، نىياز ئاخۇنۇم ناشتىسىنى قىلىپ بولۇپ ئولتۇراتتى، — قېنى بېرى كەل، ئاۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ناشتا قىلىۋال !

— ناشتا قىلىپ كەلدىم. ئېيتسىلا، ئاخۇنۇم، ئىمىن سوپىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلامدۇق، يوق !؟ مەھەللىدىن بىرەر توخۇ - توشقاندەك جانىۋار چىقىدا بىرەر كۈن يوق بولۇپ كەتسە ئەلە - مەلە ئىزدەشتۇرىدۇ - يۇ، پۈتۈن - سۆرۈك بىر ئەر كىشىدىن ئون كۈنگىچە خەۋەر يەتمىسە، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرامدۇق؟! قېنى بىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق ئاغىنىلەر بىز، دەپ قىلغان ئەھدىمىز ؟! — خالىق خاسار بارغانچە قىزىشىپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ گۈرەن تومۇرلىرى كۆپچۈپ، يۈزى ئېسىلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

— بوشراق گەپ قىل، بوشراق ! — دېدى نىياز ئاخۇنۇم خالىققا قاراپ، مۇشۇ خالىقتىن باشقا بىر كىم ئاخۇنۇمنىڭ

ئالدىدا مۇنچە يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمايتتى.

— كەچۈرسىلە، ئاخۇنۇم، ئىچىم تىتىلداپ، ھېچبىر چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — خالىق ئاستا مېڭىپ كېلىپ سۇپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى. مانا مۇشۇ خالىق خاسار دېگەن قاتاڭغۇر يىگىت بىلەن ئىمىن سوپى بىر مەھەللىدە، بىر يوتقاندا يېتىپ دېگۈدەك چوڭ بولغان ئاغىنىلەردىن ئىدى. خالىق گاڭگۇڭ، بىر كىمگە ئاسانلىقچە بوزەك بولمايدىغان، قېنى قىزىق يىگىت ئىدى. ئۇ دېھقان بالىسى بولغاچقا، موللىدا ساۋاتىنى چىقىرىپلا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن، ناھەقچىلىكنى كۆرسە ئوتتۇرىغا كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، نوچىلىقى بار يىگىت ئىدى. شۇ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «خاسار خالىق»، ياكى «خالىق خاسار» دەپ ئاتىشاتتى. ئىمىن سوپى بىلەن ئادەتتە كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت ئون كۈن ئىچىدە ئاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىغا بىر قانچە قېتىم كەلگەنىدى.

— يۇرۇ خالىق، سېنى بىر يەرگە ئاپىراي، — دېدى نىياز ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، خالىقمۇ «بىرەر ئىش بار بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ گەپ - سۆز قىلمايلا نىياز ئاخۇنۇمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

تۇرپانلىقلار بۇددىستلىقتىن يېنىپ مۇسۇلمان بولغاندا، ئىسلام ئېچىش يولىدا شېھىت بولغان ئەبۇل پەتتاھ (ئەلپەتتا) دېگەن زاتنىڭ گۇمبەزلىك مەقبەرىسى مانا مۇشۇ ئاستانە قەبرىستانلىقىدا قاتۇرۇلغانىدى. نىياز ئاخۇنۇم ئەلپەتتا غوجام مازىرىنىڭ توققۇزىنچى ساھىبتەگبىرى — شەيخى ئىدى. دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان نىياز دەسلەپتە ئۆز يۇرتى ئاستانىدە، كېيىنچە قەشقەر، يەكەنلەردە بىلىم ئاشۇرۇپ داموللا بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاق تەقىيەلىك، قارا تەقىيەلىك (كېيىنچە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دەپ ئاتالغان) دېگەن دىنىي مەزھەپلەر كۈچىيىپ ھەرىكىتى ئەۋجگە چىققاندا،

نىياز داموللىنىڭ ئاتىسى — ئەلپەتتا غوجامنىڭ سەككىزىنچى شەيخى بولغان مىرسوپى ئوغلى نىيازنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. لۇكچۇن ۋاڭلىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خانى ئابدۇللا ئەھمەد ھاجى خان دەۋرىدە نىياز داموللا تۇرپاننىڭ ئاخۇنلۇقىغا ھەم ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئەلپەتتا غوجام مازىرىنىڭ توققۇزىنچى شەيخلىقىغا تەيىنلەنگەندى. بۇ ئادەمنىڭ بىلىم - مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۇنىڭ داڭقىنى تۇرپان دىيارىنىڭ سىرتىغىمۇ تاراتقانىدى. ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن بۇ ئادەمدىن تەلىم ئېلىشنى ئارزۇلاپ كەلگۈچىلەر كۆنسېرى كۆپەيدى، مال - بىسات، پۇل - پۇچەكنى دۇئا قىلدۇرىدىغانلارمۇ، تېرىلغۇ يەر، ئۈزۈملۈك باغلىرىنى ۋەخپىگە ئاتايدىغانلارمۇ كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئىقتىسادىمۇ ئوبدانلا ئاۋۇپ قالدى. بۇ ئىشلارغا ياندىشقان ھالدا، نىياز ئاخۇنۇم قەشقەر، يەكەنلەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا سوپىلىققا قول بەرگەن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن بۇ زات سوپىزمنىڭ تەرغىباتىنى بىر كۈنمۇ توختاتمىغانىدى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەنىدى. ئوغلى ئىمىنمۇ ئاتىسىنىڭ ئوبدانلا ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى.

نىياز ئاخۇنۇم خالىقنى ئەگەشتۇرۇپ ئەلپەتتا غوجام مازىرىغا كەلدى. بۇ مازار جايلاشقان ئورۇن قەدىمىي قەبرىستانلىق بولۇپ، ئاستانىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئىدى. نىياز ئاخۇنۇمنىڭ كۆرەسى بىلەن بۇ مازارلىقىنىڭ ئارىلىقى ئىككى چاقىرىمچە كېلەتتى. نىياز ئاخۇنۇم بىلەن خالىق بىردەمدىلا مازارلىققا يېتىپ كەلدى. نىياز ئاخۇنۇم گەپ - سۆز قىلماي خالىقنى يەر ئاستىغا يانتۇ لەخمە كولىنىپ، ئاندىن قەبرە قېزىلغان يېڭى بىر قەبرىگە باشلاپ چۈشتى. قەبرىنىڭ ئاغزى قۇرۇق قوناق شېخى بىلەن ئېتىلگەن، لېكىن ئاراشلىرىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. نىياز ئاخۇنۇم قوناق شېخىنى بىر يانغا قايرىپ بوش ئاۋازدا:

— ھەي ئىمىن، بۇياققا چىق، — دېدى. شۇنىڭغىچە خالىق ھېچبىر ئىشنى ئاڭقىرالمايلا قالغاندى.

ئىككى ئاغىنە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشتى - يۇ، خالىقنىڭ سەپراسى يەنە ئۆرلىدى:

— ئىمىن ئاغىنە، بۇ يەردە قاچانغىچە مۆكۈپ ياتىسەن؟! مۆكۈنۈپ يېتىش خوتۇن كىشىنىڭ ئىشىغۇ!

— بوشراق گەپ قىل، خالىق، — دېدى نىياز ئاخۇنۇم، ئۇ خالىقنىڭ شۇ سۆزىدىن سۆيۈنۈپمۇ قالدى. راست ئەمەسمۇ؟ قاچانغىچە مۆكۈنۈپ ياتقۇلۇق؟

— ۋاڭ سېنى ھامان بوش قويمايدۇ. ئۇ سېنى جايلىۋەتكۈچە، سەن ئۇنى كۆزدىن يوقاتساڭ بولمامدۇ؟ — خالىقنىڭ جۇدۇنى يەنە ئۆرلىدى.

نىياز ئاخۇنۇم خالىقنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە سۆزىدىن چۆچۈدى:

— ھوي خالىق، ھوشۇڭنى بىلىپ سۆزلەۋاتامسەن، يوق؟

— يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال، دەپتىكەن. مۇرتىلارنى يىغىپ، تاياق - توقماق بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ نەشىكەش ۋاڭنى جايلاپلا قۇتۇلمامدۇق!؟ — خالىقنىڭ يەنە قېنى قىزىشقا باشلىدى.

نىياز ئاخۇنۇم ئويلىنىپ قالدى. ئەھمەد باھادىر ۋاڭ دەپ ئاتالغان بۇ ۋاڭ مۇشۇ كۈنلەردە سەل ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرغانىدى. بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز دەپ يۇرت ئىچىدىن سەرخىل ئەرلەرنى چېرىكلىككە ئالغاندىن باشقا، ھەرخىل ئالۋان - ياساقلارنى كۆپەيتتى. ئۇنۇملۇك تېرىلغۇ يەرلەرنى، ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغلارنى بىر ئاماللاپ ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى، ۋاڭلىق باغ بەرپا قىلىش ئۈچۈن يۇرتمۇيۇرتتىن ئاقچا - كۈمۈش يىغدى. كىمنىڭ چىرايلىق قىزى بولسا ئۇنى زورمۇزور ھەرەمخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. ئوغلى ئىمىنغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان چىنىخاننىمۇ

مەجبۇرلاپ يۇرۇپ توقالىلىقا ئېلىۋالدى... نەشىكەشلىك، پارىخورلۇق، شارابخورلۇق دېگەندەك ناشايان ئىشلار ئوردىدا ئەۋج ئالدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغىنى قانداق سۈزۈلدۈرمەك كېرەك؟ ... نىياز ئاخۇن شۇ يەرگىچە ئويلاپ، ئوردىنى بىر سەگىتىپ قويمايمۇ بولمايدۇ، دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ سىناق تەرزدە خالىققا گەپ ئاچتى:

— خالىق، ئەھمەد ۋاڭنى سەگىتىپ قويۇشقا چامىڭلار يېتەرمۇ؟

— ئۇ كېپىشىبەگنى چوقۇم سەگىتىپ قويالايمىز! — دېدى خالىق ئولتۇرغان جايىدىن يۇلقۇنۇپ قوپۇپ، مۇنداق گەپلەرگە ئۇنىڭ ياڭقۇسى (ئىنكاسى) تېز ئىدى.

— قانداق سەگىتىپ قويماقچى سىلەر؟

— ئەل - ئاغىنىلەرنى، مۇرىتلارنى يىغىپ بىر ئىش تەۋرەتمەيمىزمۇ؟

— شۇ ئاغىنىلىرىڭلار، مۇرىتلىرىڭلار ئىشەنچلىكمۇ؟

— ئىشەنچلىكلىرىنى تاللايمىز - دە، ئاخۇنۇم! — دېدى خالىق بارغانچە روھلىنىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقى خۇددى سوقۇشقاق خورازغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ئىشەنچسىزلىرىنى قانداق قىلىپ ئىلغايسەن؟

— قەسەم قىلىمىز، قەسەم! — دېدى خالىق.

— قەسەمخورلۇققۇ مۇسۇلماندارچىلىققا دۇرۇس كەلمەيدىغان ئىشتى، شۇنداقتىمۇ مۇھىم ئىشتا شۇ ئۇسۇلنى قوللانمايمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئاخۇنۇم چارلاشقان ساقىلىنى تۇتاملاپ.

— ئەمىسە، ئاخۇنۇم مۇرىتلارنى بۈگۈنلا يىغامدۇ؟ — خالىقنىڭ ھېسسىياتى مۇشۇ تۇرقىدا ساداققا بېسىلغان ئوقىيا ئوقىدەكلا ئىدى.

— يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس دېگەن گەپ بار، خالىق، ئۈگۈنلۈككە پەيشەنبە بولىدۇ، شۇ كۈنى كىشىلەر قەبرىستانلىقنى يوقلايدۇ. سەن ئىشەنچلىك ئاغىنىلىرىڭگە، مۇرىتلارغا ئاخۇنۇم

ئەلپاتتا غوجام مازىرى گۈمبىزى ئىچىدە ئەمرىمەرۈپ قىلىدىكەن. گۈمبەز ئىچىگە يىغىلىشلار، دەپ ئۇقتۇرغىنىن، شۇنىڭدا چېنىپ قالمايدۇ، — دېدى ئاخۇنۇم ھەر ئېھتىمالغا قارشى.

— بولىدۇ، ئاخۇنۇم، ئىشنى دېگەنلىرىدەك بېجىرىمەن! — دېدى خالىق كۆڭلى يايرىغان ھالدا.

خالىق ئىمىن سوپى بىلەن قەبرە ئىچىدە بىر ھازا گەپلەشكەندىن كېيىن ئاندىن قوناق شاخلىرىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، مازارلىقتىن ياندى.

*　　*　　*

پەيشەنبە كۈنى بامداتتىن يېنىپلا كۆپلىگەن ئەرلەر قەبرە بېشىنى يوقلايتتى، ئىككى كۈن ئىلگىرى خالىق ياشتۇر مەھەللىسىدىن ۋە قوشنا مەھەللىلەردىن بولۇپ قىرىق - ئەللىك ئەرگە خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. ئۇلار قەبرە بېشىدا ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزاق دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بىرلەپ - ئىككىلەپ ئەلپەتتا غوجام مازىرىنىڭ گۈمبىزى ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلىدى. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ كىشىلەر مۇشۇ ئورۇندا ئاخۇنۇمدىن ۋەز - نەسىھەت ئاڭلايتتى. شۇڭا، بۈگۈنكى يىغىلىشمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمىدى.

يىغىلغان ئادەملەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىمىن سوپىنىڭ مۇرىتلىرى ۋە يېقىن ئاغىنىلىرى ئىدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، مۇشۇ قىرىق - ئەللىك ئادەمدىن باشقا، قەبرىستانلىقتا دۇئا - تەكبىر قىلىدىغان ئادەملەردىن بىرسىمۇ قالمىدى.

— بۈگۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزىمىز. ھەممىڭلار ئىمىن سوپىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭلار! — دېدى خالىق ئورنىدىن تۇرۇپ.



يىغىلغانلار بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ «نېمە ئىش ئۈستىدە كېڭەش قىلىدىغاندىمىز؟» دېيىشمەكتە. بەزىلىرى ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ، تەسۋىسىنى تارتسا، بەزىلىرى كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ سەيناسى خېلى چوڭ بولۇپ، ۋەز ئېيتىلىدىغان، ئەمرىمەرۇپ قىلىنىدىغان كۈنلەردە بۇ سەيناغا ئاستانىنىڭ ئۆزىدە توقۇلغان يوللۇق يىپ پالاسلار سېلىناتتى.

ئىمىن سوپى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئولتۇرغانلاردىن كۆپىنچىسى ئىمىن سوپىنىڭ ئوردىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنىلا بىلەتتى. پەقەت ئەسئەت قۇلاق① لا ئىمىن سوپىنىڭ ئوردىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، پاشاپلارنىڭ ئاستىرتىن ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئۇققانىدى.

— ئاغىنىلەر! ئىلگىرى بىز جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ② زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقانىدۇق، بۈگۈنكى كۈندە ئۆز يۇرتىمىزنىڭ خانى بولغان ئەھمەد ۋاڭنىڭ زۇلمىنىمۇ يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. ئەھمەد ۋاڭ يۇرت ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك تېرىلغۇلۇقلارنى، ھوسۇللۇق باغلارنى، چىرايلىق خوتۇن - قىزلارنى زورلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىنىڭ تاشايىنىدا، يۇرت ئىچىدىكى قابىل، يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ھازىرغىچە يەتتە يۈزدىن ئارتۇقىنى تۇتۇپ ھەپسىگە ئالدى. مەنمۇ شۇ تۈگمەننىڭ نورىغا بىر قېتىم چۈشۈپ چىققان بولدۇم. بىز تەرغىب قىلىۋاتقان سوپىزمنىڭ قاراشلىرىدا بۇ زېمىندىكى يەر، سۇ، بايلىقلار بارچە ئىنسانغا ئورتاق تەئەللۇق دېيىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەھمەد ۋاڭ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ

① قۇلاق — قۇلىقى ئۇزۇن، يۇرت ئىچىدىكى خەۋەرنى تېز ئۇقىدىغانلارغا قويۇلغان لەقەم.

② 17 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا قۇرۇلغان يەرلىك خانلىق، يەنى جۇڭغار خانلىقى.

تۇرامدۇق ؟! — ئىمىن سوپىنىڭ سۆزىنىڭ تورى بار ئىدى. تىڭشىغۇچىلاردىن بەزىلىرى «بەرھەق !» «بەرھەق !» دېيىشمەكتە. ئارىدىن جامال جىڭگىر («جۇلدۇر كېپەن» دېمەكچى) ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئىمىن سوپىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، پىچاق سۆڭەككە يەتتى، مانا بۇگۈنكى كۈندە ماڭا «جىڭگىر» لەقىمى قويۇلدى. ئۆيۈمدىكىلەر ئەتىگىنى يېسە، كەچلىكى يوق. بۇ ھالنى كىم پەيدا قىلدى؟ ئاشۇ تويماس — ئوپقان ئەھمەد ۋاڭنىڭ ئاچ كۆزلۈكى پەيدا قىلدى ! — جامال جىڭگىر قايناپلا كەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان ئالتە مو تەكلىك يېغى ئەھمەد ۋاڭنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قەرز ھەم باجغا ھېسابلاپ، زورلۇق بىلەن ئوردىنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى. ئىلگىرى جامال ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۈنى ئوبدانلا ئۆتەتتى. بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىگە قاراپ، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا «جۇلدۇر كېپەن» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «جىڭگىر» لەقىمىنى قويۇشقانىدى.

— بۇ بەگ - بايلارنىڭ دەستىدىن بىزگە كۈن يوق زادى ! — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى ھاشىم بۆرە دېگەن ئادەم. بۇ ئادەم ئېگىز بويلۇق، ئۇستىخانلىق، پالۋان سۈپەت، يۈرت ئىچىدە كۈچتۈڭگۈرلۈكتە داڭقى بار، ئاۋازى توپ - زەمبىرەك ئاتقاندەك گۈمبۈرلەپ چىقىدىغان، يېشى ئەللىككە ئۇلاشقان بولسىمۇ، نى - نى يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇشتىن ئەيمىنىدىغان ئادەم ئىدى، — ئۆيۈمدە سوقما تامدەك ئالتە ئوغلۇم بار، توپاقنى بىمالال كۆتۈرەلەيدىغان ئاشۇ ئوغۇللىرىم بىلەن قوشۇلۇپ يەتتە ئەر جېنىمىزنى تىكىپ ئىشلىسەكمۇ بىر چاپىنىمىز ئىككى بولمىدى، ئىشتىنىمىز تىزدىن ئاشمىدى، ھازىرغىچە ئوغۇللىرىمدىن بىرسىنىمۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلالمىدىم. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ تاپقىنىمىز باج - سېلىققا، كۈنلىرىمىز ئالۋان - ھاشارغا كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر مۇشۇ

زاماندىكى ئاچ كۆز باي ـ بەگلەرنى يوقىتىدىغان ئىش بولسا، مەن ئۆزۈم تۇگۇل، ئالتە ئوغلۇمنىمۇ ئاتاپ قويدۇم! — ھاشىم بۆرىنىڭ ئوغىسى قايناپ قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ ئەلپازىدىن، تۇرقىدىن ئادەم شۈركۈنۈپ كېتەتتى.

ھاشىم بۆرە ئالتە ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ يىل ـ يىللاپ تىرىشىپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى، مېۋىلىك بېغى يوق ياكى قولىدا بىرەر ھۈنىرىمۇ يوق ئىدى. ھاشىم بۆرىنىڭ ئاتىسى ئاسىم ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ئۆز ۋاقتىدا بىر كارىز، يەتتە ـ سەككىز دادەنلىك يېرى بار ئىدى. ھاشىملارنىڭ ئۆزىمۇ ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىز، جەمئىي سەككىز بالا بولۇپ، كۈنى ئوبدانلا ئۆتىدىغان ھاللىق ئائىلىلەردىن ئىدى. ھاشىم يۇرت ئىچىدىكى توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان چېلىشلاردا دائىم دېگۈدەك كالا بېشى ئالاتتى. ئۇنىڭ يانپېشىنى مەن ـ مەن دېگەن يىگىتلەر يەرگە تەگكۈزەلمىگەنىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنلەردە سەككىز بالىنىڭ ئانىسى بولغان خۇشنارىخان تۇيۇقسىزلا يىقىلدى. ئۇ سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. ئاسىم ئاخۇن دەسلەپ يېرىنىڭ يېرىمىنى ساتتى، كېيىنچە كارىزنى، قالغان يېرىنى ساتتى، خۇشنارىخاننى ئاستانىدىكى، تۇرپاندىكى تېۋىپلارغا كۆرسەتتى، لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ داڭلىق تېۋىپى خوجامنىياز دېگەن كىشىگىمۇ كۆرسىتىپ باقتى. لېكىن، كار قىلمىدى، ئاخىر ئانا جان تەسلىم قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاسىم ئاخۇنمۇ باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدى... شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدىكى غوللۇق بىر ئائىلە توزۇپ كەتتى. قىزلار بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى ياتلىق بولدى، ئوغۇللاردىن بەزىلىرى تاغ ئارقىسىغا[1] چىقىپ كەتتى، بەزىلىرى يەر ئىگىلىرىگە يىللىقچى بولدى. ھاشىمنىڭ شۇ چاغدىلا تۆت بالىسى بولغاچقا ھەم بالدۇرلا ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەچكە،

[1] تۇرپانلىقلار ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، جىمسار، مورى تەرەپلەرنى «تاغ ئارقىسى» دەپ ئاتايدۇ.

يۇرت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئوغۇللىرى چوڭ بولۇپ ئىشقا يارىغۇدەك بولغاندا، ئەتىيازدا بايلارغا كۆنلۈكچى بولۇپ يالىنىپ ئىشلىدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن يۇرت ئىچىدە سوقما تام سوقىدىغان، كارىز چاپىدىغان، كېسەك قۇيىدىغان، ئۆي سالىدىغان دېگەندەك ئېغىر ئىشلارنى كۆتۈرەگە ئېلىپ ئىشلىدى. 6 ـ ئاي كىرىشى بىلەن تۇرپاننىڭ بۇغداي ئورمىسى باشلانغاندا، ئۇلار بىرەر ئاي ئورمىغا قاتنىشاتتى، ئاندىن تاغ ئارقىسىغا چىقىپ خۇرجالار[①] نىڭ بۇغدايلىرىنى ئورۇۋېتتى. كۈزدە تۇرپاننىڭ كۈزلۈك يىغىمىدىن بىرەر ئايلىق ئىش چىقاتتى، كۈزلۈك يىغىم تۈگىگەندە هاشىم ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، چىچان، قارا يۇزى، كۆكيار تەرەپلەردە كۆمۈر قۇدۇقلىرىدا ئىشلەپ قىشنى چىقىراتتى. چوڭلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن: «بىر ئۆيدە يەتتە جان بولسا بىر ئەجدىهانىڭ يېگىنىنى يەيدىكەن.» هاشىمنىڭ ئۆيىدە: ئۆزى، ئايالى، ئالتە ئوغلى، بىر قىزى بولۇپ جەمئىي توققۇز جان بار، يەتتە ئەر ئىشلىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە هېيتتىن باشقا ۋاقىتتا گۆش يېيىلمەيدۇ. هېلىمۇ ياخشى، تۇرپاننىڭ ئىسسىقىدا هاشىمنىڭ ئوغۇللىرى جىگدە كۆتىكىدەك چىڭ، بىجىرىم يىگىتلەردىن بولۇپ يېتىلدى. هاشىم ئوغۇللىرىنىڭ يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم گۆش يەپ، باشقا ۋاقىتلاردا گۆشسىز تائام يەپ يۇرگىنىگە قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىر چىدىمىدى. ئۇ ئويلىدىكى، بىزدە كۈچ دېسە بار تۇرسا، يەم ـ پاراستىمىزمۇ باشقىلاردىن قېلىشمىسا، نېمىشقا كۈنىمىز دائىملا غورىگىل ئۆتىدۇ؟ بۆرە چېغىدا «بىر قوتاندا يەتتىمدىن قويۇم بار» دېگۈدەكمىش. بىز ئادەمغۇ؟... كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئۇ ئاياغ مەھەللىدىكى بىر باينىڭ قوتىنىغا كېچىسى چۈشۈپ، بورداق قويدىن بىرنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا قارىياغاچ

① يەر ئىگىلىرىنى، كېيىنچە «پومېشچىك» دەپ ئاتالغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

شېخىدىن بىرنى تۇتۇپ ئىزىنى سۈپۈرۈپ يـ ... ـ بارا
چىقتى ـ دە، يېرىم كېچە بىلەن قوينى ... ـاق
كېلىۋالدى، ئاندىن قوينى سويۇپ، ... ـڭى
توخۇغىچە پىشۇردى ـ دە، ئاندىن بىر چـ...
ياتقان ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ يـ...
باللىرى ئەندىكىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشـ...
ـ بۇلا بۇيۇشۇپلا تەڭنىگە ئېلىنغان گۆشنى مەززە قىلىپ يېيىشتى. ھاشىم دېدىكى:

— باللىرىم، باشقىلار ھەرقاچان سىلەردىن «گۆش يېدىڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سىلەر شۇ چاغدا بىمالال «گۆش يېدۇق» دەۋېرىڭلار. «قاچان يېدىڭلار» دېسە، «يامغۇر ياغقاندا يېگەنىدۇق» دەڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەگەر سوراپ قالسا، مۇشۇ سۆزدىن باشقا گەپنى ھەرگىز دەپ سالماڭلار. بولمىسا باش كېتىدۇ، جۇمۇ؟! — باللار گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، پىرىق ـ پىرىق كۈلۈشۈپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇزۇن قىش كۈنلىرى ھاشىم ئوغۇللىرىدىن ئىككىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، يىراقلارغا بېرىپ بايلارنىڭ كالا ـ ئاتلىرىنى ئېغىل ـ قوتانلىرىدىن كېچىسى ئاچىقىپ، چەتكە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ، تۆت نىسپىدە ئۆيگە ئەكېلىپ پىشۇرۇپ يەپ، ئەتىسى تۇمشۇقلىرىنى كاپلىۋېتىپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن كىشى بولۇپ يۈرىۋەردى. لېكىن، خام سۈت ئەمگەن ئادەم باللىسىنىڭ ئىچىدە گەپ ياتمايدىكەن. ئوغۇللاردىن قايسىبىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتىكىن، ئۇلارنىڭ كېچىلىرى پات ـ پاتلا گۆش يەيدىغانلىقى ئاستا ـ ئاستا مەھەللە ـ كويدىكىلەرگە مەلۇملۇق بولۇپ قالغانىدى. قاراغوجا ـ ئاستانىنىڭ ئادەملىرىدە ئەزەلدىنلا ئاجايىپ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت بار: ئادەملەرنىڭ بىرەر قىزىقارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرسە، سەزسە، بىلسە، شۇئان بىرەر مۇناسىپ نام ـ ئاتاق، لەقەم قويۇپ قويىدۇ. ھاشىملارمۇ بۇنىڭدىن چەتتە

قالمىدى. ئۇلارغا «بۆرە» لەقىمى قويۇلۇپ قالدى...
هاشىم بۆرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ـ ئىككىيلەن ئىچىدىكى دەرد ـ ئەلىمىنى تۆكتى. ئەنە شۇ چاغدا گۈمبەز ئىچىدە ھەممىنى تىڭشاپ تۇرغان نىياز ئاخۇنۇم ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇرىتلار ۋە باشقىلار ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇشۇپ ئاخۇنۇمغا سالام بېرىشتى. نىياز ئاخۇنۇم سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، قول ئىشارىتى بىلەن ھەممىنى ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى ۋە ئۆزىمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سالماق ھەم تەمكىن ھالدا:
— تەقۋادار مۇسۇلمانغا ئەل ـ يۇرتنى زۇلۇمدىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش پەرزدۇر. خەلق سۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھازىر ئەھمەد باقى ۋاڭ تەڭرى يولىدىن تېيىپ، ئەلگە زۇلۇم ـ ستەم سېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرساق بىز ئۆز زىممىمىزدىكى پەرزنى ئادا قىلالمىغان بولىمىز. شۇڭا، بىز بۇ توغرا يولدىن تايغان ۋاڭنى سەگىتىپ قويۇشىمىز كېرەك! — دېدى. نىياز ئاخۇنۇمنىڭ چارلاشقان ساقاللىرى ئۇنىڭ دانە ـ دانە قىلىپ كۆچەپ ئېيتقان سۆزىدىن دىرىلداپ تىترەيتتى.
— توغرا، يولدىن چىققان ۋاڭنى سەگىتىپ قويۇش كېرەك!
— سەگىتىپ قويايلى!
— بۇنىڭ تەختىنى تارتىۋالايلى!
تەرەپ ـ تەرەپتىن سادا ياڭرىدى. نىياز ئاخۇنۇم كۆز ئالدىدىكى بۇ بىر توپ ئادەمنىڭ خۇددى قوزغالغان يانتاقتەك بىردىنلا يانغىنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى پەملەپ، پەيتنىڭ قىزىقىنى قولدىن بەرمىدى:
— «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دەپتىكەن، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارساقلا ھەل بولمايدىغان ئىش يوق. تۆت ئادەم بىرلىكتە كۈچ چىقارسا كالىنى ئۆگزىگە ئالغىلى بولىدۇ. بىر نىيەتكە كەلسەڭلار، ئىنشائاللا، ئىشىڭلار خەيرلىك بولغۇسىدۇر!

— بىزگە يولباشچىلىق قىلسىلا، ئاخۇنۇم!
— ھەممىمىز سىلىگە ئەگىشەيلى!
— ئىنسابسىز ۋاڭنى تەختتىن غۇلىتايلى!
مۇرىتلار بەستە - بەستە توۋلاشماقتا ئىدى. قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىدىن سەل چەتتەرەك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى سىرتتىكىلەر ئاسانلىقچە ئاڭلىيالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، نىياز ئاخۇنۇم قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى باستى ۋە مۇنداق دېدى:
— سىلەرگە ئىمىن سوپى باشچىلىق قىلسۇن، قالغان گەپنى شۇنىڭدىن ئاڭلاڭلار! — نىياز ئاخۇنۇم گۇمبەز ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
— قېرىنداشلار! يىغىلساڭ، ناردىن يىغىل، دەپتىكەن، بىز بىر نىيەت، بىر كۆڭۈللۈك بولۇپ ئەھمەد ۋاڭغا قارشى چىقىمىز. بۇ چوڭ ئىش، قازارەن جاندىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئىلىشىش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتسەك، شېھىت كېتىمىز، چۈنكى بىز ئەل - يۇرتنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلىمىز. ئۆلۈمدىنمۇ، كۈرۈمدىنمۇ بىللە بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يولغا ماڭغۇسى كەلمەيدىغانلار بولسا ھازىرلا ياقىغا چىقىپ، كەتسەڭلار بولىدۇ. قالغانلار قەسەمياد قىلىمىز، «ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋايجان دېمە» دەپتىكەن. قەسەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋالساڭلار، ئايىنىپ كەتسەڭلار ئۇ چاغدا ئاسىي، مۇناپىق، قارا يۈز ئاتىلىپ، ئۈچ ئەۋلادىڭلارغىچە قەتلىئام قىلىنىسىلەر. قاتناشمايدىغانلارغا ئىختىيار، لېكىن بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى كىمكى سىرتقا يايغۇدەك بولسا، ئاشۇ مۇناپىقنىڭمۇ ئۈچ ئەۋلادىغىچە قەتلىئام قىلىنىدۇ! — ئىمىن سوپىنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندا، سورۇندا غۇدۇر - غۇدۇر كۆپەيدى. قىرىق - ئەللىك ئادەمنىڭ ئىچىدىن «خەدەم» (جەمەتى ئاۋۇمىغانلار) لەقەملىك بىرسى، «بۆزچى» لەقەملىك بىرى، «جىگىرتەك» لەقەملىك

بىرسى بولۇپ ئۇچ ئادەم سەۋەب كۆرسىتىپ ياقىغا چىقتى. ئۇلار بۇ ئىشنى سىرتقا ھەرگىز تىنىمايدىغانلىقى ھەققىدە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشتى ۋە ئاستا مېڭىپ قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كەتتى.

ئادەم تاللاش باشلاندى. ئەڭ دەسلەپ خالىق خاسار، جامال جىڭگىر، ھاشىم بۆرىلەر رويخەتكە ئېلىندى. «توپاقلار» (كۆچتۆڭگۈر، گەۋدىلىك ئادەم) دىن ھۆسەن، «قۇلاقلار»دىن ئەسئەت، «پالۋانلار»دىن ھېزىم، «قىچىرلار» (جاھىل)دىن مامۇت، «پاشا»لار (غىڭشىق، گېپى تولا)دىن سادىر، «دەمدەرلەر» (كېكەچلەپ سۆزلەيدىغانلار)دىن ساۋۇت، «تايغانلار» (ئورۇق، ئېگىز بويلۇق)دىن ھاسان، «قەيسالار» (سازاڭ مىجەز)دىن توختى، «پەرەڭلەر» (قولى چېۋەر، ھۇنەرگە ئۇستا)دىن ئابدۇرېھىم پەرەڭ قاتارلىق يىگىرمە توققۇز ئادەم رويخەتكە ئېلىندى. ئىمىن سوپى بىلەن قوشۇلۇپ ئوتتۇز ئادەم[①] رويخەتكە پۈتۈلگەن بولدى. كەلگەنلەردىن «قاقاشلار» (گېپى تولا ئادەم) لەقەملىك، «قۇلاق كەستىلەر»، «كۆسەي» (خەقنى كولايدىغانلار) لەقەملىك، «توخۇ پوقى» (ئۇششۇق ئادەم)، «تېنىگەكلەر» (ئالدىراقسانلار)، «توقمىاقلار»، «پاخاللار»، «شەيتانلار»، «گازىرلار» (گازىر كۆز ئادەملەر) قاتارلىق لەقەملىك ئەرلەردىن ئون نەچچىسى ئۇ سەۋەب ياكى بۇ سەۋەب بىلەن رويخەتكە ئېلىنمىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىشتى — سىرنى پاش قىلىپ قويسا ئۇچ ئەۋلادىغا قەدەر قەتلىئام قىلىنىدىغانلىقىغا ئەھدە قىلىشىپ، قايتىشتى.

كۈن بارغانچە قىزىشقا باشلىدى. ئوتتۇز ئەر قۇرئان تۇتۇپ، يۇرتنىڭ ئاخۇنى بولغان نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىشتى:

— بىزلەر ئوتتۇز ئەر، ئەل - يۇرتنى زۇلۇم - سىتەمدىن

---

① كېيىنچە بۇ ئوتتۇز ئادەم خەلق ئىچىدە «ياڭتۇرلۇق ئوتتۇز تاز» دەپ ئاتالغان.

قۇتۇلدۇرۇش يولىدا جەم بولۇپ قەسەمياد قىلىمىزكى، ئەھمەد باقى ۋاڭنى تەختتىن غۇلىتىش ئۈچۈن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىمىز. ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى. كىمكى ئالا كۆڭۈللۈك قىلسا، ئاسىي، مۇناپىقلىق قىلسا، ئىككى ئالەمدە قارا يۈز بولغاي ھەم ئۇنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغىچە قەتلىئام قىلىنغاي، ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

قەسەمىيادتىن كېيىن ئاخۇنۇم ئۆز ئوغلى ئىمىن سوپىدىن باشلاپ ئوتتا قىزىتىلغان مىس يارماقنى بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ سول يانپېشىغا بېسىپ «ئەن» سالدى. گۈمبەزنىڭ ئىچى كاۋاپنىڭ پۇرىقىغا تولدى...

قەسەمياد قىلىش بىلەن يارماق بېسىپ «ئەن سېلىش» ئاخىرلاشقاندا، نىياز ئاخۇنۇم بەزىبىر كۆرسەتمىلەرنى بەردى: ئەتىدىن باشلاپ ئابدۇرېھىم پەرەڭ ئۆزىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا قىلىچ - نەيزە ياسايدىغان، خالىق خاسار خۇلاڭزا① سۇپىتتە لۇكچۇنگە بارىدىغان، قالغان ئەرلەر ھەر كۈنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت قەبرىستانلىقتىكى گۈمبەز ئىچىدە چېرىك مەشقى قىلىدىغان، مەشقاۋۇللۇقنى سىپەر مانجۇ (مانجۇلارغا چېرىك بولغان سىپەر) ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېشى ئىمىن سوپى قىلىپ بېكىتىلدى. قەبرىستانلىقتا يىغىلغانلار چۈشكە يېقىن ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى.

① خۇلاڭزا — خەنزۇچىدىن كىرىپ شەرقىي شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىنغان سۆز، سەييارە مال ساتقۇچى دېگەن مەنىدە.

# ئۈچىنچى باب

## خالىق خۇلاڭزا

قۇتتاغ پۈتكۈل تۇرپاننى جەنۇب ۋە شىمالغا ئايرىپ، كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ كۈنگەي تەرەپتىكى تارامىلىرىدا قۇرۇتقا، بۈيلۈق، توشقانبۇلاق، قۇرۇق ئېغىز، سىڭگىم ئېغىزى، تۈيۈق، سىركىپ قاتارلىق بوستانلىقلار ـــ ئېقىن، ئېغىزلار بار. شۇ تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە مەشرىقتىن ـ مەغرىبكە سوزۇلغان قەدىمىي بىر يول بار. بۇ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە مەغرىبتىن سانىغاندا تۇرپان، يارغول، چاتقال، ئايدىڭكۆل، قاراغوجا، ئاستانە، ياڭخى، لۇكچۇن دېگەن يۇرتلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مانا شۇ قەدىمىي يولدا سۆكەن ئارتىلغان ئېگىز بويلۇق چامبۇل ئېشەككە مىنگەن بىر يولۇچى مەشرىققە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ يولۇچى خالىق خاسار ئىدى.

ئىمىن سوپىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى خالىق خاسار ئەمدى «خالىق خۇلاڭزا» دېگەن ئىككىنچى بىر نام بىلەنمۇ ئاتالغانىدى.

خالىق تېگى ـ تەكتىدىن ئاستانىنىڭ ياڭتۇر مەھەللىسىدىن. ئۇ تىكەندەك بىر تاللا بالا. خالىق ئەمدىلا ئون بەش ياشقا قەدەم قويغان يىلى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۈيۈقسىزلا بىر ئاينىڭ ئىچىدە كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى. خالىق يىغلاپ ـ قاقشاپ قارا يېتىم بولۇپ قالدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۇنىڭغا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى بار بىر هويلا، تۆت كۈرلىك بوغداي يېرى مىراس قالدى. ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ

ياردىمى بىلەن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا كۆنۈكتى. بارا - بارا ئاش - تاماق ئېتىشنىمۇ ئۆگەندى. قانداق قىلغۇلۇق؟ قورساق دېگەن بۇ ئۇششۇق ماڭساڭ ئالدىڭغا ئۆتۈۋالسا، ئولتۇرساڭ ئېتەككە چىقىۋالسا، ياتساڭ ئۇستۇڭگە چىقىۋالسا، ئاستىڭغا بېسىپ يېتىۋالساڭ كوركىراپ ئارام بەرمىسە؟ كۈندە ئۈچ ۋاخ يېمىسەڭ بولمىسا! باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن دانىشمەنلەر، ھەممىنى ئۆگەنمەي ئامال بولمىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر كۈنمۇ باقار، بىر ئايمۇ باقار. چوپچوڭ بىر يىگىت ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقمىسا بولماس؟! باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشقا خالىقنىڭ مىجەزىمۇ يول قويمايتتى. ئۇ ئىچى كۆچلۈك، نومۇسچان، مىجەزى چۇس يىگىت ئىدى. ئۇ ھەممىنى ئۆزى قىلىپ كۆندى، ئاشنى بىردە سۇيۇق، بىردە قويۇق ئەتتى؛ بىردە تۇزلۇق، بىردە تۇزى كەم ئەتتى؛ نان ياقاي دەپ خېمىر يۇغۇرۇۋىدى، سۇنى قۇيسا سۇيۇلدى، ئۇننى قۇيسا قويۇلدى دەپ يۈرۈپ، بىر خالتا ئۇننى خېمىر يۇغۇرۇپمۇ قويۇق - سۇيۇقنى تەڭشىيەلمىدى. شۇ ئەسنادا قوشنا بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى غۇنچەم كىرىپ قېلىپ خالىقنىڭ قىلغان ئىشىغا تولا كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى. ئۇ كۈلۈۋېرىپ خالىقنىڭ ئوغىسىنى راسا قايناتتى - يۇ، بىر تەرەپتىن بىلەكلىرىنى شىمايلاپ، قولىنى يۇيۇپ خېمىرغا ئىشلىگىلى تۇردى. خېمىر ئەپۋەشكە كەلتۈرۈلدى. تونۇرغا كېۋەز غولى، يانتاقلار بىلەن ئوت يېقىلىپ، ھاۋاسى تەڭشەلدى. ناننىڭ خېمىرى سەل پېتىر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا تەمى تاتلىق نان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن غۇنچەم بۇ قارا يېتىم خالىقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ تۇردى.

خالىق ئىلگىرى كۆكەمسە، ئۇرۇشقاق، قېنى قىزىق بىر بالا ئىدى. يالغۇز بالا بولغاچقىمۇ، ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنى «ھاي» دېمەي چوڭ قىلدى. ئۇ مەھەللىدە بالىلار بىلەن ئوينىغاندا ھەمىشە ئۇستۇنلۈك تالىشاتتى. بىرەرسى جېدەللىشىپ قالسا، ئاق -

قارىنى سۇرۇشتۇرمىيلا جېدەلنى «سېتىۋالاتتى». لېكىن، ئۇ نامەردلىك قىلمايتتى. ئىشنى ئوغۇل بالىلارچە بىر تەرەپ قىلاتتى. گەرچە مەھەللىدىكىلەر ئۇنى «خاسار» دەپ ئاتاشسىمۇ، ئۇنىڭ گاڭگۇڭلۇقىغا ـ نوچىلىقىغا قول قوياتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ جىمىغۇر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قېنى قىزىقلىقى ۋۇجۇدىدا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغان بىر يىگىت بولدى. ئۇنىڭ مىجەزىگە بىر تەرەپتىن ئىممىن سوپىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاز ـ تولا تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا بوۋاينىڭ قىز نەۋرىسى غۇنچەمنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىقىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

غۇنچەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گۆچۈكىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، غۇنچەمنى ئۇن ئىككى ياش چېغىدا بوۋاي ـ مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەكېلىپ بەرگەنىدى. غۇنچەم ياخشى تەربىيە كۆرگەن، خەت ساۋاتى بار، قولى چېۋەر، شېرىن سۆخەن، مېھرى ئىسسىق، نورغۇن چۆچەك، تېپىشماقلارنى بىلىدىغان، چىقىشقاق قىز ئىدى. يازنىڭ ئىسسىق تۈنلىرىدە ئۇلار ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ جۇجەمنىڭ ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشۇپ، قاپاقتىكى مۇزدەك كارىز سۈيىنى ئىچكەچ، ئۆزئۆندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلىدىغان چۆچەكلەرنى ئېيتاتتى. غۇنچەم قۇش قانىتىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچتە بوۋاي ـ مومايىنى يەلپۈيتتى، مەھەللىدىكى بالىلارمۇ بۇ سۇپا ئەتراپىغا يىغىلاتتى. چۆچەكتىن زېرىكىشسە تېپىشماق تېپىشاتتى. غۇنچەم بەزىدە ئاسانراق تېپىشماقلارنى، مەسىلەن، «بىر ئۆزى، مىڭ كۆزى؟» (غەلۋىر)، «پاكار ـ پاكار بويى بار، يەتتە قەۋەت تونى بار؟» (پىياز)، «بېشى قاپاقتەك، پۇتى ئىنچىكە ساپاقتەك، ئۇچىيى قورساق تېشىدا، قۇلىقى پۇتى بېشىدا» (دۇتار) دېگەندەك تېپىشماقلارنى ئېيتسا، بەزىدە «ئاغزىدا يۈزلەپ چىشى، بىرنى ئىككى قىلماق ئىشى؟» (ھەرە)، «تاياق، تاياق ئۈستىدە ئاياق،

ئاياق ئۇستىدە ماياق؟» (ئاپتاپپەرەس)، «ئاخشىمى كېلەر ئەلگىكىم، كۈندۈزى كېتەر لەگلىكىم؟» (ئاي)، «ئېگىز - ئېگىز ئەرەنلەر، تۇلكە تۇماق كىيگەنلەر؟» (قومۇش)، «ئاتىسى تولغىماچ بوۋاي، بالىسى شېرىن - شېكەر؟» (ئۈزۈم)، «بىر توپ دەرەخ، ئون ئىككى شاخ، ئوتتۇز يوپۇرماق، بىر يۈزى قارا، بىر يۈزى ئاق؟» (يىل، ئاي، كۈن، كېچە ۋە كۈندۈز)، «بىر دېۋىدىم ئىككى تاغ ئۆرۈشتى، ئىككى دېۋىدىم يىراق تۇرۇشتى؟» (كالپۇك) دېگەندەك قىيىنراق تېپىشماقلارنى ئېيتىپ، ئەتراپتىكى بالىلارنى ئويلىنىشقا سالاتتى. تاپالمىغانلىرى جازاسى ئۈچۈن قاپاقنى كۆتۈرۈپ بېرىپ تىلما باغرىدىن مۇزدەك كارىز سۈيىنى ئېلىپ كېلىشەتتى. غۇنچەم كۆپىنچە ھاللاردا خالىقنى تېپىشماق تېپىشقا زورلايتتى. خالىق بىلمەيدىغان تېپىشماق ئېيتىلغاندا گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالاتتى. غۇنچەم زورلايتتى... بىر ئاخشىمى يەنە تېپىشماق ئېيتىش باشلاندى. غۇنچەم شەرت قويۇپ تۇرۇۋالدى: بۇ نۆۋەت ئېيتىدىغان تېپىشماقنى خالىق ئاكام تاپالمىسا، تىلما باغرىدىن كارىز سۈيىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر تېپىشماقنى تاپىمەن دېسە، مەنمۇ ئەمدى سىلەرگە تېپىشماق ئېيتىپ بەرمەيمەن؟!

خالىق يېڭىلىپ قېلىشنى خالىماي، گەپكە جاۋاب بەرمەي كۈلۈپلا جىم تۇرۇۋالدى. غۇنچەم زورلايتتى، ئەتراپتىكى بالىلارمۇ چۇرقىراشقىلى تۇردى، بوۋاي بىلەن موماي بالىلارنىڭ قىلىقىغا قاراپ كۈلەتتى. خالىق بىردە بوۋاي بىلەن مومايغا، بىردە ئەتراپتا تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىلارغا، بىردە غۇنچەمگە قارايتتى، غۇنچەم سۈرلۈك قىياپەتتە ئىدى. خالىق ئامالسىز ماقۇل بولدى. غۇنچەم تېپىشماقنى ئېيتتى:

بۇرۇنقى بىر زاماندا،
يىراق چۆل - باياۋاندا.
بىلىنىلىشىپ بىر ئاتقا
بىر ئەر، بىر قىز مىنىپتۇ.

بۇ كىم دەپ سورىسا
شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:
جېنىمنىڭ جانانىسى،
يۈرىكىمنىڭ سەدپارىسى.
بۇ ئادەمنىڭ ئاپىسى
مېنىڭ ئاپامنىڭ قېينئانىسى.
قېنى ئويلاپ بېقىڭلار،
ئۇلار زادى قانداق تۇغقان؟ (ئاتا ـ بالا)

خالىق ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئۇ يەڭگىلىلىك بىلەن ئېغىز ئېچىشتىن ئەيمەندى، خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىدى ـ دە، ئاخىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپلا سۇپىنىڭ لېۋىدە تۇرغان قاپاقنى ئېلىپ يالاڭ ئاياغ پېتى سەكرەپ يۈگۈرگىنىچە تىلما باغرى تەرەپكە چاپتى. بوۋاي، موماي، غۇنچەم، ئەتراپتىكى قىز ـ ئوغۇل باللار خېلىغىچە كۈلكىسىنى باسالمىدى...

بۇنداق خۇشاللىق كۈنلەر ـــ سەبىيلىكتىكى غەمسىز كۈنلەر غۇنچەمگىمۇ، بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان خالىققىمۇ كۆپ نېسىپ بولمىدى ـــ غۇنچەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بويىغا يېتىپ قالغان قىزى غۇنچەمنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈن توساتتىنلا گۇچۇڭدىن كېلىپ ئۇنى ئەكەتتى. غۇنچەم كۆزىگە ياش ئالغىنىچە باش ياغلىقىنى سىلكىتىپ خوشلاشتى. غۇنچەمگە بوۋاي ـ مومايمۇ، مەھەللىدىكى باللارمۇ، خالىقمۇ ئېچىركىشىپ قالغانىدى. نىھايەت، مەھەللە ئاسمىنىدىن بىر يورۇق يۇلتۇز ئۆچكەندەك بولدى. خالىققا نىسبەتەن غۇنچەمنىڭ گۇچۇڭغا ئەكېتىلىشى بىر دەرد بولدى. ئۇ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يۈرتىدىكى كىشىلەر تولا ئېيتىدىغان مۇنۇ ناخشا كەچتى:

يار گۇچۇڭغا ماڭغاندا،
ئىشىكتە قاراپ قالغان.

قاچان كېلىسەن يار دەپ،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.
...

غۇنچەمنىڭ تۇيۇقسىزلا يېنىدىن كەتكىنى خالىقتا ئەلەم بولدى، ئۇ بۇنى ئىچىگە ئېلىپ كەتتى. ئۆيىدىن كۇنلەپ ـ كۇنلەپ سىرتقا چىقمىدى. بوۋاي ـ مومايىنىڭ قاتتىق ـ يىرىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان بۇ يىگىت ھەپتە ـ ئون كۇندىن بېرى بوۋاي بىلەنمۇ سالام ـ سەھەت قىلىشقا كىرمىدى. ئاغىنىلىرى خالىقنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى ئۇقۇپ، دۇتار ـ تەمبۇرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ھويلىسىدا بەزمە قىلىشتى. دېگەندەك، ھاپىز ـ سازەندىلەر ئېيتقان:

ئەجەبمۇ دەردلەر كېلىدۇ
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگۈلەيدۇ
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.
...

دېگەن ناخشا خالىقنىڭ كۆڭلىدىكى تۇتەك ـ تۇمان، دەرد ـ ئەلەملەرنى خۇددى قارا بۇلۇتنى شامال سۇرگەندەك سۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ، قولى ئىشقا كىرىشتى...

خالىق ئاشۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىگەچ، لوكچۇنگە قاراپ سوزۇلغان ساي يولىدا چامبۇل ئېشىكىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئاق تىكەن گۇر ـ گۇر كۆيۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.

دەردى بار ئوتتا كۆيۈر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىسە.

كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
مەن ئۇنى كۆيمەس دېدىم.
ئۆڭى ئاق، كۆڭلى قارانى
مەندىن ئايرىماس دېدىم.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىسە.
...
يار بار چاغدا ياخشىدۇق،
يار كېتىپ يامان بولدۇم.
يار دەردى - پىراقىدىن
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
دەردىم تولا يىغلايمەن.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
كۆرۈنگەن دالا - تۇزگە.
كۆرسەڭلار سالام دەڭلار،
شۇ يارىم قارا كۆزگە.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
دەردىم تولا يىغلايمەن.



كۆز نۇرۇم گۈلۈم ـ غۇنچە،
مەن ئىشقىڭدا ئاۋارە.
مەلۇمغۇ ساڭا ھالىم،
دەردىمگە نىمە چارە؟

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
دەردىم تولا يىغلايمەن.
ئاھ يارەي، دەردىڭ يامان،
...

ماڭا بىر ئات ئەۋەتتىلەر،
ئىگەر ـ يۈگەنى يوقتۇلار.
مىنۈرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن،
مەن ھەيران ساڭا يارىم.
ھەيرانىڭمەن...

ماڭا بىر تون تىكىپتۇرلار،
ئىتەك ـ ياقىسى يوقتۇرلار.
كىيۈرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن،
مەن ھەيران ساڭا يارىم.
ھەيرانىڭمەن...

ماڭا بىر ئۆي سىلىپتۇرلار،
قوۋۇق ـ ئىشىكى يوقتۇرلار.
ياتۇرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن،
مەن ھەيران ساڭا يارىم.
ھەيرانىڭمەن...

دەرد كەلدى، دەپ باشىمگە،
مەن نامىمنى ساتماسمەن.

بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
ئاخىرەتتە تارتماسمەن.
ئايارەي...

خالىق تۇرپان ۋادىسىدا دائىم ئېيتىلىدىغان ناخشىلاردىن يەنە «سۇ بولۇپ ئاقتىم»، «مەن قاچان چوڭ بولىمەن»، «ئەلانۇرخان» قاتارلىق ناخشىلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئېيتقاچ، ئۇزۇن يولنى قىسقارتتى. دەرۋەقە، «ئەر قانىتى ئات» دېگەندەك، دەردلىك يۈرەكنىڭ قانىتى ناخشا ئىكەن. خالىق ئۆزى ئېيتقان ناخشىلارنىڭ يۈرىكىگە ئىلھام بېرىشى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ساي يولىنى ئاخىر تۈگەتتى. ئىككىنچى توخۇ چىلىلىغاندا مەھەللىدىن چىققان خالىق ئۇلۇغ ئاشىۋاقتى بىلەن لۈكچۈن بازىرىغا يەتتى. ئۇ ئېشىكىدىن چۈشۈپ، كىچىك توكولۇڭنى سۆكەندىن ئېلىپ: «گازىر ـ پۇرچاق، دادۇر ـ خاسىڭ؛ تارغاق ـ سۈزگە؛ زەر يىپ ـ تۈگمە ساتىمەن !...» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. بۇ سەييارە سېتىقچىنىڭ ئەتراپىغا بىردەمدىلا باللار، قىز ـ چوكانلار ئولاشتى.

بىرىنچى كۈنى خالىقنىڭ سودىسى خېلىلا ياخشى بولدى، ئۇنىڭ سۆكىنىدىكى گازىر ـ پۇرچاق، دادۇر ـ خاسىڭلىرى ئوبدانلا سېتىلدى. بىراق، رەڭدار مەشۈت يىپلىرى ئانچە سېتىلمىدى. ئەڭ مۇھىمى، خالىق كۆرۈشمەكچى بولغان ئادىمى بىلەن تېخى ئۇچرىشالمىدى. خالىق ئاخىر بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن قونۇپ، لۈكچۈندە جۈمە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ بازار كۈنىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

بازار كۈنى يېتىپ كەلدى. لۈكچۈن ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى رەستىلەر ئەتىگەندىلا بازارچىلار بىلەن لىق تولدى. بىر تەرەپتە تۆمۈر ـ تەرسەك بازىرى، ئېگەر ـ جابدۇق، كات ـ ساندۇق، ئىشىك ـ پەنجىرە، ئەلگەك ـ غەلۋىر، ئارا ـ كەتمەن، قازان ـ تۇۋاق، پىچاق ـ قىڭراق دېگەندەك نەرسىلەر؛ يەنە بىر تەرەپتە

مەخسۇس كۆلالچىلار سىركىپ[①]تىكى خۇمدانلاردا پىشۇرغان ئىۋرىق ـ غىبدىر، كوزا ـ كومزەك، ئىدىش ـ تەشتەكلەر؛ رەستىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئوت ـ سامان، بۇغداي ـ قوناق، ئارپا ـ چۈزگۈن، پاختا ـ كەندىر قاتارلىق نەرسىلەر؛ ئۇنىڭ نېرىسىدىكى هارۋىلاردا كۆمۈر ـ ئوتۇن، هاك ـ پىشقىنلار قاچىلاقلىق تۇراتتى. تۆت كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە گەزمال، رەخت ـ پىچەك، ئۆتۈك ـ مەسە، پەرىجە ـ تامبال، ئۈزۈك ـ هالقا، سىرغا ـ بىلەزۈك تىزىلغان ساندۇقچىلار؛ دوپپا ـ تۇماق، پوتا ـ بەلباغ، پەرىجە ـ ياغلىق يايمىلىرى بار ئىدى. كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدە بولسا لۈكچۈن باغلىرىدا يېگىدىن پىشقان ئۆرۈك، يازلىق ئالمىلار، چىلگە ـ ئوينىغۇچىلار سېۋەت ـ سېۋەتلەردە تىزىقلىق ئىدى.

كوچىلارغا هارۋىلار، ئات ـ ئۇلاغلار سىغدالماقتا. ئادەملەر، يۈك كۆتۈرگەن هامماللار، سېۋەت كۆتۈرگەن باققاللار «پوش! پوش! يول بېرىڭلار! يول بېرىڭلار!» دەپ توۋلاشقىنىچە بازارغا ـــ رەستىلەرگە ئىچكىرىلىمەكتە ئىدى. خالىقمۇ ئېشىكىگە سۇكىنىنى ئارتىپ، دوپپا ـ تۇماق، پەرىجە ـ تامبال ساتىدىغان يەرگە كەلدى. ئۇ بازارنىڭ تىقما ـ تىقماقلىقىغا قاراپ، بىر پارچە بورا يايغۇدەك يەرگە يوللۇق پالاسنى يېيىپلا گازىر ـ پۇرچاق، دادۇر ـ خاسىڭلار قاچىلانغان خالتىلارنى، رەڭدار يىپلارنى تىزدى ـ دە، ئېشىكىنى بىللە كەلگەن تونۇشىنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە هاۋالە قىلدى.

بازار قاينىماقتا، ئادەملەر مىغىلدىماقتا. هەر كىم ئۆزى ساتماقچى بولغان مېلىنى يۇقىرى ئاۋازدا ماختاپ خېرىدار چاقىراتتى. خېرىدار بىلەن ساتقۇچى باها تالاشماقتا... خالىقمۇ شۇ قاتاردا توۋلاپ تۇردى:

ـــ پىچاننىڭ ياڭىقى، خاندۇنىڭ كىشمىشى! توقسۇننىڭ

---

① سىركىپ ـــ پىچان ناهىيەسى تەۋەلىكىدىكى يەر. بۇ يەردە قەدىمدىنلا كۆلالچىلىق ئىشلىرى يولغا قويۇلغان.

خاسىڭى، ئىسلىخونىڭ گازىرى ! قېنى كېلىڭلار ! ئەرزان، ئېلىڭلار! قىزىل، يېشىل، كۆك يىپ بار ! ئالتۇن رەڭلىك زەر يىپ بار ! بۆك تىكىشكە يارايدۇ ! بۆكنى كىيسەڭ قارايدۇ !...

بازار گۈرۈلدىمەكتە، بازارغا يېڭىدىن يېڭى ساتقۇچىلار ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەردىن ئۆلگۈرۈپ كېلىشمەكتە. خېرىدارمۇ كۆپەيمەكتە، سەللە ـ پەرىجىلىك موللا ـ قارىيلار، هاسىغا تايانغان بوۋاي ـ مومايلار، بالىلىرىنى يېتىلىۋالغان ئاياللار، جۇلالىق يۈگەن ـ نوختىلىق ئاتلارغا مىنىشكەن بايۋەچچە ـ بەگزادىلەر، چۈمبەللىك خانىم ـ قىزلارمۇ بازار ـ رەستىلەرگە سىغدىلىشماقتا. يۈزىگە هال رەڭ يىپەك ياغلىق سالغان بىر نازىنىن ئىككى نەپەر قىزنىڭ هەمراھلىقىدا دوپپا ـ تۇماق، كۆڭلەك ـ تامبال، پەرىجە ـ ياغلىق يايمىسى تەرەپكە لەرزان قەدەم تاشلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، نازاكەتلىك مېڭىشىدىن ئادەتتىكى ئاۋام خوتۇنلارغا ئوخشىمايتتى. خالىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يەنە توۋلىدى:

— قىزىل، يېشىل، كۆك يىپ بار ! ئالتۇن رەڭلىك زەر يىپ بار ! بۆك تىكىشكە يارايدۇ ! بۆكنى كىيسەڭ قارايدۇ !

نازاكەتلىك خانىم ئىككى قىزنىڭ هەمراھلىقىدا دوپپا ـ تۇماق، كۆڭلەك ـ تامباللارنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرگەچ، ئىلگىرىلەپ كېلىۋەردى. ئۇلار خالىقنىڭ يايمىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. خالىق يەنە توۋلىدى:

— قىزىل، يېشىل، كۆك يىپ بار ! ئالتۇن رەڭلىك زەر يىپ بار ! بۆك تىكىشكە يارايدۇ ! بۆكنى كىيسەڭ قارايدۇ !

— قوشاق قوشۇپ مال ساتىدىغان سېتىقچىكىنە بۇ؟ ! — دېدى نازاكەتلىك خانىمنىڭ يېنىدىكى هەمراھ قىزدىن بىرسى.

— بىزنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا مۇنداق قوشاق قوشۇپ سېتىقچىلىق قىلىدىغان سېتىقچى يوق ئىدىغۇ؟ قارىغاندا، باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ بۇ سېتىقچى؟ — دېدى يەنە بىر هەمراھ قىز.

نازاكەتلىك خانىم سىتىقچىغا لاپپىدە بىر قارىدى ـ دە، شۇئان ھال رەڭ يىپەك ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئۆلگۈردى. بۇ خانىم لۈكچۈن ۋاڭى ئەھمەد ۋاڭنىڭ توقلى چىنىخان ئىدى، ئۇ ئىممىن سوپىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىلىك بولغان خالىقنى تونۇپ قالغانىدى.

— بۇلار قەيەردە بويالغان يىپلار؟ — دەپ سورىدى چىنىخان قولىغا بىرنەچچە تال پىلتە يىپنى ئېلىپ قاراشتۇرغاچ.

— بۇ يىپلار قەدىمىي قوچۇ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئەششا دېگەن مەھەللىدىكى مەخمۇد يىپەكچىنىڭ قولىدا بويالغان يىپلار، — دېدى خالىق. قەدىمكى قوچۇ شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 856 — 1334 ـ يىللار)نىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان، ئەينى يىللاردا بۇ خانلىقتا مەدەنىيەت، جۈملىدىن ھۈنەر ـ سەنئەت راسا گۈللەنگەن، شۇ چاغدا قوچۇدا يۇڭ، پاختا، كەندىر، يىپەك توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت تۆت خىل توقۇمىچىلىق راۋاجلانغان. ئاشۇ گۈللەنگەن ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ئىزنالىرى قەدىمىي قوچۇ شەھىرى جايلاشقان ئەششا ۋە ئەتراپىكى يۇرتلاردا ھېلىمۇ ساقلانغان ھەم يېقىن ـ يىراقتا مەشھۇر ئىدى. شۇڭا، خالىقنىڭ ئاشۇ قەدىمىيلىككە ئىگە ھۈنەرۋەنلەر مەھەللىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغىنى ئىدى.

— بۇ يىپلارنىڭ رەڭگى ئۆڭەمدۇ ـ ئۆڭمەمدۇ؟ بوياقلىرى راستمۇ ـ يالغانمۇ؟

— مۇشۇ يىپلاردا بۆك تىكىپ كىيسە مۇشۇ تۇرپان، پىچاننىڭ ئاپتىپىدا ئون يىلغا بىمالال چىدايدۇ! — دېدى خالىق مەغرۇر قىياپەتتە.

چىنىخاننىڭ ئىككى ھەمراھى پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى ۋە:

— بىر بۆكنى ئون يىل كىيگەنمۇ بارمۇ؟ — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— يىپلىرىڭىزنىڭ قىزىل رەڭدىكىسى ئاز تۇرامدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى چىنىخان.

— ئاز ئەمەس، خالتىمدا يەنە بار، — دېدى خالىق كىچىكرەك بۆز خالتىنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر تۇتام مەشۇت يىپنى چىقىرىپ، — لۈكچۈندە خورازنىڭ تاجىدەك قىزىلگۈللۈك بۆك كىيىدىغانلار كۆپ دەپ، قىزىل رەڭلىك يىپنى كۆپرەك ئېلىپ كەلگەنىدىم، — دېدى.

— يىپلىرىڭىزنىڭ نەرخى قانچە پۇل؟ — دېدى چىنىخان.

— بىر بۆكلۈك يىپ ئون يارماق.

— قىممەت ئىكەن، — دېدى چىنىخان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— راستىنى دېسەم، بىر بۆكلۈك يىپنى سەككىز يارماقتىن ئالدىم، ئاستانىدىن لۈكچۈنگە ئىككى يارماق پايدا ئالۇرمەن دەپ كەلدىم، خېنىم، — دېدى خالىق.

— سېتىقچى راست گەپ قىلمايدۇ، — دېدى ھەمراھ قىزلاردىن بىرسى.

خالىقنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى، ئۇنىڭ يۈزى دەرھال قىزىپ تۇچ رەڭگە كىردى. ئۇ قىزغا ھومىيىپ قارىدى. ھەمراھ قىز خالىقنىڭ چىراي - تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشتىن چۆچۈدى - دە، خالىققا قاراۋېرىشتىن ھېيىقىپ چىنىخاننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— ھەممىسى بولۇپ قانچە بۆكلۈك يىپىڭىز بار؟ — دېدى چىنىخان.

— قىزىل رەڭدىكى يىپنى دەمسىز ياكى ھەممىسىنىمۇ؟

— ھەممىسىنى.

— ئون بۆكلۈك چىقارمىكىن.

— بىر بۆكلۈك يىپنى توققۇز يارماقتىن بەرسىڭىز، ھەممىسىنى ئالاي !

— بوپتۇ، ئېلىڭ، — دېدى خالىق ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرمايلا، مۇنداق ئاسان سودىنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەي.

— بىراق، يىپلىرىڭىزنى تۇرالغۇمىزغا ئۆزىڭىز ئاپىرىپ



بېرىسىز.

— يىپ دېگەن كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر نەرسە ئەمەسقۇ؟ ئۆزۈڭلار كۆتۈرۈپ كەتمەمسىلەر؟!

— ئوغۇ شۇنداق، لېكىن يېنىمىزغا پۇل سالماي چىقىپتىمىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى چىنىخان يالغان ئېيتىپ.

— بازارغىمۇ پۇلسىز چىقامدۇ؟ سېتىقچىلار نەرسىلىرىنى دۇئاغا بەرمەيدۇغۇ ئاخىر؟ — خالىق غودۇڭشىپ قويدى.

— راست دېدىڭ، ئىنىم، سېتىقچى جان باقمەنىمىكىن، بىرنى ئىككى قىلمەنىمىكىن دەپ بازارغا چىقىدۇ ـ دە، ھەرگىزمۇ دۇئاغا نەرسە بەرمەيدۇ! — دېدى ياندىكى دوپپا ـ تۇماق يايمىسىنىڭ ئىگىسى.

— ئاپىرىپ بېرەمسىز، يوق؟ — چىنىخان تەرىنى تۈرۈپ دوق قىلدى.

مۇشۇ كەمگىچە ئاياللار تۈگۈل ئەرلەرنىڭمۇ دوق قىلغىنىنى كۆتۈرمەيدىغان بۇ خالىق خاسار ئورنىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئاپىرىپ بەرگىن، ئىنىم، ئەتىگەنكى مۇشتىتىن يانما، دەپتىكەن. باشتىكى سودىدىن يانغۇلۇق ئەمەس، يايماڭغا مەن قاراپ قوياي، بارغىن! — دېدى دوپپا ـ تۇماق يايمىسىنىڭ ئىگىسى ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن.

خالىق بويىنىدىن باغلانغاندەك قىلىپ، يايمىسىدىكى ھەممە مەشۇت يىپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ، قاپىقى تۈرۈك ھالدا ئۈچ ئايالنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۈچ ئايال ئۇدۇل ئوردا تەرەپكە بۇرۇلدى. خالىق دەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ، دەم مېڭىپ ئوردىنىڭ قارا قوۋۇقى، يەنى چوڭ دەرۋازىسىدىن كىردى. جۈمە كۈنى بولغاچقا ئوردا ھويلىسىدا مېڭىپ يۈرگەنلەر ئاز ئىدى. خالىق ئۈچ ئايالغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە مېڭىۋەردى. ئۇ ئوردا ئۆيلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ـ قاراپ ماڭدى. قىرىق بىر پەلەمپەيلىك تاش پەشتاقتىنمۇ چىقتى. يۇملاق پەنجىرە تۈۋىدە ئايپالتا تۇتقان

قاراۋۇللار تىك تۇرۇشقانىدى. ئالتىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە چىننىخانغا ھەمراھ بولغان قىزلار قېپقالدى. چىننىخان يەتتىنچى ئىشىكتىن كىرىپ ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى. ھەشەمەتلىك سېلىنغان بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە خالىق ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— تارتىنماي كىرگىن، خالىق! — دېدى نازاكەتلىك ئايال.

شۇنچە تۇرگۇن كەلگەن بۇ خالىق بوسۇغىدا تۇرغىنىدا چىننىخانىنىڭ يەنە:

— كىرىۋەرگىن، خالىق! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. خالىق تەئەججۇپ بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيئىچىگە قەدەم باستى ۋە ئالدىدا تۇرغان ياش ئايالنى تونۇپ توۋلىۋەتتى:

— ۋاي، چىننىخانمۇ سەن؟! — خالىق نەچچە يىل كۆرمىگەن بۇ مەھەللىلىكىنى كۆرۈپ ھاياجاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاغلىغۇسى كەلدى. بىراق، شۇ زامان ھوشىنى يىغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— سەنلەپ قويغىنىمغا خاپا بولمىسىلا، سىلى ھازىر ۋاڭنىڭ خانىمى بولۇپ قالدىلا، كەچۈرسىلە؟ — دېدى خالىق ئۆزىنىڭ مىجەزىگە ئەسلا ماس كەلمىگەن بىر خىل ياسالمىلىق بىلەن.

— ئىششىتە، نېمە ئەمدى خالىق بۇ قىلىقىڭ؟ بۇرۇنقى خالىق ئەمەسقۇ سەن؟ كۆزۈڭلاردىن بىر نەچچە يىل نېرى بولغىنىمغا شۇنچىلىك يات كۆرۈۋاتامسەن؟ — چىننىخانىنىڭ تەلەپپۇزىدا راستلا ئاچچىقلاش، رەنجىش، تەنە بار ئىدى. خالىق بېشىنى كۆتۈرۈپ چىننىخانغا قارىدى: چىننىخان گەرچە سەمرىپ، چىرايلىق يۈزى تولۇپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق رۇخسارىنىڭ تېگى ـ تەكتىدە بىر خىل خورلۇق، مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

— يۇرت ئىچى تىنچلىقمۇ؟ ئىمىن سوپى ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ ئۆزۈڭ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ — چىننىخان ئابايىقى رەنجىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە تالاي سوئاللارنى

ياغدۇرۇپ، خالىقنى ئالدىرىتىپلا قويدى.

شۇ ئارىدا چىننىخاننىڭ بازارغا بىللە چىققان ئىككى كېنىزىكى بوسۇغىدا پەيدا بولدى:

— قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن، خېنىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئوردىنىڭ كەينىدىكى باغدىن ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۈزۈپ چىقىڭلار! — دېدى چىننىخان.

— ماقۇل، خېنىم، — ئىككى كېنىزەك كەينىگە يېنىشتى.

— بىز ئوردىغا تېگىش قىلماقچى. ۋاڭنىڭ بىر ياققا بېرىپ - كېلىدىغان پەيتىگە ئۇدۇل كەلتۈرسەكمىكىن دەۋاتىمىز. ھازىر بىرمۇنچە ئەر - يىگىتلەر يىغىلىپ مەشىق قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشتى. مەن ئاتايىن شۇ ئىشنى دېگىلى كېلىۋىدىم، سىلى ئوردا ئىچىدىكى ئەھۋالدىن...

— قويغىنا سىلى - پىلى دېگەن گەپىڭنى، خالىق! — چىننىخان بۇ قېتىم رەسمىي ئاچچىقلاندى، — ئوردىغا كەلگىنىڭمۇ مۇشۇ بىر قېتىمدۇر؟ كىمدىن ئۆگەندىڭ ئۇنداق تەكەللۇپ گەپنى؟! — دەرۋەقە، يېزا - قىشلاقلاردا ئۆسكەن دېھقان باللىرى قىز - ئوغۇل دەپ ئايرىماي، كىچىكىدىنلا «سەن» لىشىپ گەپلىشەتتى. بۇنى ئۇلار «يېقىنچىلىق» قا جورۇيتتى. چىننىخاندا ئەنە شۇ باللىقتىكى ھېسسىياتنىڭ تەسىرى بار ئىدى.

خالىق لاپپىدە قىزاردى. ئۇ شۇ زامان گېپىنى ئۆزگەرتتى:

— ئوردا ئىچىدىن سەن ماسلاشقىن، ئەھمەد ۋاڭ بىر ياققا كېتىش ھامانلا بىزگە ئۇچۇر بېرىۋېتەرسەن، بىز سېنىڭ بېشارىتىڭگە قاراپ ھەرىكەت قىلىمىز.

— بولىدۇ، ھەر يىلى 7 - ئايدا ۋاڭ ئىسسىقتىن قېچىپ ئۆرتەڭغولغا سالقىنلىغىلى چىقىدۇ. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە خەۋەر بېرىمەن. مۇشۇ بېشىمدىكى ھال رەڭ يىپەك ياغلىق ئىچىگە بىر پىلتە قىزىل مەشۈت يىپنى سېلىپ ئەۋەتىمەن،

مۇشۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ بارغان ئادەمدىن خەت ئەۋەتىمەن. شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرسەڭلار بولىدۇ، — چىنىخان سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپىرەك:

— قالغان يىپلىرىڭىزنىڭ بويىقى ئۆڭىدىغان بوياق ئىكەن، ئەكېتىڭ! مۇشۇ بىر بۆكلۈكلا يىپنى ئېلىپ قالاي، — چىنىخان خالىقنىڭ قولىغا سانىمايلا بىر ئوچۇم پارچە كۈمۈشنى تۇتقۇزدى ـ دە، — چاپسان كېتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق سۈپەتسىز يىپنى بۇ تەرەپكە ئەكېلىپ ساتقۇچى بولماڭ! — دېدى.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئىككى كېنىزەك چىنە تاۋاقتا ساپسېرىق سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— بۇ سېتىقچىنى ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويغىن، خەلىچە، — دېدى چىنىخان رەنجىش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇرغان تەلەپپۇزدا.

— يىپلارنىڭ ھەممىنى ئالمىز دېگەنىدىلەغۇ، خېنىم؟ — دەپ سورىدى خەلىچە دېگەن كېنىزەك خالىقنىڭ قولىدا تۇرغان يىپلارنى كۆرۈپ، تۇرگۇنلۇك بىلەن.

— يىپلىرىنىڭ بوياقلىرى سۈپەتسىز ئىكەن. بۇنىڭدا بۆك تىكسە لوكچۇننىڭ ئاپتىپىدا بىر ئايدىلا ئۆڭۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئالمىدىم، — دېدى چىنىخان تەرىنى بۇزمىغان پېتى، — بۇ ئادەمنى چاپسان ئوردا قوۋۇقىدىن چىقىرىۋېتىڭلار!

خالىق غودۇڭشىغىنىچە قىرىق بىر پەلەمپەيلىك تاش پەشتاقتىن چۈشۈپ ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

— مۇنداق قىلىڭە يىپلىرىڭىزنى ئاغا، راستىلا بويىقى سۈپەتسىزمىدۇ؟ — دېدى خەلىچە.

— مانا كۆرۈپ بېقىڭ، كۆزى بار ئادەم مال تونۇيدۇ، — دېدى خالىق قولىدىكى يىپلارنى خەلىچەگە ئۇزىتىپ.

خەلىچە يىپلارنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ كۆرۈپ:

— ياخشىدەك تۇرىدۇ بۇ يىپلار، — دېدى.

— ھەببەللى، مانا سىز ھەقىقىي مال تونۇيدىكەنسىز، بۇ

يىپلارنى سىزنىڭ ئاشۇ مال تونۇغان چىرايلىق قارا كۆزلىرىڭىزگە ئاتىۋېتەي، ئېلىڭ ! — دېدى خالىق خەلىچەگە مەنىلىك قاراپ.

— رەھمەت ئاغا، مۇنچە كۆپ يىپلارنى ئىشلىتىپ بولالمايمەن، ئازراق ئالاي.

— ھەممىسىنى ئېلىڭ، ئۆزىڭىز ئىشلىتىپ، ئاشقانلىرىنى خالىسىڭىز ماڭا بىرەر بۆك تىكىپ بېرەرسىز ! — خالىق بۇ ئوماق قىزغا يەتتە ـ سەككىز بۆك پۇتكۇدەك يىپنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتتى.

— سىزدەك مەرد ـ سېخىي ئادەمدىن بۆك ئايالانسۇن، چوقۇم چىرايلىق بۆكتىن بىرنى تىكىپ بېرىمەن ! — خەلىچە شۇ سۆزلەرنى دېگەچ، خالىقنى ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى سىلكىتكىنىچە ئوردا ئىچىگە يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

خالىق خەلىچەنىڭ كۆك ئەتلەس كۆڭلىكى ئۈستىدە مەجنۇنتال چىۋىقلىرىدەك تەۋرەنگەن ئۆرۈمە چاچلىرىغا ھەۋەسلىنىپ بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يايمىسى يېيىلغان قايناق بازار تەرەپكە خۇشال ھالدا مېڭىپ كەتتى.



# تۆتىنچى باب

## ۋاڭ ئوۋغا چىقتى، كەينىدىن غوۋغا چىقتى

تومۇز ئىسسىقىنىڭ جاپالىق كۈنلىرى يېتىپ كەلدى، تۇرپان، لۈكچۈنلەردە يەرلىك خەلقلەر «بوغا تىنچىقى» دەپ ئاتايدىغان كۈنلەر باشلاندى. لۈكچۈن كوچىلىرىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر، سۆگەتلەر خۇددى كېسەل تەگكەندەك كۆرۈنەتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قاپلىغان بولۇپ، پۈرلىشىپ تۇراتتى؛ شاخلار مىدىرلاشقىمۇ ھورۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك سالپىيىپ تۇرۇشماقتا. ئىسسىق ھاۋا ئادەمنىڭ يۈزىگە ھوپ ـ ھوپ ئۇرۇلاتتى. ھەممىلا يەر ئادەمنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كۆيدۈرۈپ، چىمىلدىتاتتى. پۈتكۈل تۇرپان، لۈكچۈن ۋادىسى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان خۇمداندەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەملەر ئىنتايىن تەستە نەپەس ئالاتتى. مۇنداق كۈنلەردە كۈندۈزى يول يۈرۈش، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، پەقەت تاڭ يورۇپ، كۈن يەر ـ جاھاننى قىزىتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ياكى كەچقۇرۇن كۈن غەربكە قىيسىيىپ، تەپتى يانغاندىلا كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنى قىلىۋالاتتى ـ دە، كۈن ئىسسىپ كەتكەندە گەمىلىرىگە، سۇ بويىغا، سايە ـ سالقىن جايلارغا بېرىۋېلىشىپ ئىسسىقتىن پاناھلىناتتى. زەنجىر بىلەن باغلىنىدىغان ھەرقانداق يامان ئىتنىڭمۇ مۇنداق چاغدا قىپقىزىل ئۇزۇن تىلىنى ساڭگىلىتىۋېلىپ، نەم يەرگە باغرىنى يېقىپ ياتماقتىن باشقا ئامالى بولمايتتى. پەقەت تومۇز قاتتىق بولىدىغان

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بىر كۈنلا ئىسسىق ئۆتمىدىغان ئىشەكلەرمۇ سايە يەرلەرگە بېرىۋېلىپ سالپاڭ قۇلاقلىرىنى خۇشياقمىغان ھالدا مىدىرلىتىپ قويۇپ، جىم تۇرۇشاتتى. مۇنداق چاغلاردا پاشا ـ چىۋىنلەرمۇ ئىمجان ھالەتتە ئاران ـ ئاران ئۇچۇشاتتى...

بۈگۈنكى سەھەردە تېخى شەھەر قوۋۇقى ئېچىلماي تۇرۇپلا لۈكچۈن ئوردا ئىچىدە ئادەملەر مىدىرلاشقا باشلىدى. تاڭ قاراڭغۇسى بىلەن سۈبھى ئالماشقان مەزگىلدە، ئاتلار توقۇلۇپ تەخلەندى. ئەھمەد باقى ۋاڭ ناماز بامداتنى ئوردا ئىچىدىلا ئوقۇپ، قىرىق بىر پەلەمپەيلىك تاش پەشتاقتىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چۈشتى. ئۇ بېشىغا سىدام كۆك دۇخاۋا بۆك، ئاق چۇچۇنچىدىن ئۇزۇن چامچا (ئەرلەر كۆڭلىكى)، تامبال كىيگەن. پەلەمپەيدىن چۈشكەندە ئۇنىڭ ناللىق ئۆتۈكى تاراق ـ تاراق ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ ئاتخانا ئالدىدىكى سەيناغا كەلگەندە، بىر كېرىلىپ ئەسنىۋالدى ـ دە، بەك چېكىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ:

— ھەممىڭلار تەخلەندىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تەخلەندۇق، ۋاڭ جانابلىرى، — دېدى چوڭ تەيجى ھامۇت. بۇ ئادەم ئېگىز بوي، قارا ساقاللىق، مۈرىلىرى كەڭ، قوللىرى ئۇزۇن بىر ئادەم ئىدى.

— قېنى نۇجۇۋۇلبەگ؟

— لەببەي ۋاڭ جانابلىرى، مانا مەن ! — نۇجۇۋۇلبەگ چوڭ تەيجىنىڭ كەينى تەرىپىدىن يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى.

— ئەمىسە، ئوردا ئىچى ـ تېشى، يۇرت سىلىگە قالدى نۇجۇۋۇلبەگ، بىز شىكاردىن يانغۇچە ئوردىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلسىلا، ئالدى بىلەن خۇداغا ئامانەت، ئىككىنچىدىن سىلىگە ئامانەت، — دېدى ئەھمەد ۋاڭ.

— خاتىرجەم بولغايلا ۋاڭ جانابلىرى، ئوردىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، — نۇجۇۋۇل بەگ ۋاڭغا

ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

ئوردىدىن بىر توپ كىشى سۇبھى ۋاقتى بىلەن يولغا چىقتى. ئالدىدا چىلان تورۇق ئاتقا مىنگەن يول باشلىغۇچى، ۋاڭنى قوغدىغۇچى چەپ بېگى، ئارقىدىن ئون ـ ئون بەش قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئاق بوز ئاتقا مىنگەن ئەھمەد ۋاڭ، چوڭ تەيجى ھامۇت، ئوردا تېۋىپى خوجامنىيازلار ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغدىغۇچى كاھىبەگدىن تۆتى قاتارلىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولسا قۇشبېگى ـــ ۋاڭنىڭ ئوۋ قۇشلىرىنى باشقۇرغۇچى رۇستەم ھەمراھى بىلەن قوللىرىغا قارچىغىنى قوندۇرۇشقان ھالدا كەلمەكتە، ئۇلارغا ياندىشقان ھالدا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىشقا مەسئۇل زىپەر بۆرەبېگى كەلمەكتە. ئاخىرىدا ۋاڭنىڭ مال ـ چارۋىلىرىغا مەسئۇل كىشى ساجىت قورمال، ۋاڭنىڭ ئات باققۇچىسى گاجىت مىراقۇل (مىراخور) كەلمەكتە ئىدى.

تۇرپان ۋادىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ سانىغاندا تارلاڭغول، شاپتۇللۇق، قارا يۇزىغول، جىغانغول، قۇشبېغى غول (قاراڭغۇغولنىڭ تۆۋەن تەرىپى)، ئۆرتەڭغول، كۆكيارغول دېگەن تاراملار، جىلغا ـ غوللار بار. بۇ غوللار تەڭرىتاغلىرىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار ـ مۇز سۇلىرىنى تۇرپان، لۇكچۇن ۋادىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئېقىن ـ غوللاردۇر. بۇ ئېقىن ـ غوللار يېرىپ ئۆتكەن تاغ ـ ئېدىرلار باغرىلىرى تۇرپان، لۇكچۇنلۇكلەرنىڭ مال ـ چارۋا باقىدىغان يايلاقلىرى بولۇپ، كېيىك سالاداۋان، سارتوقاي، قاپچال دەپسەڭ، بوزچوققا، چوڭ قىشلاق، چوڭشادا، ئاۋغاي، يالغۇزگۈرجەك، خانخورا، تېكەخورا، قوشئۆتەڭ، چوڭلاچىن ئېغىزى، چالقان قاتارلىق بىر يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق مال ـ چارۋا يايلايدىغان كۆكلەم، يايلاق، كۈزلەك، قىشلاقلار بار. مانا مۇشۇ ئورۇنلاردا بۇك ـ باراقسان قارىغايلىق، ئىرغايلىق، توغراقلىقلار بولۇپ، ھەر خىل گۈل ـ چېچەك، ئوت ـ چۆپلەر

بىلەن قاپلانغان، بۇ يەرلەردە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئېيىق، يىلپىز، بۆرە، سۈلەيسۇن قاتارلىقلار، ئوۋ جانىۋارلىرىدىن بۇغا ـ مارال، ئارقار، كېيىك، ئېبدىر كېيىكى، ئۇلار (تاغ توخۇسى)، قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان، كەكلىك قاتارلىقلار بار. تۇرپان، لۈكچۈننىڭ جەنۇب تەرىپىدە كەڭرى كەتكەن چۆللۈك، توغراقتاغ دېگەن ئېبدىرلىق، ئاتمىشبۇلاق، بۆرەبۇلاق، ئۈزۈنبۇلاق، قازانبۇلاق، قومۇشبۇلاق، ئىلى تۇرغۇچ، موللا ئەمەت، چوڭ قۇمقۇدۇق، كىچىك قۇمقۇدۇق دېگەن جايلار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ياۋا تۆگە، ئارقار، جەرەن، قۇلان، چۆل توشقىنى قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ. قىشلىق ئوۋ مانا مۇشۇ جەنۇب تەرەپتىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلسا، يازلىق ئوۋ ـ شىكار شىمال تەرەپتىكى تاغ ـ ئېبدىر، جىلغا ـ غول ياقىلىرىدا، قارىغايلىقلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەھمەد ۋاڭ بىر توپ ئادەمنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار سىركىپ غولىدىن يۇقىرىلاپ، لەمجىن غولىغا چىقماقچى. شۇ يەردە سالقىنلاپ، چۈشتىن كېيىن سىڭگىمگە ئۆتىدۇ. سىڭگىمدە بىر كېچە تۇنەپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە شىمالغا ـــ تاغقا قاراپ مېڭىپ، چۈش پېشىنغىچە چالقانغا يېتىپ چىقىدۇ ـ دە، چالقاندا بىر ئاخشام تۇنەپ، ئاندىن قارىغايتى داۋىنى بىلەن تۈۋەنلەپ، ئۆرتەڭغولىنىڭ باش تەرىپى ـــ ئارىشاڭغا يېتىپ بېرىپ، ھەم سالقىنلىغاچ ھەم شىكار قىلغاچ ئارام ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 1702 ـ يىلى، ئەھمەد باقىنىڭ يېڭىدىن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلى، يازلىقى لۈكچۈندە قاتتىق ئىسسىق بولۇپ كەتتى. تاغلاردىن دورا ئۆسۈملۈك يىغىدىغان ئوردا تېۋىپى خوجامنىيازنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەھمەد ۋاڭ ئۆرتەڭغولىنىڭ باش تەرىپىگە سالقىنلىغىلى چىققاندى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار قارىغايتى داۋىنىدىن ئەمدىلا جىلغا ئىچىگە چۈشكەندە، تۇيۇقسىز ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇر بىر ھازادىن

كېيىن دادۇرچىلىك، ئۆرۈكچىلىك مولدۇرگە ئايلاندى، ئەھمەد ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى داۋان تۇۋىدىكى خادا تاش ئاستىغا بېرىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. ھاۋا بىراقلا سوۋۇپ، ئەھمەد ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جۇدۇندا توڭلاپ، جالاق ـ جالاق تىترەپ كېتىشتى. ئۇ ۋاقىتلار گەرچە ئەھمەد ۋاڭنىڭ ئوتتۇز نەچچە ياشلىق قىران چاغلىرى بولسىمۇ، تاغ تەرەپكە تۇنجى رەت چىققاچقا، بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن جۇدۇننىڭ سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئوردا تېۋىپى خوجامنىيازدىن باشقىسى تۈزۈكرەك يېپىنچا ئالمىغانىكەن، ئۇ كىشى ۋاڭنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ زاپاس ئېلىۋالغان كىيىم ـ كېچەك، يېپىنچىلىرىنى ۋاڭغا يېپىپتۇ، بۇ نەرسىلەرمۇ قاتتىق جۇدۇننىڭ سوغۇقىغا كار قىلماپتۇ. ۋاڭ توختىماي جالاقشىپ تىترەپتۇ. ئوت قالاي دېسە، جىمى دەل ـ دەرەخ، چاتقال ـ چاۋا ھۆل بولۇپ كەتكەن، ئۇلار ئامالسىز ئاشۇ خادا تاش تۇۋىدە غۇژمەكلىشىپ سوغۇقتىن دالدىلىنىپتۇ... كېچىدە سوغۇق كۈچىيىپتۇ. ئىسسىقراق بىر نەرسە ئىچمىگەچكە، بۇ سەپەرچىلەرگە كېچىدە سوغۇق بەكرەك ئۆتۈپتۇ. ئەھمەد ۋاڭ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ:

— ھەي خوجامنىياز تېۋىپ، ئەمدى ئۇستىمىزگە يايقۇدەك بىرەر نەرسە يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— پەقەت ئات ـ ئېشەكنىڭ ئېگەر ـ توقۇمىلا قالدى، — دەپتۇ خوجامنىياز تېۋىپ.

— مەن دېگەن ۋاڭ تۇرسام، ئات ـ ئېشەكنىڭ توقۇمىنى يېپىنسام قانداق بولىدۇ، توڭلاپ قالساممۇ ئۇنداق نەرسىنى ھەرگىز يېپىنماسمەن، — دەپتۇ ۋاڭ.

يېرىم كېچە بوپتۇ، سوغۇق جاندىن ئۆتۈپتۇ. ۋاڭ لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ، چىدىمىغاندا، خوجامنىياز تېۋىپتىن يەنە سوراپتۇ:

— سوغۇققا دالدا قىلغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلماسمۇ

تېۋىپ؟

— ئاتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ قالمىدى. باشقىلار ئۈستىلىرىگە ئارتىشىۋالدى ۋاڭ جانابلىرى، مۇشۇ تاپتا پەقەت ئېشەكنىڭ بىر پارچە توقۇمىلا قالدى، — دەپتۇ تېۋىپ.

— ياق، ئېشەكنىڭ توقۇمىنى يېپىنمايمەن، — دەپتۇ ئەھمەد ۋاڭ.

ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ۋاڭ سوغۇققا راستىلا بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ، ئۇنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپتۇ.

— بىرەر ئامال قىلسىلا تېۋىپ، — دەپتۇ ۋاڭ چىشى چىشىغا جاقىلداپ تەگكەن هالدا.

— باشقا ئامال يوق، ۋاڭ جانابلىرى، مۇشۇ تۇرقىدا ئېشەكنىڭ بىر تاللا توقۇمى قالدى.

— بولسىلا چاپسان، ئۇ نەرسىنىڭ نامىنى ئاتمايلا ئۈستۈمگە يېپىۋەرسىلە! ... — شۇنداق جاپالار بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىغان ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن ئۆرتەڭغولنىڭ باش تەرىپىگە — نىشان قىلغان يەرگە يېتىپتۇ. بۇ ۋاڭنىڭ بىر قورۇ (قوتان) ئۆچكىسى تۇرىدىغان يەر ئىكەن. مالچى سەركە سويۇپ، ۋاڭنى ئوبدان كۈتۈپ، ئۇنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شىكار باشلىنىپتۇ. ۋاڭ بىلەن خوجامنىياز تېۋىپ ئۆتەكتە① ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، توساتتىن كۈنچىقىش يانباغىرلىقتا بىر ئوغلاق ناهايىتى ئېچىنىشلىق مەرەپتۇ. قويچى يانباغىرلىققا يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئوغلاق پاتقاققا پېتىپ قالغانىكەن، ئوغلاقنى چىقىراي دەپ بارغان قويچىمۇ پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ. پاتقاق پۇتىنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىق ئىكەن. قويچى مىڭبىر مۇشكۈلدە پۇتىنى پاتقاقتىن چىقىرىپتۇ ھەم ئوغلاقنىمۇ پاتقاقتىن چىقىرىپ، يانباغىرلىقتىن يېنىپ چۈشۈپ بولغان

① ئۆتەك — قويچى ھەم قويلار تۇرىدىغان جاي.

ئەھۋالىنى ۋاڭ بىلەن غوجامنىياز تېۋىپقا دەپ بېرىپتۇ. خوجامنىياز تېۋىپ قويچىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، ئوغلاق پېتىپ قالغان يەرگە چىقىپتۇ. خوجامنىياز تېۋىپ ئەتراپنى ئىنچىكە كۆزىتىپتۇ، يۇقىرىغا چىقىپتۇ، ئەتراپنى ئارىلاپتۇ. تاغنىڭ ئۇستىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان سۇ بىر قاپتالدىن سىڭىپ ئۆتكەندە بەزى تارامدىكىسى ئىسسىق، بەزى تارامدىكىسى سوغۇق، بەزى تارامدىكىسى چۈچۈمەل، بەزى تارامدىكىسى قىرتاق ئىكەن. خوجامنىياز تېۋىپ بۇ مۆجىزىنى خېلى ۋاقىت مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپتۇ. سۇ سىرغىپ ئۆتكەن قاپتالنىڭ پەس تەرىپىدىكى گىياھلارنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ ـ دە، ھەر بىر تارامدىن سىرغىغان سۇغا بىردىن كۆلچەك ياساپتۇ. ئەتىسى، ئۆگۈنلۈككە ۋە ئىندىنلىققا بىللە چىققان ئادەملەرگە بۇ سۇلاردا يۇيۇنۇشنى، ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قىپتۇ. ئون نەچچە كۈن جەريانىدا خوجامنىياز تېۋىپ ئىنچىكە كۆزىتىش، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، سىرغىپ چۈشكەن سۇنىڭ شىپالىق، خاسىيەتلىك سۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئاندىن ھەر بىر كۆلچەكتىكى سۇغا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە يۈرەك ئاغرىقىغا شىپا، بەل ئاغرىقىغا شىپا، بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا، تېرە كېسىلىگە شىپا ... دېگەندەك ناملارنى بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆرتەڭغولنىڭ باش تەرىپىدە شىپالىق ئارشاڭ پەيدا بولغانىكەن. كېيىنچە، خوجامنىياز تېۋىپ ئۇ ئارشاڭلارنى ئون يەتتە خىلغا بۆلۈپتىكەن...

شۇ قېتىملىق ئاچچىق ساۋاقتىن كېيىن ئەھمەد باقى ۋاڭ ھەر يىلى سالقىنلىغىلى چىققاندا، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ «قىشتا ئوزۇق، يازدا يېپىنچا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇ يېتەرلىك چاپان ـ چارا، يېپىنچا ئېلىپ بۇ ئارشاڭ بار يەرگە يىلدا شىكار قىلغاچ، ئارشاڭغا چۈشكەچ ئارام ئالىدىغانغا كېلىدىكەن.

ئەھمەد ۋاڭ چالقاننىڭ قارىغايتى داۋىنى ئارقىلىق ئارىشاڭغا پەسلىگەندە، ھېلىقى جۇدۇندىن دالدىلانغان خادا تاش تۈۋىدە بىردەم ئارام ئېلىپ، يۇقىرىقى گەپلەرنى ئېيتىپ بەردى ھەم كاھلارنىڭ ئىچىدىكى بۇ تاغقا تۇنجى چىققان ئىككىسىگە بىر تال ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا يېڭى ئات تېزىكىنى سانجىپ، ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىنى چىشلەتكۈزدى. بۇ بىرەر مەنزىلگە يەتكۈچە شۇ سەپەرگە يېڭى ئاتلانغان ئادەملەرگە قوللىنىدىغان بىر ئادەت ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، سەپەر ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ دېيىلەتتى. سەپەرچىلەر ئاشۇ خىل ئۇسۇلنى بۇ تاغقا تۇنجى رەت چىققان ئىككى كاھبەگكە زورلاپ قوللىنىپ ھەم ئەھمەد ۋاڭنىڭ قىزىقارلىق گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇزاق يولنى زېرىكمەي بېسىپ، چۈشكە يېقىن ئارىشاڭغا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇردا ئىچىدە بىرقانچە كۈنگىچە تەرتىپ قاتتىق يۈرگۈزۈلدى.

ئۇردا دەرۋازىسى ۋاقىچە ئېچىلىپ، بالدۇرلا تاقالدى. كۈندۈزلۈك كۆزەتچىلەرنى ۋە كېچىلىك جېسەكچىلەرنى نۇجۇۋۇلبەگ ئۆزى تەكشۈرۈپ ـ ئارىلاپ تۇردى. ھېچكىمگە ھەتتا يېرىم كۈنلۈكمۇ ئارام ۋاقتى بېرىلمىدى. بىراق، بۇنداق چىڭ تۇتۇش ئۇزاققا بارمىدى. قاراۋۇللار گەرچە ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، بەزىلىرىگە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، ئىچى سۈرۈپ يېتىپمۇ قالدى. بەزىلىرى خىزمەت ئورنىدا ئاياغقا دەسسەپ تۇرغان بولسىمۇ، جانسىز، روھسىز، خۇددى ئۇسساپ كەتكەن قوناقتەك سولاشقان ھالەتتە ئىدى. بەزى تۈۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئەتىسى ـ ئاخشىمى نۇجۇۋۇلبەگنىڭ ئۆيىگە بىرەر پاقلان، ئوغلاق ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇ يۇرتقا بارىدىغان ئىشىم بارئىدى، پالانى تۇغقىنىم ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، بېرىپ يوقلاپ كېلەي دېۋىدىم، دەپ يۈرۈپ بىر ـ ئىككى كۈنلۈك رۇخسەتمۇ ئالغان بولدى. چىنىخان نۇجۇۋۇلبەگكە بىر ئاق يىپەكتىن پەرىجە، بىر دانە بۆك تىكىپ ھەدىيە قىلىپ:

ــ ۋاڭ جانابلىرى شىكارغا كېتىپ، سىلىگە ئوردىنىڭ كۆپ

جاپاسى قالدى، ۋاڭ قايتىپ كەلگەندە، مەن سىلىنىڭ تارتقان جاپالىرىنى ۋاڭغا يەتكۈزەرمەن. ھاۋا ئىسسىق، ئۆزلىرىنى ئالدۇرۇپ قويمىسىلا، — دەپ ماختاپ، تەكەللۇپ قىلىپ قويدى. نۇجۇۋۇلبەگ ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ، يىپەك پەرىجە بىلەن بۆكنى ئالدى ۋە ھەشقاللا ئېيتىپ:

— بەك جوۋاپ كېتىپتىلا، خېنىم، كۆپ رەھمەت. ئوردىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىش بىز قۇللىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەسمۇ، قانداق بۇيرۇق، كۆرسەتمىلىرى باركىن، قولۇم كۆكسۈمدە، — دېدى. نۇجۇۋۇلبەگ ئەھمەد ۋاڭنىڭ مۇشۇ توقىلىغا — چىنىخانغا ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىشىكئاغا① لىق مەنسىپىگە بولغان تەمەسىنى مۇشۇ توقال ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشنى خىيال قىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا، چىنىخاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغىنى ئىدى.

چىنىخاننىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن نۇجۇۋۇلبەگ قاراۋۇل، كۆزەتچى ۋە جېسەكچىلەرنىڭ كۆزىگە ئانچە كىرىۋالمايدىغان بولدى. قاراۋۇللارمۇ ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا ئانچە - مۇنچە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، سايىدىۋالىدىغان بولدى. نۇجۇۋۇلبەگنىڭ ئۆزىمۇ ئۇ - بۇ يېقىنلىرى چاقىرغان زىياپەتلەرگە، باغ - باراۋەتلەرگە بارىدىغان بولدى، ھاۋا قىزىپ كەتكەن چاغلاردا ئوردا كەينىدىكى باغقا — ئېرىق ياقىسىدىكى گۈللۈككە كارىۋاتنى قويدۇرۇپ، كېنىزەك قىزلارغا ئۆزىنى يەلپۈتۈپ، ۋاڭغا ئوخشاشلا كۈن ئۆتكۈزگىلى تۇردى. ئوردا ئىچى سەل بىخۇد ھالەتكە ئۆتتى.

چىنىخان مانا مۇشۇ پۇرسەتتە خەلىچەنى ئاستانىگە يولغا سالدى.

خەلىچە نىياز ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ كېلىش

① لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدىكى بىر مەنسەپ. ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يۆتكەش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىسىنى چۈشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلان قىلغۇچى.

مۇددىئاسىنى ئېيتىۋىدى، ئاخۇنۇم بىر تالىپنى چاقىرىپ خەلىچەنى ئىمىن سوپى ۋە خالىقلار مەشىق قىلىۋاتقان مازارلىققا باشلاپ ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلىدى. مازارلىقتا يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە ئەر قىلىچ، نەيزە، ئوقيا ئېتىش مەشىقى قىلىۋاتاتتى. يېقىن بارغاندا تالىپ بالا خەلىچەنى توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى خالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. خالىق قولىدىكى نەيزىسىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئىككى تاقلاپلا خەلىچەنىڭ يېنىغا باردى.

— تىنچ ـ ئامانلىقمۇ سىڭلىم، لۈكچۈندىن قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى خالىق قوي كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان خەلىچەگە قاراپ.

— ھېلىراقتا كەلگەنىدىم. سىزگە ئاتاپ تىككەن بۆكنى ئۆز قولۇم بىلەن بېشىڭىزغا كىيدۈرۈپ باقاي دېۋىدىم، — دېدى خەلىچە ۋە قولىدىكى بوغچىسىدىن قىزىلگۈللۈك بۆكنى چىقاردى.

— ۋاي سىڭلىمەي، مېنى لۈكچۈنلۈكتەك قىزىلگۈللۈك بۆك كىيىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ !

— لۈكچۈنلۈكتەك قىزىلگۈللۈك بۆك كىيسىڭىز لۈكچۈندە تۇرۇپ قالارسىز بولمىسا !؟ — خەلىچە خالىق ئاغىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى ۋە قولىدىكى بۆكنى خالىق ئاغىسىغا تەڭلىدى:

— بويىنىڭىزنى ئېگىپ، بېشىڭىزنى پەس قىلىڭ، بۆكنى كىيدۈرەي دېسەم بويۇم يەتمىگۈدەك.

— مۇشۇ كەمگىچە قىز ـ ئاياللارغا بويىنۇمنى ئېگىپ باقماپتىمەن. بۆكنى ماڭا بېرىڭە، ئۆزۈم كىيەي.

— ياق، ئۆزۈم كىيدۈرۈپ قويىمەن !

خالىق بىر كەينىگە، بىر خەلىچەگە قارىدى. خەلىچە قوي كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە كۈلۈپ تۇراتتى. خالىقنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا بويىنىنى ئېگىشكە يول قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەينىدە بىرمۇنچە ئەر ـ يىگىتلەر قاراپ تۇرسا !؟

— ماڭا بېرىڭ، ئۆزۈم كىيەي.

— ياق، ئۆزۈم كىيدۈرۈپ قوياي، سىز كىتاب ئوقۇمىغانمۇ؟ مۇشۇ يۇرتىمىزدا قەدىمدىن قالغان:

«نۇقسانسىز شۇ خۇتۇن ـ قىزلارغا،

ئەرلەر بوينىنى ئەگمىكى كېرەك».①

دېگەن قوشاقنى ئاڭلىماپتىكەنسىز ـ دە؟

خەلىچەنىڭ بۇ سۆزى خالىقنىڭ بېشىغا توقماق بىلەن بىرنى سالغاندەك، ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ جىق ئوقۇيالمىغان، تىرىكچىلىكىنىڭ دەستىدىن ئۇنىڭدا كىتاب ئوقۇغۇدەك ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. خالىق ھۇپپىدە بىر قىزاردى ـ دە، خەلىچەنىڭ گېپىگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي، ئاخىر بوينىنى ئېگىپ تۇردى، خەلىچە بۆكنى خالىق ئاغىسىنىڭ بېشىغا ئاۋايلاپقىنا كىيدۈردى. بۆك خالىققا ياراشقانىدى.

— مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى خەلىچە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت سىزگە، بۆكنى كىيىشكە نېسىپ قىلسۇن، — دېدى خالىق ۋە ئۇلاپلا:

— مۇشۇ بۆكنى كىيدۈرگىلى ئاتايىن لۈكچۈندىن كەلمىگەنسىز ـ ھە؟ چىنىخان ئايلىڭىزنىڭمۇ سوۋغا ـ سالىمى باردۇر ؟ — دېدى خالىق خەلىچەگە تەلمۈرۈپ قاراپ.

ئالتە ئايدا بىر تون تىكتىم،

ئەملىدىمۇ، يەملىدىمۇ.

ئارىدا قونۇپ سۇ ئەكەلدىم،

يۇگۈردۈمۇ، ئۇچتۇمۇ؟

دەپ سىزگە كۆڭلۈمنى ئاران بىلدۈرسەم، قاچىدىكىنى يەپ تۇرۇپ قازاندىكىگىمۇ قارايدىغان ئاچ كۆز ئادەم ئوخشىمامسىز؟ — دېدى خەلىچە چاقچاق قىلىپ.

---

① بۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان قوشاق.

— ئۆردەكنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول، دەپتىكەن ئەمەسمۇ؟! — دېدى خالىق. بۇ قېتىم ئۇ بوش كەلمىدى.

— مانا، چىنىخان ئايالمىنىڭ سوۋغىسى، — خەلىچە بوغجۇمىسىدىن ھال رەڭ ياغلىقنى تۇگۈنچەك پېتى خالىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

خالىق ھال رەڭ ياغلىقنى يەشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يىلتە قىزىل مەشۈت يىپنى ۋە قاتلاقلىق قەغەزنى كۆردى ـ دە، خەلىچەگە يا ئۇنداق، يا مۇنداق گەپ قىلىشقا ئۇلگۈرمەيلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، تېز ـ تېز يۈگۈردى.

— ھوي خالىق، قىز بالىنىڭ قولىدىن بىر نېمىنى ئېلىپ قاچتىڭغۇ نومۇس قىلماي!؟

— قىز بالىدىن ئۆركۈپ كەتتى بولغاي بۇ توڭكاي!

مەشىق قىلىۋاتقان ئەر ـ يىگىتلەر تۇشمۇتۇشتىن سۆزلىگىلى تۇردى. خالىق ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن يۈگۈرگىنىچە گۈمبەز ئىچىگە — ئىمىن سوپىنىڭ يېنىغا كىرىپ، خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى.

خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ۋاڭ ئۆرتەڭغولغا شىكارغا چىقىپ كەتتى. مۇشۇ پەيشەنبە كۈنى پېشىن ناماز ۋاقتىدا ئوردىغا تېگىش قىلىڭلار! چىڭقىچۇشتە چوڭ دەرۋازا ئالدىغا مېنىڭ خېتىمنى ئېلىپ بارغان مۇشۇ خەلىچە دېگەن قىزنى سىلەرنى باشلاپ كىرىشكە چىقىرىمەن. ۋەسسالام، سۆز تامام!»

ئىمىن سوپى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خالىقنى قۇچاقلاپ ئىككى چۆرگىلىتىپ يەرگە قويدى ۋە ئاجايىپ بىر خىل جۇشقۇنلۇق بىلەن:

— خالىق، باش كۆتۈرىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپتۇ! ئىنشائاللا! — دەۋەتتى.

خالىقمۇ ھاياجان بىلەن:

— ئىنشائاللا، ئىنشائاللا! — دېدى.

ئىمىن سوپى خەلىچەنىڭ قولىغا پوكلەكلىك قەغەزنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالدى.

— خۇدا خالىسا ئىككى كۈندىن كېيىن لوكچۈن ئوردىسىدا كۆرۈشەرمىز، خەلىچە! — دېدى. بۈگۈنكى كۈن سەيشەنبە كۈنى ئىدى.

ئىمىن سوپى خالىق بىلەن ئوردىغا تېگىش قىلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

*　　*　　*

پەيشەنبە كۈنى، چۈشكە يېقىن لوكچۈن ئوردىسىنىڭ چوڭ قوۋۇقى ئالدىدا ئون نەچچە هارۋا توختىدى، هارۋىلارغا تاغار - تاغاردا ئاشلىق بېسىلغان. بۇ ئاشلىقلار بۇغداي ئورمىسىدىن كېيىنلا ئوردىغا تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق هېسابىدا توشۇپ كېلىنگەن، هەر بىر هارۋىدا ئىككىدىن ئادەم، ئۇلارنىڭ باشلامچىسى قاپقارا ساقال قويغان ئىمىن سوپى بىلەن خالىق خاسار ئىدى. ئىمىن سوپى ئوردىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىنلا كىشىلەرنىڭ ئاسانلىقچە تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قويۇق ساقال قويۇۋالغانىدى.

ئاشلىق باسقان هارۋىلار چوڭ قوۋۇقنىڭ ئالدىدا قاتارلىشىپ تۇرۇپ كەتتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە ئۇلار قوۋۇقچىلارغا نەچچە رەت يېلىنىپ - يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئوردا هويلىسىغا كىرەلمىدى، چۈنكى نۇجۇۋۇلبەگ هاۋا ئىسسىشقا باشلىغاندىلا بىر ياققا كېتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىجازىتى بولمىسا ئوردا ئىچىگە پاتمانلاپ ئالتۇن بولسىمۇ ئېلىپ كىرىشكە بولمايتتى.

هارۋىكەشلەر هارۋىلارنىڭ دالدىلىرىغا كىرىۋېلىشىپ بۆكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى يەلپۈمەكتە، هارۋىغا قېتىلغان ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىدىن، ساغرىلىرىدىن يول - يول سىزىقچىلار شەكىللىنىپ، خۇددى ئاتلارنىڭ مېيى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك،

تەرلەر تۆۋەنگە قاراپ ئاقماقتا. ئىمىن سوپى بىلەن خالىقمۇ ئاپتاپتىن قېچىپ، سېپىل تۈۋىدىكى ئازغىنا سايىغا بېشىنى تىقىشتۇرۇپ، بۆكى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشۈپ، ھۆمۈدەپ ئولتۇردى. ئەگەر بۇنداق ھالەت يەنە بىر ئاش پىشىم داۋاملاشسا، ئاتلارغىمۇ، ئادەملەرگىمۇ ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار، قوۋۇقچىلار ۋە ئوردا خىزمەتچىلىرى ئىككىدىن ـ تۆتتىن بولۇپ، بىرلىرى كەلسە، ئىككىسى كېتىپ دېگۈدەك چۈشلۈك غىزاسىنى يەپمۇ كېلىشتى. مۇقىم قاراۋۇللار، چېرىكلەر، ئوردىدا دائىم تۇرۇشلۇق خىزمەتچى خادىملارغا ئوردا ئاشخانىسىدىن تاماق بېرىلەتتى. چىڭقىچۈشمۇ بولدى، قۇياش باش ئۈستىگە تىكلەندى، يەر ـ جاھان خۇمدانىدەك قىزىپ كەتتى، قۇشقاچلار دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا ئاغزىلىرىنى ئېچىشىپ، تاماقلىرىنى لىپىلدىتىپ، قاناتلىرىنى تاشلاپ تۇرۇشاتتى. كوچا ـ كويلاردا ئادەملەر شالاڭلاشتى، پەقەت پېشىن نامىزىغا ئالدىراپ ماڭغان ئەرلەردىن باشقا ئادەملەرنى ئۇچرىتىش تەس ئىدى. ئات ۋە ئادەملەرنىڭ تاقىتى تاق بولغاندا ئىچكىرىدىن خەلىچە چىقىپ، خالىق بىلەن ئىمىن سوپىنى ئىچكىرىگە باشلاپ ماڭدى. ئىمىن سوپى ئالدىنقى قېتىم ئوردىغا كىرگەندە ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغاندەك، بۇ قېتىممۇ ئەتراپقا قاراشتۇرۇپ ماڭدى. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، ھەتتا بەشىنچى ئىشىكتىكى قاراۋۇللارمۇ بۇ قېتىم ناھايىتى روھسىز، ئۇيقۇ چىراي، سالپىيىشىپ تۇراتتى. سېپىل ئۈستىدىكى كۆزەتچى چېرىكلەرمۇ ئايپالتىلىرىنى تۇتقان پېتى سېپىل كۈنگۈرىسىنىڭ سايىسىدا مۈگدىگەن قىياپەتتە كۆرۈندى. بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ قاراۋۇللار يالغاندىن مۈشۈنداق بولۇۋالغانمۇ ياكى ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن شۇنداق بولۇپ قالغانمۇ؟ ئىمىن سوپى شۇنداق خىياللار بىلەن چىنىخاننىڭ يازلىق ھۇجرىسىغا كىردى. چىنىخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ـ يۇ،

ئىمىن سوپىنى تەستە تونۇدى ۋە:
— ئادەملىرىڭلار قېنى ئىمىن ئاغا؟ — دېدى.
— ئۇلار چوڭ دەرۋازا سىرتىدا ئاپتاپتا قاق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.
— ماڭ خەلىچە، ئۇلار هارۋىلارنى ئوردا ئىچىگە هەيدەپ كىرسۇن، — دېدى چىنىخان ۋە ئىمىن سوپى بىلەن خالىققا قاراپ:
— يېنىڭلاردا پىچاق ـ خەنجەردەك بىر نېمەڭلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بار، مانا! — ئىمىن سوپى بىلەن خالىق تەڭلا سەرگەزدىن تىكىلگەن چامچىسىنىڭ پېشىنى قايرىپ تامبىلىنىڭ لىپىزىگە قىستۇرۇقلۇق كالتە ساپلىق شەمشەرنى كۆرسىتىشتى.
— ئۇنداق بولسا، سىلەر ئالدى بىلەن بەشىنچى ئىشىكتىكى ئايپالتا تۇتۇپ تۇرغان ئىككى قاراۋۇلنى جايلىۋېتىڭلار. ئاندىن هارۋا هەيدەپ كەلگەن هەمراهلىرىڭلاردىن بەش ـ ئون كىشى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قاراۋۇللارنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، تىرىك باغلىسۇن، لېكىن ئۆلتۈرمىسۇن، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك هالى يوق، — دېدى چىنىخان.
خالىق بىلەن ئىمىن سوپى بەشىنچى ئىشىك يېنىدىكى يۇمىلاق پەنجىرە تۈۋىدە تۇرغان ئىككى قاراۋۇلنى ئاغزىنى ئېتىپ، كەينى كەينىدىن دىسلاپ جىمىقتۇردى ۋە ئىككىسى تەڭلا پەسكە چۈشتى. ئىمىن سوپى ئۇندىن ئارتۇق بۇرادىرىنى سېپىل ئۈستىگە باشلاپ چىقىپ سېپىل كۇنگۇرىسىنىڭ سايىسىدا سايىداپ تۇرغان قاراۋۇللارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، چەمبەرچاس باغلىۋەتتى، قارشىلىق قىلغانلىرىدىن بىر ـ ئىككىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. خالىق بولسا ناهايىتى چەبدەسلىك بىلەن چوڭ دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان تۆت نەپەر قوۋۇقچى چېرىكنى بۇرادەرلىرى بىلەن ئېتىلىپ بىرىسپلا بوغۇشلىدى ـ دە، ياتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن زىندان تەرەپكە بېرىپ

ئۇ يەردىكى چېرىكلەرنى جىمىقتۇردى. چوڭ دەرۋازا تاقالدى. ئىمىن سوپى سېپىل ئۈستىدىكى كۆزەتچىلىك ئۆيلىرىدىكى ئارام ئېلىپ، نۆۋەتچىلىكنى كۈتۈپ تۇرغان چېرىكلەرنى سىرتقا سۆرەپ چىقىۋاتقاندا، ئىلگىرى ئۆزى سەكرىگەن پەنجىرە ئورنىدىن بىر چېرىك چەبدەسلىك بىلەن باغقا سەكرەپ كۆزدىن غايىب بولدى. خالىقمۇ زىندان ئىشىكىگە قاراۋاتقان گۇندىپاي چېرىكلەرنى جىمىقتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۈچىنچى قوۋۇقتىن كىرىپ ئوردىنى ساقلايدىغان قاراۋۇللار تۇرالغۇسىدىكى چېرىكلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدىلا ئوردا ئىمىن سوپىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئوردا قاراۋۇل، چېرىكلىرىدىن پەقەت ئۈچ ـ تۆت ئادەم ئۆلتۈرۈلگەندىن باشقا، قالغانلىرى تىرىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقۇدەك مادارى يوق، بۇ نېمە ئىشتۇ؟

— ئىمىن ئاغا، ھەي خالىق ! — دەپ توۋلىدى قىرىق بىر تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان چىنىخان، — ئەمدى چاپسان بېرىپ زىنداندىكىلەرنى بوشىتىڭلار ! ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەم قاماقلىق تۇرىدۇ !

— ئىمىن سوپى بىلەن خالىق بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ بېرىپ زىندانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇ يەرگە قاماقلىق ئادەملەرنى سىرتقا چىقىرىشقا باشلىدى. زىندان — تاملىرى قېلىن، كىچىك ـ كىچىك كېمىر ئۆيلەر بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا كەتكەن كارىدورنىڭ ئىككى قاسنىقىغا بىر ـ بىرىگە ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆيلەر ئىدى. ھەر بىر كېمىر ئۆيگە سەككىز ـ ئوندىن تىقما ـ تىقما ھالەتتە قامالغان چاچلىرى ئۆسۈك، كىيىملىرى جۇلدۇر ئادەملەر كەينى ـ كەينىدىن تاشقىرىغا چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى دەماللىققا كۈچلۈك ئاپتاپتا كۆزىنى ئاچالمىدى. ئۇلار ئوردا مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ، غېدىر ـ ئاپقۇرلاردا كەينى ـ كەينىدىن ئۇسسۇلۇق بېرىلدى، خالىق بۇ قامالغان ئادەملەرنىڭ سانىنى ئېلىۋىدى، يەتتە يۈزدىن ئارتۇق

چىقتى. بۇ ئادەملەرنى دەماللىققا بىر ياقلىق قىلمىسا، مۇنداق پىژغىرىم ئاپتاپتا ئوردا ئىچى تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. ئىمىن سوپى جازا سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار ! ئەھمەد باقى ۋاڭ تەڭرى يولىدىن تېيىپ، يۇرت خەلقىگە ئېغىر ئالۋان - ياساقلارنى سېلىپ، زۇلۇم - ستەم قىلىپ، خەلقنى زار - زار قاقشاتتى. سىلەرگە ئوخشاش زامانىمىزنىڭ سەرخىللىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ھەپسىگە سېلىپ خورلىدى. بۇ زالىم ۋاڭنىڭ دورىدا (دەۋرىدە) ئەل - يۇرت گۈللىنىش تۇگۇل، خارابلىشىشقا يۈزلەندى ! يۇرت خەلقى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ زۇلمىنى تارتقانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە بۇ نائەھلى ۋاڭنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، يىلىكى ئۈزۈلدى. پىچاق سۆڭەككە يەتتى ! بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ دېگەندەك، بىز بۇ زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەختىنى تارتىۋالدۇق ! سىلەر كۆپ ئازاب چەكتىڭلار، خالىساڭلار ئۆيلىرىڭلەرگە كېتىڭلار ! خالىساڭلار ئوردا ئىشلىرىغا ھەمدەملىشىڭلار !

— كەتمەيمىز !

— ئوردا ئىشلىرىغا قارىشىپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشىمىز !

— بىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرغان ئىمىن سوپىغا ئەگىشىمىز!

مەيدان قاينىماقتا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھاياتىدىن، ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، قاراڭغۇ ھەپسىدە قامىلىپ ياتقان بۇ ئەرلەر خۇددى قەپەستىن بوشانغان شىرلاردەك ھەيۋە كۆرسىتىپ، قويۇپ بېرىلگەن كەپتەر تۈپىدەك گۈرۈلدىمەكتە، توۋلىماقتا، ۋارقىرىماقتا...

كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئېگىز بوي، كەكە ساقال، قاپاقلىرى دۆڭرەك كەلگەن، ئاق پىچىم بىر ئەر ئايرىلىپ چىقىپ جازا

سۆپىسى ئۈستىدە تۇرغان ئىمىن سوپى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى، بۇ ئادەم ھەپىسىدە شۇنچە ئۇزاق ياتقىنىغا قارىماي، قوللىرى تۆمۈرچىنىڭكىدەك قاتتىق، قۇۋۋەتلىك ئىدى. ئۇ كۆپچىلىكنى قول ئىشارىتى بىلەن جىم تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، سۆز قىلدى:

— قېرىنداشلار ! بىزگە ئەھمەد باقى كېپىشبەگدەك نائەھلىلەر باشچى بولالمايدۇ، ئەمدى بىزنىڭ باشچىمىز ئىمىن ۋاڭ بولىدۇ! بۇنىڭدىن كېيىن دومۇ دو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورىدۇر① !

— دومۇدو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى !

— ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى !

ئوتتۇرىغا چىققان ئېگىز بويلۇق ئەر مۇرتۇق ئۇلۇغكۆللۈك شاپى دېگەن ئادەم ئىدى. ئۇ كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئىمىن سوپىنى دەس كۆتۈرۈپ ئالامان ئىچىگە ئېلىپ كىردى، بىر قانچە تەمبەل يىگىت ئىمىن سوپىنى يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ ئاسمانغا بىر قانچە قېتىم ئاتتى، ئالامان تۇۋلاشتى:

— دومۇدو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى !

— دومۇدو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى !

...

بىر ھازادىن كېيىن مەيداندىكى شاۋقۇن - سۈرەن پەسەيدى. ھەپىسىدىن قۇتۇلغانلار بىر - بىرلەپ رويخەتكە ئېلىندى، ئادەملەر رويخەتكە ئېلىنغاندا، مۇرتۇق - سىڭگىم، قاراغوجا - ئاستانە، تۇرپان - يارغول، باغرى - بۇيلۇق، يەمشى - ئايدىڭكۆل، چاتقال - چىگەبۇلاق، لۈكچۈن - دىغار، سىركىپ - لەمجىن، تۇيۇق - ياڭخى دېگەندەك يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە تىزىملاندى. ھەر بىر بىرلىككە بىردىن مەسئۇل كىشى — بەگ

① دومۇدو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى — شۇ ۋاقىتتا خەلق ئىچىدە مۇشۇ گەپ چىققانىكەن. بۇ گەپ ھازىرغىچە تۇرپان، لۈكچۈن خەلقلىرى ئارىسىدا ئامىتى كەلگەن ئادەملەرگە ئىشلىتىلمەكتە. «ھازىر ئىمىن ۋاڭنىڭ دەۋرى» دېگەنلىكتۇر.

تەيىنلەندى. كېتىمىز دېگەنلەردىن، ئۆيىمىزنى، بالىچاقىمىزنى كۆرۈپ كېلىمىز دېگەنلەردىن ھەر بىر يۇرت ـ مەھەللىدىن بىر قانچىدىن ئادەم چىقتى. قالغان بەش يۈزدەك ئەر ـ يىگىت ئوردىنىڭ قاراۋۇللۇقى، چېرىكلىكى ۋە باشقا مۇھىم ئىشلىرىغا قويۇلدى. خالىق لەشكەر بېشى، شاپى سىڭگىم ـ مۇرتۇقنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

مۇشۇ ئىشلار بىرەر قۇر بېسىققاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئىمىن سوپى، خالىق سەرۋاز، شاپىبەگ قاتارلىقلار چىنىخان بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرۇشتى، گەپتىن ـ گەپ چىقىپ خالىق مۇنداق دېدى:

— شۇنچە ھەيۋەتلىك لۈكچۈن ئوردىسىنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدىلا قولغا چۈشۈردۇق دېسە، خۇددى چۆچەكلەردە شەھەر ئالغاندەكلا !؟

چىنىخان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئىمىن سوپى سورۇندىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— سىلەرگە ئاسان تۇيۇلغان بۇ ئىش چىنىخان تەرەپتىن ناھايىتى ئىنچىكە پىلانلانغانلىكەن ئەمەسمۇ !؟ — دېدى.

— قېنى چىنىخان ئېيتقىنا، قانداق پىلانلىغاندىڭ ؟ — دېدى خالىق قىزىقسىنىپ.

— بۇنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىش، ئەسلىدە نۇسرەت سىلەرگە يۈزلەنگەن، گەپ شۇ ! — دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن.

— سۆزلەپ بېقىڭ، خېنىم، بىزنىڭمۇ كۆزىمىز ئېچىلىپ قالسۇن، — شاپىبەگ سۆز قىستۇردى.

چىنىخان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ماختاشنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— سۆزلەپ بەرسىلە، خان ئاچا! — دېدى داستىخاندا چاي قۇيۇۋاتقان خەلچە، — ئوردا ئىمىن ۋاڭنىڭ قولىغا ئۆتكۈچە

قانچە كېچىلەر كىرپىك قاقماي چىقتىلاغۇ ؟!

— ماقۇل ئەمىسە، سۆزلەپ بېرەي، — چىنىخان كىشىنى ئۆزىگە يېلىندۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

ئەھمەد ۋاڭ ئۆرتەڭغولغا شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوردا تەرتىپى نۇجۇۋۇلبەگ تەرىپىدىن بىرقانچە كۈن قاتتىق يۈرگۈزۈلدى. چىنىخان بۇ خىل ئەھۋالنىڭ پايدىسىزلىقىنى پەملەپ، نۇجۇۋۇلبەگكە بۆك ۋە يىپەك پەرىجە ئىنئام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە: «ئۆزلىرىنى ئىسسىقتا ئالدۇرۇپ قويمىسىلا» دېگەن گەپ بىلەن نۇجۇۋۇلبەگكە بېشارەت بەرگەندىن كېيىن، نۇجۇۋۇلبەگ بىرقانچە كۈن بولسىمۇ ۋاڭدەك ياشىۋالاي، دېگەن ئوي بىلەن بايلار چاقىرغان زىياپەتلەرگە، باغ — باراۋەتلەرگە بېرىپ تۇردى، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا ئوردىدىن چىقىپ، كەينىدىكى باغدا كېنىزەكلەرگە ئۆزىنى يەلپۈتۈپ، ھۇزۇرلىنىپ ياتتى. بىرەر — يېرىم قوزا — ئوغلاقنى ئاخشاملىرى ئۆيىگە ئاستىرتىن سۆڭگۈتكەن سىپاھ، ئەمەلدارلار، خادىملارغا بىرەر — ئىككى كۈنلۈكتىن دەم ئېلىشمۇ بەردى. چىنىخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن سىدىرلار① نى يازلىق زىرائەتلەردىن ئىجارە ھەققىنى بالدۇرراق يىغىۋېلىشقا يېزا — كەنتلەرگە ئەۋەتتى. ئوردىدا ئادەم ئازلىدى ھەم تەرتىپ سەل بوشاشتى. ئەڭ مۇھىمى، ئاشۇ پەيشەنبە كۈنى ئوردا ئاشخانىسىغا «پەيشەنبىلىك ياغ پۇرىتىڭلار» دەپ پوشكال سالدۇرغان چىنىخان ئاتايىن بىر چېلەك كەندىر يېغىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئوردا ئاشپىزى سېلىمخان ئايلىغا تاپىلاپ، ئوردىدىكى چوڭ — كىچىك، توڭ — پىششىقنىڭ ھەممىسىگە پوشكالنى يېگۈزگەن. ئۇ كۈنى نۇجۇۋۇلبەگ «پېشىن نامىزىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن» دەپ

① لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلەرنىڭ ئىجارىسىنى يىغقۇچىلار.

قويۇپ ئوردىدىن بالدۇرلا كېتىپ قالغان. ھاۋانىڭ قىزىقى بىلەن كەندىر يېغىدا پىشۇرۇلغان پوشكالىنىڭ مەست قىلىشى نەتىجىسىدە قاراۋۇللار، كۆزەتچىلەر ۋە يۇگۇر - يېتىمغا چاپىدىغان خادىملارنىڭ تامامى مەستخۇش بولۇپ، ئىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. مانا شۇ ئەھۋالدا ئىممىن سوپى بىلەن خالىق ئوتتۇزچە ئادەم بىلەنلا ئوردىنى ئىگىلىۋالغان.

— تووۋا ؟! — دېدى خالىق، — ئايال كىشىنىڭ قىرىق بىر ھۈنىرى بار دەپ ئاڭلىۋىدىم، بۈگۈن بۇ گەپكە راستلا ئىشەندىم !

— بىلىپ قالغىنىڭ ياخشى بولدى، خالىق، بۇنىڭدىن كېيىن ئاگاھ بول، خەلىچە بۇرنۇڭدىن يېتىلەپ كەتمىسگەي جۇمۇ ؟ ! — چىنىخاننىڭ بۇ سۆزى ھەممىنى كۈلدۈردى. خالىقنىڭ خەلىچەگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى چىنىخان بىلىپ قالغانىدى.

— مەن ئېزىتقۇ شەيتانمىدىم، چىنىخان ئايلا، ياكى خالىقكام تۆگىمىدى بۇرنىدىن يېتىلىگىلى !؟ — خەلىچەنىڭ بۇ سۆزىدىن سورۇندىكىلەر يەنە بىر مەرتەم كۈلۈشتى. خەلىچە گەرچە كېنىزەك بولسىمۇ، چىنىخاندىن ئانچە ئەيمىنىپ كەتمەيدىغان تورگۈن قىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلىچە چىنىخانغا تۇغقان كېلەتتى، چىنىخان ئۇنى ئاتايىن ئوردىغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

سورۇن كۈلكە ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

* * *

پەنجىرىدىن باغقا سەكرەپ قاچقان قاراۋۇل چېرىك ئوردىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى لۈكچۈن بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتكە بېرىپ نۈجۈۋۈلبەگكە يەتكۈزدى. پېشىن نامىزىدىن ئەمدىلا يانغان نۈجۈۋۈلبەگ ئاللا - تووۋا توۋلىغىنىچە ئوردىغا يۈگۈردى، يۈگۈرۈپ باردى - يۇ، ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قالدى. سېپىل ئۈستىدە سانجاق - سانجاق ئادەم، چوڭ دەرۋازا ئېتىۋېتىلگەن !

بۇ نېمە كارامەت ئەمدى ؟! نۇجۇۋۇلبەگ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. «ئەمدى يۇرتنى تاشلاپ، بالىچاقىنىمۇ تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كېتەيمۇيا؟ ئەھمەد ۋاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلايمۇ؟ قېچىپ كەتسەم، ياقا يۇرتلاردا «داۋان ئاشتى»[1] ئاتىلىپ يۈرەرمەنمۇ؟ ئۆلۈكۈم ياقا يۇرتلاردا قالۇرمۇ؟ ئەھمەد ۋاڭغا ئوردىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بارسام «ئوردىنى ساقلىيالماپسەن، ھەي نان قېپى !» دەپ غەزەپلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ ... قېچىپ نەگىمۇ بارارمەن ... «خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۆلتاڭ بول» دەپتىكەن دانىشمەنلەر. ياقا يۇرتلاردا تېنەپ ـ تەمتىرەپ مۇساپىر بولغاندىن كۆرە، ئۆز گۇتىنىمدە[2] باشقا كەلگەننى كۆرمەيمەنمۇ ! ...» نۇجۇۋۇلبەگ شۇ قارارغا كەلدى ـ دە، پايپاسلىغىنىچە ئۆيىگە بېرىپ قاراگىر ئېتىنى توقۇپ، سىركىپ غولى تامان يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەھمەد باقى ۋاڭنىڭ ئالدىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى ماڭغانىدى.

نۇجۇۋۇلبەگ شۇ ماڭغىنىچە لەمجىندىن ئۆتۈپ «سۇ بېشى»غا يەتتى. ئۇ يەردىمۇ توختىماي، غەربىي شىمالغا قاراپ يۇرۇپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا سىڭگىمنىڭ «قىجا» دېگەن يېرىگە يەتتى. شۇ يەردە تاغ تەرەپكە ـــ چالقانغا قاراپ ئۈچ كۈن ساقلىدى. ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئەھمەد ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قىجاغا قايتىپ كەلدى. نۇجۇۋۇلبەگ يىغلاپ تۇرۇپ:

ـــ ۋاڭ جانابلىرى، ئىلگىرى ئوردىدىن قاچقان ئىمىن سوپى دېگەن نائەھلى بىرەر مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ئوردىنى ئىگىلىۋالدى. مەن چېرىكلەر بىلەن شۇنچە تىركەشكەن

[1] تۇرپانلىقلار يۇرتنى تاشلاپ چىققانلارنى «داۋان ئاشتى» دېگەن سۆز بىلەن ئەيىبلەپ، يامان كۆرىدۇ.

[2] گۇتەن ـــ تۇرپان شېۋىسىدە ئەينى ۋاقىتتا «ۋەتەن» سۆزى «گۇتەن» دېيىلەتتى. بۇ «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا ئالمىشىشىدۇر.

بولسامـمـۇ ئىسيـانچىلار ئـاخىر ئوردا ئـىچىگـە كىرىۋالـدى... ـــ دەپ، بىرنـى ئـون قىلـىـپ يالـغـان ئـېيـتـتـى. ۋاڭ غەزەپـتـىـن يىرىلغۇدەك بولـدى ـ دە، ئادەملـىـرىنى ئەگـەشتۈرۈپ ئاتـلىرىغـا قامچا سېلىپ لـۈكچۈنگـە قاراپ چاپـتـى، ئۇلار ئەتـىـسى ناشـتـا ۋاقـتـىدا لۈكچۈن ئوردىسـىنىڭ چـوڭ قوۋۇقى ئالـدىغا كـەلـدى. قوۋۇق ئېتىك ئىدى. ئەھمەد ۋاڭ ئوردىدا قالـغان بەگلـىرىنىڭ، چېرىك، سەرۋازلىرىنىڭ، پاشاپلىرىنىڭ ئىسملىرىنى بـىرمۇبـىـر تۈۋلاپ كۆردى، ھېچقايسىسىدىن سادا كەلمىگەندىن كېيىن:

ـــ ھەي ئىسـىـت، ھەي ئىسـىـت، ئىتـچىلـىك ۋاپاسى يوق بـۇ ھارامتاماقلارغا نېمىدەپمۇ ئىشەنگەندىمەن ! نـېـمىدەپـمۇ ئوردىنـى تاشلاپ بـېـرىـپ تاغـلاردا يۈرگەندىـمەن ! ئىشـەنگەن تـاغـلىرىـڭدا كـېـيـىـك ياتمـاپتۇ، دېگـەن مۇشۇ ئـىـكەن ـ دە؟! ـــ ئەھـمـەد ۋاڭ كۆزلـىرىدىـن تاراملاپ ياش ئـاققۇزغان پـېتى بـىـر ھازا قاقشـاپ، قارغىغاندىن كېيىن، تىللاشقا ئۆتتى:

ـــ ھەي ئىـمـىن دېگەن نائەھلى ! تەڭرى تەرىپىدىـن ماڭا ئاتـا قىلىنغان بـۇ خانلىقنى① تارتـىۋېلىشقا نېـمە ھەددىڭ !؟ ھـەي تۇزكور، مۇناپىق، ئۆز خوجاڭغا قارشى چىقىشقا قانداق پېتىندىڭ !؟ قوۋۇقنى چاپسان ئېچىپ، تەختنى ياندۇرۇپ بەر ! بويـنۇڭغا قـارا ئارغامچىنى سېلىپ، توۋا قىلساڭ گۇناھىڭدىن ئۆتەرمەن !؟

ـــ مـۇناپىـق دېگەن ئـۆزۈڭ ! سـەن ئـەل ـ يۇرتـنـى ۋەيـران قىلىشقا يۈزلەندىڭ، تەڭرى يولىدىن تايدىڭ، مۇسۇلمانچىلىقتىن چەتـنـەپ، شەرىئـەت يـولـىنـى بـۇزدۇڭ ! خەلقـنـىڭ بايـلـىقىنـى بۇلىدىڭ، خوتۇن ـ قىزلارنى زورلۇق بىلەن ھەرەمخاناڭغا ئېلىپ كەتتىڭ ! ئەمدى بۇ ۋاڭلىق مەنسەپ ساڭا جايىز ئەمەس ! ـــ سېپىل ئۈستىدىن پەسكە قاراپ ئىمىن سوپى كۈچەپ ۋارقىرىدى.

---

① ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپلا تەڭرى تەرىپىدىن ئىلتىپات قىلىنغان ئادەمگىلا خانلىق نېسىپ بولىدۇ، دېگەن قاراش بار.

شۇ ئەسنادا، ئەھمەد ۋاڭنىڭ يېنىدا تۇرغان زىيەر بۆرەبەگ ئىمىن سوپىغا (توغرىسى ھازىرقى ۋاڭغا) قارىتىپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. يا ئوقى ئىمىن سوپىنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىمىن خوجىنىڭ يېقىنلىرىدىن شاپىبەگ، سىپەر مانجۇ، خالىقلار بىر ياندا ئاللىقاچان ساداقلىرىدىكى ئوقنى بەتلەپ تۇرغانىدى. ئەھمەد باقىنىڭ ئادەملىرىنىڭ سىپىلغا قارىتىپ ئوق ئۈزگەنلىكىنى كۆرگەن خالىق خاسار تۆۋەنگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئارقىدىن شاپىبەگ، سىپەر مانجۇ ۋە باشقا چېرىكلەرمۇ ئوقنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. ئەھمەد باقىنىڭ ئېتىنىڭ ساغرىسىغا سىپىلدىن ئېتىلغان ئوقتىن بىرى «ۋاچچىدە» سانجىلدى، ئات ئەھمەد باقىنى سۆرىگىنىچە شەھەر سىرتىغا چاپچىپ چىقىپ كەتتى. ئەھمەد باقىنىڭ كەينىدىن چوڭ تەيجى ھامۇت بىلەن قۇشبېگى رۇستەم ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى، زىيەر بۆرە بەگ، نۇجۇۋۇلبەگ، قورمال ساجىت، مىراقۇل گاجىت ۋە شىكارغا ئەھمەد ۋاڭنى قورۇقداپ بىللە چىققان كاھبەگ - چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى سىپىلدىن ئېتىلغان ئوقتا جېنىدىن ئايرىلدى، پەقەت ئەھمەد باقىلاردىن ئارىلىق ساقلاپ كەينىدىرەك تۇرغان تېۋىپ خوجامنىيازلا ھايات قالدى.

شاپىبەگ يىگىرمىدەك يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ ئەھمەد باقى ۋاڭنى ئاتلىق قوغلاپ كەتتى. ئەھمەد باقى ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ۋە ئاتلىرىمۇ تاغدىن ھېرىپ كەلگەچكە، لۈكچۈندىن ئانچە يىراققا ئۈزاپ كېتەلمىگەنىدى. شاپىبەگ ئادەملىرى بىلەن ئۇلارغا سىركىپ ئېغىزىدا يېتىشىۋالدى. ئەھمەد ۋاڭنى شاپىبەگ تۇرنىڭ ئۇستىدىن تۇتۇپ چۈشۈپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا كاللىسىنى ئالدى. قالغان يىگىتلەر ھامۇت تەيجى بىلەن قۇشبېگى رۇستەمنى سىركىپ ئېغىزىدا قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. چۈشكە قالمايلا شاپىبەگ ئەھمەد باقى، ھامۇت تەيجى

ۋە رۇستەمدىن ئىبارەت ئۈچ ئادەمنىڭ بېشىنى لۈكچۈن ئوردىسىنىڭ چوڭ قوۋۇق بېشىغا ئاستى، ئۇلارنى شۇ پېتى بىر ئاي سازايى قىلدى...

شۇنداق قىلىپ، پەلەك چۆرۈلۈپ، لۈكچۈن ۋاڭلىقى ئىمىن سوپىنىڭ قولىغا ئۆتتى. لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا قاراشلىق يۇرت ـ يۇرتلاردا: دومۇدو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى! دومۇدو ئىمىن ۋاڭنىڭ دورى! دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈردى ...



## بەشىنچى باب

# بەگلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش

مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيرات موڭغۇللىرىغا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇلار يەكەن خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۇرپان بىلەن قومۇلنى ئاجىز نۇقتا دەپ ھېسابلىدى. روشەنكى، بۇ ئەھۋال خېلى بىر مەزگىل داۋام ئەتكەن بولۇپ، سېڭگى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى غالدانىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلار تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بابىخانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، 1679 ـ يىلى تۇرپان رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تۇرپان سۇيۇرغاللىقىغا يۈرگۈزۈپ كەلگەن سىياسىتىدە بۇرۇلۇش يۈز بېرىپ، بىردىنلا ئۇلارنى تۇرپاننىڭ ۋاسىتىچى ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندۇردى. سىۋان ئارابدان دەۋرىگە كەلگەندە، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرپان رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، پۈتكۈل تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئالباتۇ (بېقىندى) لارغا ئايلاندۇردى.

تۇرپان رايونى ئەينى مەزگىلدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا زەربە بېرىشتىكى يۈرۈش قىلىش ھەربىي نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەچكە، بۇ رايون چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى كۈچلىرىنىڭ تالىشىش

ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

جۇڭغارلار خانى غالدان ھالاك بولۇپ، ئورنىغا سىۋان ئارابدان ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان مەزگىلدە، قومۇلنىڭ تارخانبېگى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، بۇ ھال تۇرپان رايونىدىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئارىسىدىمۇ تەۋرىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋەزىيەتتىكى مۇنداق جىددىي ئۆزگىرىش، تەبىئىيكى، شەرقىي شىنجاڭ رايونىنى ئىگىلەپ، قومۇل ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولىدىغان سودا مەنپەئەتىنى كونترول قىلىشنى كۆزلىگەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ پىلانىنى بەربات قىلىۋەتكەچكە، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور زىيان ئېلىپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمىغان جۇڭغارلار قومۇلغا ۋە تۇرپان رايونىغا قارىتا ھۇجۇم قوزغىدى.

چىڭ سۇلالىسى سىۋان ئارابدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1716 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىرىنچى قېتىم ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. 1717 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بولسا يەنە ئۇرۇمچى بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى غەربىي رايوننى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى ئۆز كونتروللۇقىدا ئەمەس تاپتۇرۇش ئۈچۈن، زور قوشۇن ئەۋەتتى. 1720 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، يەنى ئىمىن سوپى يېڭىدىن لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى قولغا كىرگۈزگەن مەزگىلدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پىچان، تۇرپانلارنى ئىشغال قىلدى.

*　　　*　　　*

— داد ! ۋاڭ جانابلىرى، داد ! — بوگۇن چۈشتىن كېيىن ئوردىدا ئىمىن ۋاڭ، شاپبەگ، خالىق قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى بىر ئىش ئۈستىدە كېڭىشىۋاتقاندا، ئوردىغا باشلاپ كىرىلگەن ئالىم خوجا دېگەن ئادەم ئوردا كېڭەش زالىغا كىرىپلا تۇۋلاپ كەتتى. بۇ كەڭ غوللۇق، ئوتتۇرا بوي، بۇجىرىم بەدەن،

قارىمۇتۇق، تەمبەل ئادەم بولۇپ، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا، ساقاللىرى ئۆسۈك، كۆزلىرى چوڭقۇردا پىلدىرلايتتى، خۇددى ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ئادەم تومۇز ئىسسىققا قارىماي كۇمۇش ئېدىرلىرى، ئارغۇبۇلاق تاغلىرىدىن ئېشىپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ لۈكچۈنگە يېتىپ كەلگەنىدى.

— نېمە ئەرز - دادىڭىز بار؟ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆزلەڭ! — دېدى ئىمىن ۋاڭ ئىجازەت بېرىپ.

— مەن كۇمۇش[1] تىن كەلدىم، — دېدى ئالىم خوجا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلغان جايىدىن تۇرۇپ، — بىز ئەسلى تۇيۇق - ياڭخى ئەتراپلىرىدىكى سۇزاق[2] لاردا ياشايتتۇق. سىلى ۋاڭ بولۇشتىن بىر قانچە ئايلار ئىلگىرى، بىزنى ئېزىز خوجا بىلەن خوجىس بەگلەر جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ كۇشكۇرتۇشىگە يانداشىپ قارا شەھەرگە زورمۇزور كۆچۈرۈپ ئەكەتكەنىدى. بىزلەرنى موڭغۇللار ئۇ يەردىمۇ تۇرغۇزماي، ئاقسۇنىڭ ئۇچقا (هازىرقى ئۇچتۇرپانغا) كۆچۈرمەكچى بولدى. بىز قويمۇ، ئۇلار هەيدەپ ماڭسا مېڭىۋېرىدىغان؟! بىز ئاخىر مىڭ تۇتۇندەك پۇقرا شۇ كۆچۈشتىن قېچىپ، ئۇششاقتال، چۇقۇ، تاغارچى، قارا قىزىل ئېدىرلىقلىرىدا، كۇمۇشلەردە — گاھ تاغ - ئېدىر ئىچىدە، گاھ چۆللەردە، گاھ يېزا - قىشلاقلاردا سەرگەردان هالەتتە جان ساقلاپ يۈردۇق. ئەهمەد باقى كېيىنكى ئەھۋالىمىز ئەمما بىزگە باشپاناھ بولمىدى، بىزنىڭ كەينىمىزدىن ئادەممۇ ئەۋەتمىدى. بىز توختى مامۇتنى باش قىلىپ، قوغلاپ كەلگەن جۇڭغار موڭغۇللىرى بىلەن ئېتىشىپ - ئېلىشىپ يۈردۇق. سەرسان - سەرگەردانلىق يامان ئىكەن، كىيىملىرىمىز جۇل - جۇل، قېرىنداشلىرىمىز يېرىم ئاچ - يېرىم توق، چىرايلىرى سارغايغان، كۆرگەن ئادەمنىڭ

① كۇمۇش — قاراشەهەر بىلەن توقسۇننىڭ ئارىلىقىدىكى بىر جاي. هازىر توقسۇن ناهىيەسى تەۋەلىكىدە.

② سۇزاق — قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز، مەهەللە، كەنت، يېزا مەنىلىرىدە.

ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ ... — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئالىم خوجا خۇددى گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك، جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي، كۆزلىرى نەمدەلدى.

— بىز پۇقرالارنىڭ قاراشەھەرگە كۆچۈرۈپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇققان، لېكىن ئۇچقا كۆچۈرۈلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەنمىز، — دېدى ئىمىن ۋاڭ، — ئۇچقا بارماي قېلىپ قالغىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ. پۇقرالارغا مانا ئەمدى بىز ئىگە. مەن ئادەم قوشاي، پۇقرالارنى ئۆزلىرىنىڭ ماكان - جايلىرىغا قايتۇرۇپ كېلەيلى. سىزنىڭ يەنە قانداق تەلىپىڭىز بار، ئېيتىڭ!

— ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ھەممىتىگە مىڭ مەرتەم ھەشقاللا - رەھمەت. ھازىر پۇقرالارنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئات - ئۇلاغ، هارۋا كېرەك، چۈنكى ئارىمىزدا قېرى - ئاجىزلار بار، كېسەللەرمۇ بار. يەنە ھازىر ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئوردىدىن ئازراق ئاشلىق چىقىرىپ، كۆمۈشتىن مۇشۇ يەرگىچە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم بېرىلگەن بولسا ؟! — دېدى ئالىم خوجا ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ئېيتىپ.

— بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. سىزنىڭچە، پۇقرالارنى بۇ يەرگە قانچە كۈندە يەتكۈزۈپ كەلگىلى بولۇر؟ — دېدى ئىمىن ۋاڭ.

— بەش - ئالتە كۈن ۋاقىت كېتەر.

— بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ ئاندىن يولغا چىقىڭلار!

— بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، ۋاڭ جانابلىرى، — دېدى ئالىم خوجا.

— ئېيتىۋېرىڭ !

— بىزنىڭ مىڭ تۈتۈن پۇقرايىمىز ئىچىدە بىزنى قاراشەھەرگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان ئېزىز خوجىنىڭ بىر سىڭلىسى بار. بىز قاراشەھەردىن كەينىمىزگە يانغاندا، ئېزىز خوجىنىڭ ئاشۇ سىڭلىسىنى كېچىدە تۇتۇپ كېلىپ، ئارىمىزدا

ساقلاپ تۇردۇق. ناۋادا ئېزىز خوجا بىزگە زىيانكەشلىك قىلماقنى ئويلىسا، بىز شۇ سىڭلىسىنى بارىمتاي[①] ھېسابىدا قالقان قىلماقچى. ئېزىز خوجا شۇ ۋەجىدىن جۇڭغار موغۇللىرىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ بىزگە قوغلاپ يۈرۈپ نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، بىزنىڭ يولباشچىمىز توختى مامۇت قەيسەر ھەم پەم ـ پاراسەتلىك ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپلا كەلدۇق، — دېدى ئالىم خوجا.

— ئېزىز خوجىنىڭ سىڭلىسىنى بارىمتاي ھېسابىدا تۇتۇپ تۇرغىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بىز مۇشۇ ئارقىلىق ئېزىز خوجىنى پۇقرالارنى ئۇچقا ئېلىپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىپ، سۈلھىگە چاقىرىمىز، — دېدى ئىمىن ۋاڭ، — سىز ئۇزۇن يول بېسىپ كۆپ جاپا تارتىپسىز. ھازىر چىقىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، بىز مەسلىھەت ـ كېڭەش قىلىۋالايلى، — دېدى ـ دە، ئىمىن ۋاڭ خالىققا قارىدى.

— ھاي قاسىم!

— لەببەي! — بىر كاھبەگ بوسۇغىدا ھازىر بولدى.

— بۇ مېھماننى سالقىنلىتىپ، ئوبدان كۈتۈڭلار! — دېدى خالىق كاھبەگكە تاپىلاپ.

— خوش خوجام، بەجا كەلتۈرگەيمەن، — كاھبەگ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە مېھماننى باشلاپ ئوردا كېڭەشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ بىر چوڭ ئىش، جىددىي قارىماق لازىم، ئىككىڭلاردىن بىرسىڭلار تەييارلىق قىلىپ تېزدىن ئاتلىنىڭلار! — دېدى ئىمىن ۋاڭ خالىق بىلەن شاپىبەگكە قاراپ.

— مەن باراي، — دېدى خالىق، — ئۇ تەرەپنىڭ يوللىرىنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

— سىز ۋاڭ جانابلىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭ، تېخى

① گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ تۇرۇلغۇچى.

قىلىدىغان جىق ئىشلار تۇرىدۇ. مەن ئىزىز خوجا بىلەن كېڭىشىش ئۇچۇن قاراشەھەرگە بېرىپ، يۇقىرىلارنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كېلىش ئىشىنى سۆزلىشىپ كۆرسەم دەيمەن، بىر يۇرتنىڭ ئادىمىنى ئىككىگە پارچىلاپ يۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئۇ ئادەمگە قاتتىقراق ئېيتىپ باقماقچىمەن، — شاپبەگنىڭ بۇ گەپلىرى ئىمىن ۋاڭغا ياقتى. دېمىسىمۇ، يۇرتتا يۇقىرا بولمىسا، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

— سىز بېرىڭ، شاپى بەگ. لېكىن، خىل يىگىتتىن ئىككى يۈزنى باشلاپ بارارسىز. تۇرپانغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئارانا جانابلىرىغىمۇ ئۇدۇل بولۇپ، ئەھۋالنى ئېيتىسىز، بەلكىم ئۇ زاتمۇ چېرىك قوشۇپ بېرەر، جۇڭغار مۇڭغۇللىرىنى كەينىڭلاردىن قوغلاپ كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، — ئىمىن ۋاڭنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن كومۇش تەرەپكە شاپبەگنىڭ بارىدىغانلىقى بېكىتىلدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن كاھبەگ ئارقىلىق ئالىم خوجا كېڭەشخانىغا چاقىرتىلدى.

— يۇقىرىلارنى ياندۇرۇپ كېلىشكە شاپبەگ سىز بىلەن بارىدۇ. سىلەر ئالدى بىلەن تۇرپانغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ئارانا جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈڭلار. بىز تۇرپاننىڭ باش ئاقساقىلى شاھنەزەربەگ، ئاقسۇلتان ئاتامان ۋە پىچاننىڭ ئاقساقىلى ھاكىمبەگلەر ھەممىمىز چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتۇق. شۇ ۋەجىدىن، ئارانا جانابلىرىمۇ ئەھۋالنى ئۇقسا سىلەرگە چېرىك قوشۇپ بېرىشى مۇمكىن، — دېدى ئىمىن ۋاڭ.

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، ۋاڭ جانابلىرى، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، — دېدى ئالىم خوجا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، — توختى ماموت يولباشچىمىزمۇ مېنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا بىزنىڭ بەيئەت قىلىدىغىنىمىزنى ئېيتقىن، چىڭ سۇلالىسى چوڭ ھەم بۈيۈك خاندانلىق بولغاندىن

كېيىن شۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۆزىمىزگە كۆچلۈك بىر ھىماتچى تېپىپ، مۇنۇ جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلايلى دېگەنىدى. بۇمۇ ياخشى بولدى. ئەگەر سىلى ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ۋەكىلى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارىغا كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلساق بۇمۇ بىر ئېتى يوللۇق، ئەھمىيىتى چوڭ بىر ئىش بولغۇدەك، — دېدى ئالىم خوجا خۇشاللىقىدا بىر تالاي سۆزلەپ.

— تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئەتە يولغا چىقىڭلار! — ئىمىن ۋاڭنىڭ تاپىلاشلىرى ئاياغلاشقاندا، خالىق، شاپىبەگ ۋە ئالىم خوجىلار كېڭەشخانىدىن خوشلىشىپ چىقىپ، تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى.

— چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ، تۇرپاندىكى ئەل - يۇرت بىلەن ئۈچ - ئاداۋىتى يوقتۇر. ئەل ئەمىن بولسۇن! ئەل ئەمىن بولسۇن! — بۇ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى باشلاپ، قولىدا مىس تەبىلنى چېلىپ ۋارقىراۋاتقان شاھنەزەر ئاقساقالنىڭ جارچىلىرى ئىدى. شاپىبەگ بىلەن ئالىم خوجا تۇرپان كوچىلىرىدا مۇشۇ ئاۋازنى نەچچە رەت ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى سەردارى ئارانانىڭ قارارگاھىغا بېرىپ يەتتى. ئارانا ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە شۇ كۈنىلا ئۇلارغا ئىككى يۈز چېرىك قوشۇپ، كۆمۈش تەرەپكە ھايال قىلمايلا يولغا سېلىپ قويدى.

* * *

شاپىبەگ ئۆزىنىڭ ئىككى يۈز يىگىتىنى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تۇرپانغا ئورۇنلاشقان سەردارى ئارانا قوشۇپ بەرگەن ئىككى يۈز چېرىكنى باشلاپ ئۇچىنچى كۈنى كۆمۈشكە كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. ئۇ ئالىم خوجىغا توختى ماموت باشچىلىقىدىكى

جىلغا ـ جىرا، يىزا ـ قىشلاقلارغا تارقىلىپ كەتكەن پۇقرالارنى كۆمۈشكە يىغدۇردى. ئۈچ كۈن ئىچىدىلا چىچىلىپ يۈرگەن بۇ پۇقرالار كۆمۈشكە جەم بولدى ۋە شاپىبەگ لۈكچۈن ئوردىسىدىن ئەكەلگەن ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن ئاز ـ تولا ھالالاندى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى شاپىبەگ بۇ مىلىڭ تۇتۇندەك پۇقرا ئىچىدىن ئالتە يۈز نەپەر ئەر ـ يىگىتنى تاللاپ، ئۆزلىرى باشلاپ كەلگەن يىگىتلەر، چېرىكلەر بىلەن قوشۇپ مىلىڭ نەپەر ئادەمنى تەخلەپ قويۇپ، ئاندىن ئالىم خوجىنى ئىككى نەپەر يىگىت بىلەن قاراشەھەرگە — ئېزىز خوجىنىڭ يېنىغا ماڭدۇردى.

ئۇششاقتال قاراشەھەردىن ۋە تۇرپان، لۈكچۈن تەرەپتىن كەلگەن بەگ ـ ئاقساقاللار ئۈچرىشىدىغان ئورۇن قىلىپ تاللاندى. قاراشەھەر تەرەپتىن ئېزىز خوجا، قاراشەھەر ئاقساقىلى ئاتاۋۇللا، ئېزىز خوجىنىڭ ئوغلى خوجىس قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئادەم سورۇنغا كىرىپ كەلدى، ئۇلار باشلاپ كەلگەن يىگىرمىچە يىگىت ۋە شاپىبەگ تەرەپتىن كەلگەن يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك يىگىت سورۇن سىرتىدا — ئەللىك قەدەمچە نېرىدا تۇرۇشتى. لۈكچۈن، تۇرپان تەرەپتىن شاپىبەگ، تۇرپاننىڭ ئاتامانى ئاقسۇلتان، توقسۇندىن مەخلىكبەگ، توختى مامۇت، ئالىم خوجىلار سورۇندا ھازىر بولدى. سورۇن بىر باغلىق ھويلىغا راسلاندى. ئالىم خوجا ئىككى تەرەپكە ۋاكالىتەن سورۇن باشقۇردى.

— بۇ سورۇن يۇرتىمىز ئاقساقاللىرىنىڭ، بەگلىرىنىڭ ئۈچرىشىش سورۇنى بولدى، — دەپ گەپ باشلىدى ئالىم خوجا سورۇندىكىلەرگە تەكشى قاراپ، — بۇ سورۇندا كېڭىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش — لۈكچۈن، تۇرپان، توقسۇن ۋە قارا شەھەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇش مەسىلىسىدۇر. ھازىر بىر قىسىم پۇقرالىرىمىز جۇڭغارلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولماق بولۇپ، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قاراشەھەرگە ھەم يىراق ئۈچقا كۆچۈرۈلۈۋاتىدۇ. بىر

قىسمى ئۆز يۇرتىدا قېلىپ مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارام بولماقتا. مۇنداق بۆلۈنۈپ كېتىش خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا پايدىلىقمۇ، پايدىسىزمۇ؟ بۆلۈنۈپ كېتىۋېرەمدۇق ياكى بىرلا ھاكىمىيەتكە تەۋە بولامدۇق؟ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ باقايلى، — ئالىم خوجا گەپنى ئوتتۇراھال ھالەتكە كەلتۈرۈپ سۆزلىدى. بۇ ئادەم خېلى سۆزمەن ئادەم بولۇپ، تۇرپاندا، ياڭخى - تۇيۇق تەرەپلەردە سوپىزمنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ غوللۇق ئادەملىرىدىن بىرسى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ «ئالىم خوجا» دەپ ئاتاشقانىدى.

سورۇن بىر ھازا جىمجىتلىقتا چۆمگەندىن كېيىن ئېزىز خوجا سۆز قىلدى:

— قومۇلدىن تارتىپ تاكى قەشقەر، يەكەن، خوتەنگىچە، ھەتتا ئەركەشتامغىچە، گۇچۇڭ، جىمساردىن تارتىپ تاكى ئىككى ئۆگۈز①، ئىلا - مىڭلاق② قىچە قەدىم ئايالدىن تارتىپلا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى سوراپ كەلگەن زېمىنلاردۇر. بىزلەر ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپلا ئەنە شۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭغار موڭغۇللىرىمۇ ئاشۇ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ كېيىنكى پۇشتىلىرىدۇر، خالاس. بىزلەرنىڭ ئاشۇ موڭغۇللارغا يۇقرادارچىلىق قىلغىنىمىز توغرىدۇر. مۇسۇلماندارچىلىقتا ئۆز خوجىسىغا سادىق بولماق تەكىتلىنىدۇ. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئىچىمىزدىكى بىر قىسىملار مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارام بولماقنى ئەۋزەل بىلىشتى. بۇ ھال ئاسىيلىقتىن دالالەت بەرگۈسىدۇر، — ئېزىز خوجا خېلى تورى بار گەپ قىلغاچقا، سورۇندىكىلەر دەماللىققا ئېغىز ئېچىشمىدى، سورۇن يەنە بىر ھازا سۈكۈتكە چۆمدى.

---

① ئىككى ئۆگۈز — بورتالانىڭ قەدىمكى نامى.

② ئىلا - مىڭلاق — ئىلى ۋادىسىنىڭ قەدىمكى نامى.

ئېزىز خوجىنىڭ تېگى ـ تەكتى تۇرپاندىن ئىدى، ئۇنىڭ ئائىلىسى يۈز كۇرىلىك① تىن ئارتۇق يېرى، بىر كارىزى، ھەر ئايدا ئۈچ كۈنلۈك ئېقىن سۇ ئىچىدىغان② ئىمتىيازى بار، تاغدا بىر ـ ئىككى قورۇ مېلى بار، ئون ـ ئون بەش ئورتاقچىسى بار، ھارۋا، ئات، قېچىرلىرى، ساپان ـ سۆرەم، كالا ـ ئۆكۈز قاتارلىق تېرىلغۇ قوراللىرىغا ئىگە باي ئائىلە ئىدى.

ئۇ ئۆزىمۇ دەسلەپ تۇرپاندا، كېيىنچە قەشقەر، يەكەنلەردە ئوقۇغان، شۇ جەرياندا سوپىزم سۇلۇكىگە قاتناشقان، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سوپىزمنى تارقىتىپ، ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاپ «خوجا» ئاتالغان، ئۇ شۇ ئارقىلىق بىرەر چوڭ ئىش تەۋرەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشى تازا ئوڭغا تارتماي كەلگەن. شۇ جەرياندا جۇڭغار موڭغۇللىرى تۇرپان رايونىنى پاراكەندىچىلىككە سالغاندا، ئېزىز خوجا جۇڭغارلارغا مايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ سامان يەتكۈزۈپ بېرىپ يۈرۈپ، جۇڭغارلارنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بىرسى بولۇپ قالغان. شۇڭا، جۇڭغارلار تۇرپاننىڭ باش ئاقساقىلى شاھنەزەرنى ئېتىباردىن قالدۇرۇپ، ئېزىز خوجىنى ۋاكالەتچى قىلىپ ئەتىۋارلىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئېزىز خوجا جۇڭغارلار ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، باج ـ سېلىق يىغىپ، خەلقنى قاقشىتىپ، جۇڭغارلارغا كۈچۈكلىنىپ قۇيرۇق شىپپاڭلاتقان. مەنچىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان رايونىغا ھە دەپ قىستاپ كېلىۋاتقاندا، جۇڭغارلارغا مانا مۇشۇنداق سادىق غالچىلار بەكمۇ كېرەكلىك ئىدى. ئېزىز خوجا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، جۇڭغارلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى زار ـ

① بىر كۇرىلىك (بىر كۇرە ئۇرۇق چېچىلىدىغان) يەر تەخمىنەن بىر موغا تەڭ.

② تۇرپاندا يانغۇلۇق، كېچىك، بۇيلۇق، سىڭگىم ئېغىزى، تۇيۇق ئېغىزى قاتارلىق ئېقىن سۇلار بار، مۇشۇ ئېقىن سۇلار يەرلىك بايلار، يەر ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان.

زار قاقشىتىپ، ئۆي - ماكان، باغۋاراڭلىرىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي ھالدا جۇڭغارلارنىڭ ئاساسلىق يۇت تىرەپ تۇرىدىغان ماكانلىرىدىن بىرسى بولغان قاراشەھەرگە كۆچۈرگەن ھەم ئۇ يەردىن بىر قىسىم يۇقىرانى يەنە ئۇچقا كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جۇڭغارپەرەسلىكىگە ئۇزاق تارىختىن ئاساس تاپماق بولۇپ، يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلغىنى ئىدى.

ئارىدىكى جىمجىتلىقنى شاپىبەگ بۇزدى:

— ئىزىز خوجىنىڭ سۆزىنى باياتىن بېرى سورۇن ئەھلى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. ئىزىز خوجىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، — شاپىبەگنىڭ سۆزىگە ئىزىز خوجىمۇ، ئاقسۇلتانمۇ، ئالىم خوجىمۇ، جۇملىدىن سورۇن ئەھلىنىڭ بارچىسى قۇلاق شىڭتايىتتى، — چۈنكى شاپىبەگ ئېغىز ئېچىشى بىلەنلا نەچچە مىڭ تۇتۇننى يۇرتتىن ئايرىپ كەتكەن ئىزىز خوجىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك گەپ قىلغانىدى، — توغرا يېرى شۇكى، — شاپىبەگ گېپىنى بىر توختاپ داۋاملاشتۇردى — بىز ياشاپ كەلگەن مۇشۇ يۇرتلارغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ شۇلارغا پۇقرادارچىلىق قىلىپ كەلگىنىمىزمۇ راست، بىراق دەۋر ئۆزگەردى، زامان ئۆزگەردى. ئۇيغۇرلاردا: «ئاپاڭنى كىم ئالسا، ئاتاڭ شۇ» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. بۇگۈنكى كۈندە بۇيۈك جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانى مەنچىڭ خانىدۇر. بىز ئەنە شۇ چوڭ خانغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. «ئۇيغۇر» دېگەن نامىمىزنىڭ مەنىسى ئۇيۇشماق، ئىتتىپاقلاشماق دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولسا كېرەك. جانابىي ئىزىز خوجا تارىختىن سۆز ئېچىپ قالدى، گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما، دەپتىكەن، مەنمۇ تارىختىن بىر - ئىككى كەلىمە سۆز قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — ئىزىز خوجا شاپىبەگنىڭ «جانابىي ئىزىز خوجا» دېگەن سۆزىنى تەنە دەپ چۈشەندىمىكىن، قاپىقىنى تۈرگەن پېتى شاپىبەگكە تىكىلىپ ئولتۇردى، شاپىبەگ گېپىنى

داۋاملاشتۇردى ـــ ئۇزاق تارىختا ھۇن[1] دېگەن بىر تائىپە جۇڭگونىڭ تەسكەي تەرەپلىرىدە باش كۆتۈرگەن چاغلىرىدا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز شۇلارنىڭ تەركىبىگە ئۇيۇشقانىكەن، شۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يۈز يىل ئۆتۈپ، كۆك تۈرك دېگەن تائىپە باش كۆتۈرگەندە، بىز خەق شۇلارنىڭ بايرىقى ئاستىغا جەم بولغانىكەنمىز. ئالاھازەل ئىككى يۈز يىللار ئۆتكەندە، يەنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى بىز خەق رەسمىي يوسۇندا «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن خانلىقنى قۇرۇپتۇ. يۈز يىللار ئۆتكەندە، ئۇ خانلىق ئۆز ئىچىدىكى تەپرىقىچىلىك ۋە جۇتنىڭ دەستىدە ھەم قىرغىزلارنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە ۋەيران بوپتۇ. شۇ چاغدىمۇ ئۇيغۇر خەلقى تەپرىقىچىلىكنىڭ دەردىنى تارتقانىكەن. بىرقانچە ۋاقىت سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا كۈن كۆچۈرگەن ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىنى تاشلاپ، كۈنپېتىش تەرەپلەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا تۈركۈملەپ كۆچۈپ كېلىشىپتۇ ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى، قاراخانىيلار خانلىقى دېگەن ئۈچ خانلىقنى قۇرۇپ، شۇ خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ ياشاپتۇ. ئاشۇ ۋاقىتلاردىكى بۆلۈنۈپ ياشاشمۇ ئۇيغۇرلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزمەپتۇ. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە خانلىق قۇرغان قىتانلار غەربكە سىلجىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ۋەيران قىپتۇ. پەقەت ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى، يەنى خانى قىتانلارغا بەيئەت قىلغاچ، ئۆز زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالغانىكەن. بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل ئىلگىرى موڭغۇل يايلاقلىرىدا تېمۇچىن دېگەن بىر كىشى قەد كۆتۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا موڭغۇل قەبىلە ـ

[1] ھۇنلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىرلەردە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا باش كۆتۈرۈپ كۈچەيگەن بىر خەلق. ئۇلار مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ غەربكە كۆچكەن.

ئوغۇشلىرىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قوشۇپ، كۈچلۈك بىر خانلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن دېگەن خاقان جاھاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن ياندىشاچقا، جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا چوڭ خان ئاتالغان ئاشۇ تېمۇچىن ــ چىڭگىزخانغا قوشۇلۇپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىمۇ زامان ـ زامانلار بۇ زېمىنلاردا ئات چاپتۇرۇپ، ساداق تارتىپ، شۇڭقار ئېتىپ يۈرگىنىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەركەزگە ــ چوڭ خان چىڭگىزخانغا قوشۇلغانلىقىنىڭ يۈز ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ بىز خەققە خېلى ئەتىۋارلىق قارىغانىدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار قۇياشقا باققان ئاپتاپپەرەستەك، ھەمىشە مەركىزىي ھاكىمىيەتكە ئىنتىلىپ كەلگەن بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە خەلق ئىدى. نىھايەت، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭغار موڭغۇللىرى بىز خەقنى خۇددى ئۇ قوتاندىكى قوينى بۇ قوتانغا ھەيدىگەندەك، بىزنى مەركەزدىن قاچۇرۇشقا كۈچەۋاتىدۇ، مەركەزگە ئىنتىلىش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىمىز تۇرسا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى چوڭ ھاكىمىيىتى بولغان مەنچىڭغا قوشۇلۇشنى توغرا تاپقىنىمىز ئاسىيلىقتىن دالالەت بېرەمدىكەن؟ بىز ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيانغا بۆلۈنمىچىلىكنىڭ، تەپرىقچىلىكنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟

سورۇن قاتتىق سۈكۈتكە چۆمدى، ئوتتۇرىدا چىۋىن ئۇچسا ئۇنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئېزىز خوجا ئېغىر تىنماقتا. ئۇمۇ تارىخ ساۋاتلىرىغا پۇختا ئادەم ئىدى. لېكىن، شاپىبەگدەك تارىختا مۇنچىۋالا پىششىق ئەمەسلىكى مەلۇملۇق بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ «موللا بار يەردە تىلىڭنى تارت، ئۇستا بار يەردە قولۇڭنى تارت» دېگەن ماقال ـ تەمسىل بويىچە، ئەمدى تارىختىن سۆز ئېچىشنىڭ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئۇزاق ئۆتمۈشتىن ئاساس تېپىشنىڭ بىھۇدىلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە:

ــ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئىلگىرىكى

خوجىمىز جۇڭغارلارغا ئەگىشىمىز، يۇقىرىلارنى ئۆز يۇرتىدىن كەچۈرگەنلىك ئىشىغا كەلسەك، بىز ئاۋامنىڭ رايىغا باقتۇق. كۆچىمىز دېگەنلەرنى كۆچۈردۇق. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، كۈنچىقىش ياقتىن كېلىۋاتقان مەنچىڭ قوشۇنلىرى رىۋايەتلەردىكى يەجۇج ـ مەجۇجنىڭ ئۆزى ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىر كالپۇكى يەردە، بىر كالپۇكى ئاسماندا ئىكەن، ئۇچرىغاننى يالماپ يۇتىدىكەن، بىز ئەمدى يېڭى خوجايىننى قاچان تويدۇرۇپ بولالايمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز ئىلگىرىدىن بېقىپ كەلگەن مۇشۇ جۇڭغارلارنىلا بېقىپ ئۆتۈپ كېتەيلىلا دېيىشىپ، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن كۆچتى، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئىزىز خوجا، — دېدى باياتىن بېرى لام ـ جىم دېمەي ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلۈك گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان توختى ماموت، — سىلى جۇڭغار چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىزنىڭ بويىنىمىزغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇۋالمىغان بولسىلا، بىز ئاشۇ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنى باشلاپ، يول ئازابى ـ گۆر ئازابىنى تارتىپ ياقا يۇرتلاردا يۈرەرمىدۇق؟!

توختى ماموتنىڭ سۆزىدىن ئىزىز خوجا ھوپپىدە قىزاردى. ئۇ بىر نېمە دېيىشكە ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللەي دېيىشىگە، توقسۇننىڭ ئاقساقىلى مەڭلىك ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇيغۇر دېگەن نامغا يارىشا بىز ئۇيۇل تاشتەك ئۇيۇشقان بولساقۇ ناھايىتى كاتتا ئىش بولاتتى. بىراق، بىزدە ئۇنداق ياخشى خىسلەتنىڭ ئورنىغا تەپرىقىچىلىك ئىللىتى ئەزۋەيلەپ كەتتى. يۇقىرىدا ئىككى موللىمىز بىز خەقنىڭ تارىختا تەپرىقىچىلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانلىقىمىزنى بايان ئەيلەپ ئۆتتى، بۇ تەرىپى راست، لېكىن ھازىر بىرلىشىشكە ئامال يوق. «ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس» دېگەن گەپ بار، مەنچىڭ بىلەن جۇڭغارلار ھامان بىرسى بىرسىنى يوق قىلىدۇ. شۇ چاغقىچە بىز ھەممىمىز ئۆزىمىز توغرا تاپقان يولدا مېڭىپ تۇرمايلىمۇ؟ قانداق دەيسىلەر جانابىي ئاقساقاللار؟

مەشلىكنىڭ بۇ سۆزى بىلەن سورۇن ئاخىرلاشقان بولدى. ئاقسۇلتان ئاتامان، خوجىس، ئاتاۋۇللا بەگلەرمۇ ئۆيلىغانلىرىنى دېيىشكە ئۆزلىرىنى بىلەپ تۇرغانىدى. مەشلىكنىڭ گېپى ھۆججەتنىڭ ئاخىرىغا تامغا بېسىلغاندەك كېڭەشنى چورتلا توختاتتى. لېكىن، ئىبزىز خوجا توختى ماھۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇرادەر، جاھاندارچىلىق تېخى ئۇزۇن، سىلى باشچىلىق قىلىۋاتقان پۇقرالار ئارىسىدىكى يېگانە سىڭلىمنى قايتۇرۇپ بەرسىلە، قاراشەھەرگە ئالغاچ كەتكەن بولسام، ياخشىلىقلىرىنى ھامان بىر كۈنى قايتۇراتتىم، — دېدى.

— بولىدۇ، جاھاندارچىلىق ئۇزۇن دېگەنلىرى توغرا، يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، سىڭلىلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتسىلە بولىدۇ، بىراق مېنىڭ نېسىدىن تەلىپىم يوق، ياخشىلىقلىرىنى ھازىرلا قىلسىلا، يۇرتلۇقلىرىمدىن ئەللىك تۇتۇننى ماڭا ئەكېلىپ بېرىپ سىڭلىلىرىنى ئېلىپ كەتسىلە! بىز ئىككىمىز ھازىر شەخسىي مەنپەئەت توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمى ئۈستىدە سۆزلىشىشىمىز كېرەك! — توختى ماھۇتنىڭ قەتئىي سۆزىگە قارىتا ئىبزىز خوجا بىر ھازا چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئاستا ھوشىنى يىغىپ، ئوغلى خوجىس بىلەن بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن:

— تەلەپلىرى بەكمۇ قاتتىق بولدى. بوپتۇ، بۇ سودىدا سىلى پايدا ئالغان بولدىلا. ئەتە كەچقۇرۇن ئوغلۇم خوجىسبەگ سىلىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاپ، يۇرتلۇقلىرىدىن ئەللىك تۇتۇن ئادەمنى ئالدىلىرىدا ھازىر قىلىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە گەپلىرىدىن يېنىۋالمىسىلا جۇمۇ؟ — دېدى. ئىبزىز خوجا مىڭ تۇتۇن كۆچمەن پۇقرانىڭ باشچىسى بولغان بۇ توختى ماھۇت بىلەن بۇ بىر قانچە ۋاقىتتىن بۇيان خېلى ئېتىشىپ ـ ئېلىشىپ باقتى. بىراق، بۇ باتۇر، قەتئىي ئىرادىلىك، تەدبىرلىك ھەم ئۆز سۆزلۈك ئادەمدىن ئىبزىز خوجا قىلچىمۇ نەپ ئالالمىغانىدى. شۇڭا، «بۇ قېتىمقى سودىدا سىلى پايدا ئالغان بولدىلا» دېگىنى ئىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئىزىز خوجا، جانمۇ ئىغىزدىن، سۆزمۇ ئىغىزدىن چىقىدۇ ! — توختى مامۇت گەپنى چورتلا قىلدى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن خوجىسىبەگ توختى مامۇتنىڭ يۇرتلۇقلىرىدىن ئەللىك تۇتۇن ئادەمنى كومۇشكە يەتكۈزۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھامىيسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، كېچىلەپ قاراشەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا توختى مامۇت باشچىلىقىدىكى مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق نەچچە مىڭ كۆچمەن شاپىبەگنىڭ يىگىتلىرى ۋە مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

# ئالتىنچى باب

## قوش توي

«تۆگە قارنى يېرىلدى» دەپ تەسۋىرلىنىدىغان سىخىي، ئەلۋەك كۆز كۆنلىرى يېتىپ كەلدى. قازناقلار ئاشلىققا، چۆنچە[①] لەر ئۈزۈمگە تولدى. پاختىلار هويلىلارغا دۆۋىلەندى. كۆزلۈك قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ ئالدى بازارغا چىقىشقا باشلىدى. تۇرپان، لۈكچۈننىڭ يازدىكى تومۇز ئىسسىقلىرى ئاياغلىشىپ، هاۋاسى ئىللىق، مېۋە - چېۋىلىرى مەي باغلىغان، جەننەتتەك كۆنلىرى باشلاندى.

ئەهمەد ۋاڭ دەۋرىدە دېھقانغا، هۈنەرۋەنگە، باققالغا، قاسساپقا، ئىشقىلىپ، هەممە ساهە ئادەملىرىگە بەلگىلەنگەن باج، ئالۋان - ياساق، هاشار - سېلىق كۆپ ئىدى. خەلق ئۈستىدە جان پۇتۇكى، خان پۇلى، يەر پۇلى، قونالغۇ، ئوت پۇلى، پۇقرالىق، باسقاق، مىرابلىق، غەللە، باج، تاپان هەققى، چاي، يەم - خەشەك... قاتارلىق ئالۋان - ياساقلار بار ئىدى. ئىمىن سوپى ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ سېلىقلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. زىندانغا قامالغانلارنىڭ گۇناهىنى كەچۈرۈم قىلدى. ئوردىغا پاتمانلاپ قەرز بولۇپ قالغانلارنىڭ قەرزلىرى كەچۈرۈم قىلىندى. سۇ ئىنشائاتلىرى، مەسىلەن، بۇلاق كۆزلىرىنى تورلاش، ئېقىن سۇ ئۆستەڭلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە تاشلاندۇق

---

① چۆنچە ــ شەرقىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا مەخسۇس ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۈچۈن راسلانغان، تۆت تېمىدا تەكشى تۆشۈكلەر بولغان، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ ئۆي.

كارىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلار ئوردا تەرەپتىن چىقىم قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلدى؛ بوز يەر ئېچىشقا، ھۈنەر - سەنئەتنى روناق تاپتۇرۇشقا، سودا ئىشلىرىغا مەدەت - ئىلھام بېرىلدى. چېرىكلەرمۇ قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، ئوردا ۋە يۇرت مۇداپىئەسى كۈچەيتىلگەندىن باشقا، ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق ئەمگەك كۈنلىرى بېكىتىلىپ، خانلىق يەرگە ئىشلەش، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىدا پۇقراغا يۆلىنىشۋالماسلىق تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. پاششاپلارغىمۇ رايون، مەھەللىلەرنىڭ ئامانلىق مەسئۇللۇقى بۆلۈپ بېرىلىپ، ئوغرى، توپىلاڭچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم بەرگەچ، يۇرت ئىچى ئەمىن تېپىپ، مەمۇرىي تۈزۈملەر بىر قەدەر مۇكەممەللىشىپ، ئىشلار ئىزىغا چۈشتى. پۇقرالارنىڭ كۆڭلىمۇ بارا - بارا ئوردىغا مايىللىشىشقا باشلىدى. ئەنە شۇنداق ئەمىنلىك تاپقان كۈنلەردە ئىمىن ۋاڭ چىنىخاننى ئەمرىگە ئالماقچى بولدى، خالىقىمۇ خەلچە بىلەن توي قىلماقچى بولدى، لۈكچۈندە ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي بولىدىغانلىقى يۇرت ئىچىگە جاكارلاندى.

شاپىبەگ ئىمىن ۋاڭنىڭ تەختىنى مۇستەھكەملەشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەچكە، لۈكچۈن ئوردىسىنىڭ كۈنپېتىش يېنىدىكى ئاۋات رەستىدىن جايلىق يەر بېرىلگەندى. ئۇ يەرگە ئىككى يىل ئىچىدە ھەشەمەتلىك بىر چوڭ ھويلا - كۆرە سېلىنغان، لېكىن شاپىبەگ تېخىچە ئائىلىسىنى مۇرتۇقتىن لۈكچۈنگە كۆچۈرۈپ كەلمىگەندى. مۇشۇ كۆرەگە چىنىخان تەرەپىنىڭ تۇغقانلىرى ھەم خەلچەنىڭ مۇرەببىلىرى جايلاشتۇرۇلدى. چىنىخان بىلەن خەلچەمۇ دوستلىرى بىلەن مۇشۇ كۆرەگىلا قىز ئولتۇرۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئىگىز ئوردا سېپىلى ئۈستىدە ناغرا - سۇناي چېلىنماقتا، كوچىلاردا ھارۋىلىق، يۇزلەر كىيىنگەن باي - بەگلەر مەيلەردە، پۆپۈكلۈك يوگەن - نوختا سېلىنغان، نەقىشلىك ئېگەر -

توقۇملۇق ئاتلارغا مىنىشكەن بايۋەچچىلەر، گىلەمدىن توقۇم توقۇلغان ئاتتەك ئېگىز ئېشەكلەرگە مىنىشكەن مويسىپىتلار، قىزىل دوپپىلىق ئەرلەر، ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيگەن قىز - جۇۋانلار، كۆك رەڭلىك سەرگەزدىن چامچا - تامبال كىيگەن دېھقان يىگىتلەر... ئوردا تەرەپكە ئاقماقتا. ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى يوغان ئېچىۋېتىلگەن، ئوردا مەيدانىدا سانجاق - سانجاق ئادەملەر، مەيدان ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئەر - ئاياللار... ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىككى تال ئىنچىكە بادرىغا قىزىل شەلپەرنى تارتىپ، ئۇنىڭغا قەغەز پۇللارنى چاپلاپ بوستا[①] قىلىپ كەلگەنلەر دەرۋازىدىن كىرگەندە ياكى يوغان قوچقار، توپاقلارنىڭ بوينىغا شەلپەر چىگىپ تويغا سوۋغا - سالام ئېلىپ كىرگەنلەر ئوردا مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە، ناغرا - سۇنايچىلار شۇئان پەدىنى خۇشاللىق كۈيى — شادىيانىگە يۆتكەيتتى - دە، ئۇسسۇلچىلارمۇ شۇئان ھەرىكىتىنى شادىيانىگە ماسلاشتۇراتتى.

ئوردىنىڭ ئاشخانىسى جايلاشقان تەرەپتە باداڭ قورساق ئاشپەزلەر يوغان - يوغان داش قازانلارغا تۆت - بەش كۈرىدىن گۈرۈچنى بېسىپ، ھېلىدىن - ھېلىغا گۈرجەكتەك كەپكۈرلەر بىلەن ئۆرۈسە، بەزى قازانلاردا كالا - قوي گۆشلىرى پورۇقلاپ قاينىماقتا. ئوتتۇرىدا چاي توشۇغۇچى مۇلازىملار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى، تاۋاق توشۇغان يىگىتلەر «پوش ! پوش !» دېيىشىپ، قوللىرىدىكى چىنە - تاۋاقلارنى چەبدەسلىك بىلەن مېھمانخانىلارغا يەتكۈزمەكتە. كەڭ سەينالىق ئۆيلەردە مېھمانلار مەزەلەرگە بەھۇزۇر بېقىنىشسا، بۆكەل[②] بىلەن خۇپچەچى[③] داستىخانلارنى ھېلى يىغىپ، يېڭىدىن يەنە سېلىپ تۇراتتى...

① بوستا — تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا تويغا قىلىنغان لازىمەتلىك سوۋغا - سالامنى بوستا دەپ ئاتايدۇ.

② بۆكەل — لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا ۋاڭنىڭ داستىخىنىنى سېلىشقا مەسئۇل خادىم.

③ خۇپچەچى — لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا ۋاڭنىڭ داستىخىنىنى يىغقۇچى خادىم.

ئـوردىغا كىـرىپ ـ چىقـىۋاتقان ئـادەملەر، ئوتـتۇرىدا يـۇگـۇر ـ يۇگۇرده ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئوردىنىڭ ئىچى خۇددى ھەره كۆنەلگۇسىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

پىشـىنـدىن يانغان ۋاقـتـتا ناغرا ـ سۇناي تېخـىمۇ ياڭـراق چېلىنىشقا باشلىدى. ئوردا مەيدانىدىكى كىشـلەر توپىنى يېرىـپ بـىر توپ يىـگىت قـىز كۆچۈرۈشكە مېڭىـشتى. ئالـدىدا توققـۇز كىـشى داپ چېلـىپ بېيـىت توۋلاپ كـەلـمەكـتـە، كـەينىـدە ئـاق يىپەكتىن چامچا، چۈچۈنچىدىن تامبال كىيگەن، بېلىگە يىشىـل پوتـا باغلاپ، پۇتـىغا يۇمـشاق بۇغا تـېرىسـىدىن تىكىلگـەن قـارا ئۆتۈك، بېشىغا كۆك دۇخاۋا بـۆك كىيگـەن يىگىـت ئىمـىن ۋاڭ، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا قولدىشى شاپىبەگ، سول تەرەپتە ئىمىن ۋاڭغا ئوخشـاش كىيىـنگەن يىـگىت خالـىق، ئۇنـىڭ يېنـىدا قولدىشـى ساۋۇت دەمدەر كەلمەكتە. توي كۆچۈرگىلى كەلگـەن بۇ بىر تـوپ يىگىتكە ئالىم خوجا باشچىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

يىگـىتلەر تـوپى قىزلار ئـورۇنلاشقـان كـۇرەنىڭ دەرۋازىسـى ئالدىغا يېقىنلاشقاندا، يىگىت تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ ساقـلاپ تۇرغان بىـر ئوتتـۇرا ياشلىـق ئـەر بىلـەن ئـايال يىـگىـتلـەرنـى توختاتتى ـ دە، ئايال بوغجۇمىسىدىن ئـالدىن تەيـيارلاپ قويغـان دەسـتارنى، يەنـى باللـىق بولغـان ئەرلەر كـىيىدىغـان بۆكـنىـڭ ئۈستىگە قىزىل شەلپەر ئورالغان باش كىيىمىدىن ئىككىنى ئەر كىـشى تۇتـۇپ تۇرغان غەلـۋىرگە سالـدى. ئوتتـۇرا ياشلىـق ئـەر غەلۋىرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يىگىت توپىنىڭ باشچىسى ئالىم خوجىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دەستـاردىن بىرنـى ئېلـىـپ ئىمـىـن ۋاڭنىڭ بېشىدىكى بۆككە ئالماشتۇردى ۋە ئۇنلۇك قىلىپ:

— ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، دۆلـەتلىرى زىـياده بولسـۇن. ئەل ـ يۇرتلىرى ئامـان، تۇرمۇشلىرى پاراۋان بولـسۇن، توققـۇز ئوغۇل، توققۇز قىزلىق بولسىلا، — دەپ تىلەك تىلىدى. ئاندىـن غەلـۋىردىكى يـەنە بىر دەسـتارنى ئـېلـىپ خـالىقنـىـڭ بۆكـىگـە ئالـماشتۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ياخشى تىلەك تىلەپ مۇنداق دېدى:



— ئۆيىڭىز بەختلىك بولسۇن، ئوغۇللىرىڭىز يوغان باش، قىزلىرىڭىز قەلەم قاش بولسۇن، ئىمىن ۋاڭغا ھەر دائىم يار ـ يۆلەكتە بولۇڭ، ئىشلىرىڭىز روناق تاپسۇن، ئامىن ! ئاللاھۇئەكبەر !

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر !

— ئاللاھۇ ئەكبەر !

يىگىت توپى ۋە ئەتراپتىكىلەر دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ئاندىن ھېلىقى ئوتتۇرا ياش ئايال كېلىپ بوغجۇمىسىدىن قىزىل، يېشىل، سېرىق، كۆك دېگەندەك ھەر خىل رەختلەرنى ئېلىپ، ئىمىن ۋاڭ بىلەن خالىقنىڭ بويىنىغا بىردىن قىزىل ياغلىقنى چىگدى ۋە تۇگۇنچەكنى بەكمۇ قاتتىق تۇگدى، يەنە بۇ ئىككى يىگىتنىڭ مۇرىسىگە رەڭدار رەختلەرنى چاپراس قىلىپ ئاۋۋال ئوڭدىن، ئاندىن سولدىن ئارتىلدۇرۇپ قولتۇق ئاستىدىن چىگدى. يېقىن ـ يورۇقلىرى بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بويىنىغا، مۇرىسىگە چىگىلگەن رەختلەر ئارىسىغا تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ پۇللارنى قىستۇرۇشۇپ، توينىڭ يارىشىقىنى قىلدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن يىگىتلەر قىزلار ئورۇنلاشقان دەرۋازا ئالدىغا كەلدى، دەرۋازا چىڭ تاقالغانىدى. توققۇز نەپەر داپچى داپنى تېخىمۇ كۈچەپ چېلىپ بېيىت ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىشىك ئېچىڭ، ئىشىك ئېچىڭ،  
ئەمدى بولدى تويىڭىز.  
ئوتتۇز يىگىتنىڭ سەر خىلى  
بولدى ئەمدى ئېرىڭىز.

ئەتىگەندە يېتىپ كەلدۇق،  
داپ ـ دۇتارنى چېلىپ.  
چاققانغىنا ماڭايلى بىز،  
خېنىم قىزنى ئېلىپ.

— يارىشقىنى قىلىڭلار ! بولمىسا دەرۋازىنى ھەرگىز ئاچمايمىز ! — دەرۋازا ئىچىدىكى قىزلار توۋلاشتى.

— مانا تويىنىڭ يارىشقى ! تۇتۇۋېلىڭلار ! — يىگىت توپىنىڭ بېشى بولغان ئالىم خوجا قىزىل شەلپەر ياغلىقتا ئورالغان قويىنىڭ پىشۇرۇلغان تۆش گۆشىنى دەرۋازا ئۈستىدىن ھالقىتىپ تاشلاپ بەردى. كۆرە ئىچىدە بىر ھازا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن دەرۋازا ئېچىلدى.

كۆرە ئىچىدە قىز - يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. ئۆيئىچىدە چوڭ ياشلىق ئاياللار چىمەنخان بىلەن خەلچەمنىڭ بېشىدىن ئاشتاختا - نوغۇچ ئۆرۈپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، قىزنى يەڭگىسى بىلەن چىقىرىپ بەردى. چىمەنخانغا ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ ئايالى سەيدىگۈل، خەلچەمگە ئۆزىنىڭ كېنىزەك دوستى ئائىشە قىز قولداش بولغانىدى. كۆرە ئىچىدىكى تويچىلار مەيدان چۆرىسىنى چۆرىدەپ، ئوتتۇرىغا ئىمىن ۋاڭ بىلەن چىمەنخاننى، خالىق بىلەن خەلچەمنى ئۇسسۇلغا سالدى. ئىككى جۈپ قىز - يىگىت بىر ھازا ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن قىز - يىگىتلەر دەرۋازىدىن چىقىپ، قىز كۆچۈرۈشكە ئېلىپ كېلىنگەن ياسداق مەپىلەرگە قىزلار ئايرىم - ئايرىم چۈشۈپ، يەڭگىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئولتۇرۇشتى. يىگىتلەر كۈمۈش بېزەكلەر بېزەلگەن، قىزىل پۆپۈكلۈك يۈگەن - نوختىلىق ئاتلارغا مىنىشىپ مېڭىشتى. مەپىدىكى تويى بولغان قىزلارنىڭ ھېچبىر يىغا ئاۋازى ئاڭلانمىغانلىقىنى سەزگەن داپچىلار شۇئان بېيىتلىرىنى ئوقۇشۇپ، داپلىرىنى بولۇشىغا چېلىشقا باشلىدى:

ئاپتۇۋىغا سۇ ئالسام،
ئىللىمايدۇ ھېچ.
قىز ئانىسى ئۆگەيمىكىن،
يىغلىمايدۇ ھېچ.

قىزلار چۈشكەن مەيىنىڭ،
ئوقى چۈلۈك ئوخشايدۇ.
قىز ئەجەب يىغلىمايدۇ،
ئۆنى پۈتۈك ئوخشايدۇ.

يىگىتلەرنىڭ بېيىت ـ قوشقىنى ئاڭلىغان خەلىچەنىڭ قولدىشى ئائىشە:

— ئاڭلىدىڭمۇ خەلىچە، يىغلا ! يىغا دېگەن تويى بولغان قىزنىڭ يارىشىقى، ئەگەر يىغلىمىساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ يامان بېيىتلارنى ئاڭلايسەن، — دېدى.

— خۇشاللىق ئىشقىمۇ يىغلامدۇ كىشى؟! — دەپ پىخىلداپ كۈلدى خەلىچە بېشىدىكى پۈركەنجىسىنى ئېچىپ، شوخلۇق بىلەن.

شۇ ئارىدا داپچىلار يەنە بېيىت ئېيتتى:

ئالما ـ ئۆرۈك تىرىكىنى
خەقلەر ئاچا دەيدىكەن.
يىغلىمىغان شۇ قىزنى
خەقلەر گاچا دەيدىكەن.

— ۋاي ـ ۋاي ! قىيقاس ! قىزلار گاچا ئىكەن، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! — تويچى يىگىتلەر تۇشمۇتۇشتىن قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشتى.

— ۋاي شەيتان، چاپسان يىغلا دەيمەن ! يىغلا ! — ئائىشە خەلىچەنى چىمدايتتى، نوقۇيتتى، خەلىچە بولسا شوخلۇقىغا ئېلىپ پىخىلداپ كۈلەتتى... ئاخىر مەيدىن ئىنچىكە، ئۇزۇك ـ ئۇزۇك يىغا ئاۋازى چىقتى. تويچىلار بېيىت ـ قوشاق، قىيقاس ـ سۈرەن بىلەن تويىنى كۆچۈرۈپ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا ئىككى يەرگە قۇرۇق يانتاق ـ

قومۇشلارغا ئوت يېقىلغانىدى. يىگىتلەر ئاتتىن، قىزلار مەپىدىن چۈشتى. ئالدى بىلەن يىگىتلەر ئوتنىڭ يېنىغا قولداشلىرى بىلەن كېلىپ قىبلىگە قاراپ تۇردى، ئاندىن ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاتىسى نىياز ئاخۇنۇم ئىككى يىگىتنىڭ ئاتىسى ھېسابىدا بىر ئوچۇم مىس يارماقنى يىگىتلەرنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۇلاڭ ئايلاندۇرۇپ:

— ئوغۇللىرىمنىڭ ئامانلىقى، يېڭى قۇرغان ئائىلىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن، — دەپ كىشىلەر ئارىسىغا چاچقۇ قىلىپ چاچتى. يىگىتلەر ئايرىم - ئايرىم يېقىلغان ئىككى دۆۋە ئوتتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە باشلىدى. توققۇز نەپەر داپچى دەرۋازا ئالدىغا ئالدىن تەييارلانغان ياغاچ سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، بىر تەكشى ھالدا داپ چېلىپ، «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى ئېيتتى:

تاغدا تېرىق تېرىسام،<br>
ئاڭا باغلىق يوق ئىكەن.<br>
بىزنىڭ يارنىڭ بېشىدا،<br>
يىپەك ياغلىق يوق ئىكەن.

ئاتىم بولسا، ئاتىم بولسا،<br>
ئاللا يەي، يارىم بولسا.<br>
يارنى مەن سېغىنغاندا،<br>
ئاللا، قاناتىم بولسا.

دۆڭمەلىدە بىر بالا،<br>
مىنگەن ئېتى بۆز ئالا.<br>
خۇدا سىزگە بۇيرۇسۇن،<br>
خۇيى بەلەن قىز بالا.

بۇ دالان، ئېگىز دالان،<br>
پەنجىرى كېسەك دالان.

بىزنىڭ يارنىڭ خالتىسىدا،
ئۆزۈم بىلەن ياڭاق ـ چىلان.

قاراقاشنىڭ ئوتلىرى
جۇجەم ئوتى چوغىدەك.
قاراپ قالدى يىگىتلەر
قارا قاشقا تويغۇدەك.

كۆردۈڭمۇ قارا قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئىچ دېسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

دەردىنىڭ تولىسى يەتتى،
مەن ئاتمىنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى
ئاخىرەتتە تارتمايمەن.

يىگىتلەر ئوتتىن ئۈچ قېتىم ئاتلاپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قىزلار قولدىشى بىللە ئوتتىن ئوخشاشلا ئۈچ قېتىم سەكرەپ ئۆتتى. ئوتتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قىز ـ يىگىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىگىتنىڭ تويىنى قايتىدىن تەبرىكلەشتى. ئۇلارغا قۇت ـ بەخت تىلەشتى. قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كىرىشمەستىن، كەچلىك مەشرەپ بولغۇچە تۇرۇپ تۇرىدىغان، ئالدىن تەييارلانغان چوڭراق بىر ئۆيگە مېڭىشتى. ئالىم خوجا بىر چەتتە تۇرۇپ:

— قىزلار ھۇجرىغا قايتتى! — دەپ توۋلىدى. يىگىتلەر توپىمۇ قىزلارنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا مېڭىشتى. توققۇز داپچىمۇ

بۇ چاغدا «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنىڭ ئورنىغا «يەل ناخشىسى » نى ئېيتىپ، داپلىرىنى چېلىشقان پېتى «ھۆجرا» غا كىرىشتى. ھۆجرىدا چىنىخان قولدىشى سەيدىگۈل بىلەن بىر تەرەپكە، خەلىچە قولدىشى ئائىشە بىلەن بىر تەرەپكە ئۆتۈپ، بىر بۇلۇڭدا پۈركەنجىسىنى ئاچماي ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا ئىمىن ۋاڭ چىنىخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇڭ مۈشتۈمى بىلەن چىنىخاننىڭ سول بىقىنىغا يەڭگىلگىنە بىرنى نوقۇپ قويىدى. خالىقىمۇ خەلىچەنىڭ قېشىغا بېرىپ شۇنداق قىلدى. قىچىقى يامان خەلىچە پاراققىدە كۈلۈپ تاشلىدى. قولدىشى ئائىشە ئۇنى نوقۇشلاپ يۈرۈپ جىملەپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى ـ دە، ئىككى قىزنىڭ قولدىشى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ چىنىخان بىلەن خەلىچەنىڭ پۈركەنجىسىنى ــ چاچتەڭگىلەر ئېسىلغان ناۋات رەڭلىك بۆرتمەشالنى ئېچىۋەتتى. ئەمدىكى ئىش ــ قىز يىگىتنىڭ بوينىغا چىگكەن قىزىل ياغلىقنىڭ تۈگۈنىنى قولى بىلەن يېشىشى كېرەك. ھەر ئىككىلا يىگىتنىڭ بوينىغا چىگىلگەن ياغلىقنىڭ تۈگۈنى بەكمۇ چىڭ تۈگۈلگەنلىكتىن، چىنىخان بىلەن خەلىچە خىنە يېقىلغان نازۇك بارماقلىرى بىلەن شۇنچە كۈچەپ ھەپىلىشىپمۇ يېشەلمىدى. خەلىچە دومسايغان قىياپەتتە قولدىشى ئائىشەگە قاراپ:

ــ بەك چىڭ چىگىۋېتىپتۇ بۇ ياغلىقنى، قايسى ھازازۇل خوتۇن چىگكەن بولغىيدى بۇنى؟ سەن يېشىۋەتكىنە ئائىشە ؟ ــ دېدى.

ــ ھەي ھاماقەت، ئۆزۈڭ يەشكىن، مەن يەشسەم يىگىتىڭ مېنىڭ بولۇپ قالامدۇ؟ ــ دېدى ئائىشە.

يىگىتلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. خەلىچە ھۆپپىدە قىزاردى ـ دە، سېكىلەكلىرىنى سىلكىشتۈرۈپ، تۇرگۈنلۈك بىلەن خالىقنىڭ بوينىدىكى ياغلىقنىڭ تۈگۈنىنى چىشى بىلەن يەشمەكچى بولدى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى! ئۇلار قىز ـ يىگىتنىڭ بېشىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ، بىر ـ

بىرىنى سۆيۈشتۈردى ـ دە، يېڭى تويى بولغان بۇ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتكەن بولدى. چىنىخان بىلەن ئىمىن ۋاڭنىڭ قولداشلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. ھۇجرا ئىچى كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن تولدى. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن، تويچى قىز ـ يىگىتلەر بىرلىكتە توي داستىخىنىغا داخىل بولۇشتى. كەچتە توي مەشرىپى باشلىناتتى.

كەچتە ئوردا سەيناسىغا سورۇن راسلاندى، شام ـ چىراغلار ئەتراپقا قاتار يېقىلىپ، مەيدان كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇلدى. سورۇننىڭ بىر تەرىپىگە مەشرەپ باشقۇرغۇچىلار ــ يىگىتبېشى، قازىبەگ، پاششاپ، دورغابەگلەر ئورۇنلاشقان، بىر تەرىپىدە گىلەمگە سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەردە ئىمىن ۋاڭ، چىنىخان، خالىق، خەلىچەلەر قولداشلىرى بىلەن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. قىزلار بۆرتمەشاللىرىنى يېرىم قايرىپ، يۈزىنى ئاچقان پېتى ياتتۇ ئولتۇرۇشاتتى. تويچىلار ئەتراپتا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشقانىدى.

يىگىتبېشى ــ ئالىم خوجا دەسلەپ ئېشىلگەن بەلباغنى پەتنۇسقا سېلىپ، بېيىت ـ قوشاق ئارقىلىق ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. پوتا ئويۇنى باشلاندى. ئۇ ئالدى بىلەن قىزلار تەرەپكە بېرىپ، قولىدىكى پوتىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، پاتىگۈل دېگەن قىزغا تەزىم قىلىپ، بېيىت ئوقۇدى:

دەررە ئېشىپ يېپەكتىن،
ئىزدەپ كەلدىم يۈرەكتىن.
تەگسە دەررەم يارىمغا،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن.

كېلىپ قالدى دەررىمىز،
تۇرۇلمىسۇن تەرىمىز.
بۇ مۇھەببەت قامچىسى،
يوقتۇر سىزگە قەھرىمىز.

ئىشىك ئالدىدا يوللىرى،
زەيتۇن تاۋاردا تونلىرى.
دەررە ئېلىپ كېلىپ قالدۇق،
تېگەرمىكىن چوللىرى؟

پاتىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدانغا چۈشۈپ، ئالىم خوجىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە ياندۇرۇپ بېيىت ئېيتتى:

ئىشىك ئالدىدا يولىمىز،
ئەتلەس ـ يىپەكتە تونىمىز.
دەررە ئېلىپ كېلىپ قاپسىز،
بىزنىڭ تېگۈر چولىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئويۇن باشلاندى. ئالىم خوجا قارشى تەرەپنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا ئايلاندى. پاتىگۇلمۇ چاققانلىق بىلەن دەسلەپكى ئىككى نۆۋەت ئايلىنىشتا ماسلىشىپ تەڭلا ئوخشاش ئايلاندى. ئۈچىنچى قېتىمدا ئالىم خوجا شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى ئوڭغا چۆرگۈلەشكە ئەپلىگەن بولۇپ شاققىدە سولغا چۆرگۈلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پاتىگۇل يېڭىلگەن بولدى ـ دە، ئالىم خوجا پاتىگۇلنى قولىدىكى ئېشىلگەن پوتا بىلەن يەڭگىلگىنە ئىككىنى ئۇرغان بولدى. پاتىگۇل قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئالىم خوجىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، پوتىغا قول سۇندى. ئالىم خوجا بېيىت تاشلىدى:

پاتەمخانىنىڭ مىنگىنى،
ئالىپاچاق توروق ئات.
پاتەمخانلار بار يەردە،
باشقا يارلار بىزگە يات.

بىشىگىدىكى دوپپاڭنى،
كىيىپ باققۇم كېلىدۇ.
سەن ئۇچۇن جېنىم يارىم،
سۇدا ئاققۇم كېلىدۇ.

پاتىگۇل ئالىم خوجىنىڭ ئۆزىگە گەپ تاشلاۋاتقىنىنى، ئۇندەككە كەلتۈرمەك غەرىزىدە بېيىت تاشلاۋاتقانلىقىنى بىلىدى. شۇ زامانلاردا قىز - يىگىتلەر ئاشۇنداق توي مەشرەپلىرىدە بېيىت تاشلاش — بېيىت ئېيتىشىش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تېپىشىپ قالاتتى. ئەگەر سۆيگىنى بار بولسا، ئۇنى بېيىت - قوشاقتا ئىپادىلەپ، قارشى تەرەپكە ئىزھارلاپ قوياتتى. پاتىگۇل ئالىم خوجىغا شۇ ئۇسۇلنى قوللاندى - دە، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

قاشلىق ئەتىسىڭ ئوسما بار،
تىكلەپ قويدۇم ئەينەكنى.
بۇ ئۆمرۈمدە سۆيمەسمەن،
ئۆز يارىمدىن بۆلەكنى.

ئىشىك ئالدى چىناردۇر،
قۇشلار كېلىپ قونادۇر.
يار ئۇستىگە يار تۇتماق،
كەچۈرگۈسىز گۇنادۇر.

پاتىگۇل بېيىتنى ئېيتىپ بولۇپ يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىپ، ئالىم خوجىنىڭ قولىدىكى پوتىغا قول ئۇزارتتى. ئالىم خوجا ئەمدى بېيىت تاشلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ، تەزىم بىلەن پوتىنى (دەررىنى) پاتىگۇلنىڭ قولىغا تاپشۇردى. پاتىگۇل يىگىتلەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، خالىقنىڭ قولىدىشى ساۋۇت

دەمدەرگە تەزىم قىلىپ، ئۇنى پوتىغا تەكلىپ قىلدى، ساۋۇت دەمدەر ئۆتتۈرىغا چىقىپ پاتىگۈلگە تەزىم قىلىپ، پوتىغا قول ئۇزارتتى. پاتىگۈل ساۋۇت بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ، تويغا ئاتايىن ئاستانىدىن كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ تەڭتۇشى بولغان ساۋۇتقا چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭ «دەمدەر» لەقىمىنى ئاتايىن قوشاققا قوشتى:

ئۆيدە باققان كەپتىرىم،
كاتەكتە باققان دەمدىرىم.
سەھەر تۇرۇپ دان بەرسەم،
سايراپ بەرگەن دەمدىرىم.

سورۇندىكىلەر قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشتى. تويچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بىر مەھەللىدىن، يەنى ئاستانىنىڭ ياڭتۇر دېگەن مەھەللىسىدىن كەلگەنلەر بولغاچقا، ساۋۇتنىڭ لەقىمىنى بىلەتتى. «پاتىگۈل ساۋۇتنى مات قىلىپ قويىدىغان بولدى» دەپ ئويلاشقان تويچىلار ساۋۇتقا تىكىلىشتى. ساۋۇت گەرچە كېكەچلەپرەك سۆزلىسىمۇ، مۇنداق سورۇنلاردا قىزلارغا ئاسانلىقچە ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ بېيىتتا يارىشا پاتىگۈلگە بېيىت ياندۇردى:

تاش مايماق قېتىلمايدۇ،
ئىچ مايماق تېپىلمايدۇ.
بىزنىڭ ياردەك مېھرىبان،
ئىزدىسەڭ تېپىلمايدۇ.

تويچىلار قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشتى. ساۋۇت دەمدەر بېيىت ئارقىلىق پاتىگۈلنىڭ ئىچ مايماق ماڭىدىغان قىياپىتىنى قوشاققا قوشقانىدى. بۇ نۆۋەت پاتىگۈل يېڭىلگەن بولدى. ئۇ

ھۇپپىدە قىزارغىنىچە، پوتىنى ساۋۇتقا بېرىۋېتىپ، ئولتۇرىدىغان جايىغا قايتتى.

دەررە ئـويۇنى يەنـە بىردەم ئويـنالغانـدىن كېيـىن، تەرتـىپ بويىچە چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىشىش باشلاندى.

يىگىتبېشى ئالىم خوجا قولىغا يېرىمىغىچە چاي قۇيۇلغـان چىنىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئوتتۇرىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئوتتۇرىنى بىـر چۆرگۈلەپ چىقىپ، قىزلار ئارىسىدا ئالاھىدە ياسىنىپ ئولتۇرغان ئايگۈل دېگەن قىزغا قاراپ بېيىت ئېيتتى:

تاغ تۇتاشقان ساي بىلەن،
چولپان تۇتاشقان ئاي بىلەن.
يۇتتۇۋەتسەم يارىمنى،
بىر پىيالە چاي بىلەن.

ئايگۈل ئوتتۇرىغا چىقىپ تەزىم بىلەن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ بېيىت ياندۇردى:

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
يارىم مېنى كۆيدۇردى،
ناۋاتتەك گېپى بىلەن.

تـويچىلار يـەنـە قىيـقـاس ـ سۈرەن كۆتـۈرۈشـتى. ئـايـگـۈل قولىدىكى چىنىـنى تويى بـولغان قىـز ـ يىگىـتلەرنىـڭ ئالدىغـا ئاپىرىپ، ئىمىن ۋاڭغا تەگلەپ تۇرۇپ مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

چىنىخان پۇجۇڭ ئاينىڭ،
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.
ئەل ـ خالايىق ئىچىدە
ھايالىق دەپ دېگى بار.

قاراغوجا ـ ئاستانە خەلقى،
خۇرجۇن، پالاس توقۇيدۇ.
يېڭى چىققان ئىمىن ۋاڭ،
قۇرئان كىتاب ئوقۇيدۇ.

تويچىلار قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشتى، ئىمىن ۋاڭ بىلەن چىنىخان ئوتتۇرىغا چىقتى، ئايگۈل چىنىنى ئىمىن ۋاڭنىڭ قولىغا تەزىم بىلەن تۇتقۇزدى. ئاڭغىچە يىگىتبېشى بىر كىيىملىك ئەتلەسنى ئايگۈلنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، ئۇنىڭ بوينىغا سېلىپ قويدى. ئايگۈل ئالىم خوجىغا تەزىم بىلەن رەھمەت ـ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، جايىغا قايتتى. ئەمدى بېيىت ئېيتىشىش ئىمىن ۋاڭ بىلەن چىنىخانغا كەلگەنىدى. تويچىلار قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىشىپ، نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ، ئوتتۇرىدىكى قىز ـ يىگىتكە قاراشماقتا. بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالىدىن تويچىلارنىڭ ئاز ـ تولا خەۋىرى بولغاچ، «بېيىت ـ قوشاقتا بۇ ئىككىسى نېمىلەرنى ئىزھار قىلاركىن؟» دېگەن ئويدا ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشماقتا ئىدى. تويچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەكلا، ئىمىن ۋاڭ خۇشلۇق ھەم شوخلۇقى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىنىخانغا تىكىپ، بېيىت تاشلىدى:

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
زىلۋا تېرەك ئۆسمەمدۇ.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئىشىك ئالدى جۇپ كۆلچەك،
جۇپ كۆلچەكتە جۇپ ئۆردەك.
يار بولسا سىزدەك بولسا،
لوقماندەك ئۆمۈر سۈرسەك.

تويچىلار قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشتى. ئىمىن ۋاڭ گەرچە ۋاڭ بولىسمۇ، بۈگۈن ئۇ تويى بولۇۋاتقان يىگىت ئىدى. شۇڭا، تويچىلار بىلەن ۋاڭ ئوتتۇرىسىدا بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇنچىۋالا ئەيمىنىش بولمايتتى. چۈنكى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى ئىچىدە «ئېتىزلىقتا ئاغا يوق» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. شۇ گەپ بىلەن مۇنداق سورۇنلاردا تۇرپانلىقلار بەگ ـ ئەمەلدارلاردىن ئانچە ھېيىقىپ ئولتۇرمايتتى. شۇڭا، ئۇلار مەشرەپنى ئەۋجگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىمىن ۋاڭ سورۇنغا چۈشكەندە ھېيىقىپ ئولتۇرماي، قىيقاس ـ سۈرەن بىلەن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشمەكتە ئىدى. ئىمىن ۋاڭمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تويچىلار ئارىسىغا سىڭىشىپلا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇنجى تويى مۇنچىۋالا داغدۇغىلىق بولمىغان ھەم ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىنى ئاتىسى ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇ توي بولسا ئۇنىڭ ھەقىقىي سۆيگىنى بىلەن بولۇۋاتقان توي، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قونغان مەزگىللەردە ئۆتكۈزۈلگەن توي ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە تۇتۇپ، يېڭىدىن يىگىت بولۇپ، مەھەللىدىكى ۋە يۇرت ئىچىدىكى تويلاردا بېيىت ئېيتقان چاغلىرىدىكى چەبدەس ـ چېۋەرلىكىنى ئىشقا سالماقچى بولۇپ، تەرەددۇتلىنىپ تۇردى.

نۆۋەت چىنىخاندا ئىدى. ئۇمۇ ئىمىن ۋاڭ ئېيىتقان بېيىتقا جاۋابەن مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

ئۇچارغا قاناتىم سەن،
ئاغزىمدا ناۋاتىم سەن.
قاراڭغۇ كېچىلەردە،
ياندۇرغان چىراغىم سەن.

تويچىلار يەنە قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشتى، چۈنكى چىنىخانمۇ ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئىمىن ۋاڭ ئېيتقان

بېيىتقا ماسلاشتۇرۇپ بېيىت ئېيتقانىدى.
— ھە ـ ھە ! ئىمىن ۋاڭ ! چوقۇۋالدى چىنىخان ! — تويچىلار ئىمىن ۋاڭغا مەدەت بېرىشمەكتە. ئىمىن ۋاڭ بىلەن چىنىخان رەسمىي ئېيتىشىشقا تەرەددۇتلەندى. ئىمىن ۋاڭ:

خېنىم ـ خېنىم، جانان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي، ئاڭلاڭ خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ بولسۇن،
ئاشىقمەن بىلسەڭ، خېنىم.
كۆز تەگمىسۇن ساڭا، خېنىم،
ئېسىۋالغىن تۇمار، خېنىم.
شامال بولۇپ قاچما، خېنىم،
شامال بولۇپ قاچساڭ، خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي، خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ، خېنىم،
ماموق قىلىپ ياتاي، خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ، خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ يۇتاي، خېنىم.
كۆك مۇز بولۇپ قاتساڭ، خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي، خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ، خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئويناي، خېنىم.
چىراغ بولۇپ يانساڭ، خېنىم،
پىلىك بولۇپ كۆيەي، خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
زەرگەر بولۇپ سوقاي، خېنىم.
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي، خېنىم.
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،

قوزاڭ بولۇپ ئوتلاي، خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن، خېنىم،
خۇش كەتتى چاي، ئالغىن، خېنىم.

چىنىخان ئىمىن ۋاڭنىڭ قولىدىكى چاي چىنىسىنى ئېلىپ ئۆز كۆڭلىنى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئىزھار قىلدى:

يىگىت ـ يىگىت، جانان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ، يىگىت.
خەلقئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
مەنمۇ كۆيۈك خۇمار، يىگىت.
جانغا جان داۋا، يىگىت،
ئېسىۋالسام تۇمار، يىگىت.
تاغقا چىقسام دۇلدۇل، يىگىت،
قىسىۋالسام بىر گۇل، يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم، يىگىت،
مانا چىنە، تەزىم، يىگىت.

ئىمىن ۋاڭ چىنىخاننىڭ قولىدىكى چاي چىنىسىنى ئالدى ۋە بېيىتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ ئېيتتى:

ھەي خېنىم، جېنىم خېنىم،
يۈلەنمىگىن تېرەككە.
كۆيدۈرسەڭمۇ ئۆلمەيمەن،
كىم ئۆلۈپتۇ كۆيەككە.

چىنىخانمۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىپ، شۇئان بېيىتنىڭ پەدىسىنى يۆتكىدى:

ئادەم دېگەن ھۆل نېمە،
ئوت كەتمەيدۇ يۈرەككە.

كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

تويچىلار يەنە قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشىپ، ئىمىن ۋاڭ بىلەن چىنىخاننىڭ بېيىتنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېيتقانلىقىغا ئالقىش ياڭرىتىشتى.

مەشرەپنىڭ ئەمدىكى تەرتىپى «جازا» غا كۆچتى. پاششاپ ئوتتۇرىغا «ياڭتۇرلۇق ئوتتۇز تاز»نىڭ بىرسى بولغان ھاسان تايغاننى دۆشكەلەپ ئېلىپ چىقتى. ھاسان تايغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ ئوتتۇرىدا پۇتلىرىنى كەرگىنىچە شۇمشىيىپ تۇردى.

— داد، قازى ئاخۇنۇم، ئۆزلىرىگە دادىم بار ! — دېدى پاششاپ ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بويى ئېگىز، ئۆزى سېمىز، قوللىرى ئارىدەك، پالۋان سۈپەت ھاشىم بۆرە.

— نېمە دادىڭ بار؟ چاپسان ئېيتقىن ! — قازىبەگ ۋەزىپىسىدىكى توختى قەيسا توۋلىدى.

— بۇ ھاسان تايغان دېگەن ئەدەپسىز سورۇندا قىز ـ جۇۋانلارنىڭ بىقىنىنى چىمداپ، قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ، شەرم ـ ھايانى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئەلنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى دەپسەندە قىلدى. بۇ ھاياسىزغا قانداق جازا بۇيرۇيدىلاكىن؟! — ھاشىم بۆرە ھاسان تايغاننى نوقۇشلاپ قازىبەگكە كۆرسەتتى.

— مەشرەپ دېگەن ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىدىغان، شەرم ـ ھايانى ساقلايدىغان كاتتا سورۇن تۇرسا، بۇ ئەدەپسىز بۇنىڭ ئەكسىنى قىپتۇ. بۇنداقلارنى قاتتىق جازالاپ، چوڭلارغا ساۋاق، ئۇششاقلارغا ئىبرەت قىلمىساق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» جازاسى بېرىلسۇن ! — قازىبەگ پۈتۈن سورۇن ئەھلى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ توۋلىدى.

ھاشىم بۆرە شۇ ھامان قىزلار تەرەپتىن پۈركەنجىسى بار

ئىككى ئايالنى ئوتتۇرىغا چاقىردى ۋە ھاسان تايغاننى بېسىپ ياتقۇزۇپ، ئىككى تەرىپىگە بىردىن ئايالنى ئۆتكۈزۈپ قويدى. بۇ ئاياللار يۇرت ئىچىدىكى مەشرەپلەردە دائىم مۇشۇنداق ئويۇننى ۋايىغە يەتكۈزۈپ ئوينايدىغان سىلىمەم، ھېلىمەم دېگەن قىزىقچى ئايالالار ئىدى. ئۇ ئىككىسى ھاسان تايغاننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ئۆتۈپ يېتىپ ھاسانغا «مۇھەببەت» ئىزھار قىلغان سىياقتا ئۇنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ بىرسى ئۆزىگە قاراتسا، يەنە بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى تارتىپ ئۆزىگە قارىتاتتى. ئىككى خوتۇننىڭ «ئەر تالىشىش كۈرىشى»دىن ھاسانىنىڭ ھالى «خارابلاشتى». بۇنداق تالىشىش خېلى بىر ھازاغىچە داۋاملاشتى. تويچىلار «ئىككى خوتۇنلۇق ئەر»نىڭ خاراب ھالىدىن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشتى...

تويچىلار مەشرەپنىڭ «جازا» قىسمىنى راسا قىزىتتى. پاششاپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا سورۇنغا جامال جىڭگىر، مامۇت قېچىر، سادىر پاشا دېگەن يىگىتلەرنى ھېلى ئۇ گۇناھ، ھېلى بۇ گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ، ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىرىۋەردى، قازىبەگمۇ ئۇلارنىڭ بىرسىگە «كەپتەر ئۇچۇرۇش» جازاسىنى بەرسە، يەنە بىرسىگە «سۇرىتىنى تامغا چۈشۈرۈش» جازاسىنى، يەنە بىرسىگە «سامسا يېقىش» جازاسىنى بۇيرۇدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ «جازا» ئويۇنى سىپەر مانجۇغا «ناماقۇللۇق جازاسى» بېرىلىش بىلەن ئاياغلاشتى. سىپەر مانجۇ ئوتتۇز ئوغۇلغا بىر قېتىملىق زىياپەت بېرىش بىلەن «گۇناھى» نى يۇيىدىغان بولدى.

«جازا» ئويۇنىدىن كېيىن سازەندىلەر سازلىرىنى سازلىدى ـ دە، شوخ پەدىلەرگە چېلىشتى. ئۇسسۇلغا چۈشكەنلەر بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار قوللىرىدىن قاس چىقىرىشىپ، بەللىرىنى تولغىشىپ، ئۇسسۇلنى شوخ ھەم لەرزان ئوينىشاتتى. قىز ـ جۇۋانلار بولسا بويۇن، قاش ـ كۆز، بېغىشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يىگىتلەرنى ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلىۋالغۇدەك نازاكەتلىك، سېھىرلىگۈچى قۇدرىتىنى نامايان قىلىشاتتى.

ئۇسسۇل ئەڭ ئاخىر «نازىركوم» بىلەن ئاياغلاشتى.
يىگىتبېشى ئەمدى قولىغا گۈللۈك چىنىدىن بىرنى ئېلىپ، ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئايلىنىپ، ئۈچ قېتىم «چىنىگۈل» دەپ توۋلىدى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كەلگەن تويچىدىن بىرسى «لەيلىگۈل» دەپ توۋلىدى، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى «رەيھانگۈل» دەپ توۋلىدى. ئۈچىنچىسى «قامچىگۈل»، تۆتىنچىسى «ئەتىرگۈل»، بەشىنچىسى «سەبدەرگۈل» دەپ توۋلىدى. شۇ تەرتىپ بويىچە مىرزىگۈل، قامچىگۈل، قوغۇنگۈل، تالگۈل، جۈجەمگۈل، رەيىدەگۈل، كېپىنەكگۈل، قاتقاتگۈل، شەمشىۋاگۈل، چىنىگۈل، توپىنازۇك، پىلپىلگۈل، ھەشقىپىچەكگۈل، ئانارگۈل، كاككۇكگۈل، ئەتلەسگۈل، قاراگۈل، خىنەگۈل ... دەپ ئوتتۇز ئىككى خىل گۈل نامى ئېيتىلىپ بولۇپ، ئوتتۇز ئۈچىنچىسىگە كەلگەندە، نۆۋىتى كەلگەن ئەسئەت قۇلاق دۇدۇقلاپ، بىرەر گۈلنىڭ نامىنى دەپ بېرەلمىدى. تويچى يىگىتلەردىن بىرسى توۋلىدى:
— سېنىڭ قۇلىقىڭ ئۇزۇن بولغان بىلەن گۈللەرنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنسەن - دە؟
يەنە بىر يىگىت توۋلىدى:
— بۇ ئەسئەت قۇلاق يۇرت ئىچىدىكى قايسى بىر خوتۇننىڭ ئېرىنى غەيۋەت قىلغىنىنى، قايسى يىگىتنىڭ قاچان توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىۋالىدۇ - يۇ، بىراق بۇلبۇلنىڭ قانداق گۈلگە قونۇپ سايرايدىغانلىقىنى، قايسى گۈلنىڭ قانداق پۇراق چاچىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ! — دەپ توۋلىدى.
— بۇ ئەسئەت قۇلاق ... — يەنە بىر يىگىت گەپكە ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئۇ:
— بولدى قىلىڭلار، بولدى! مەن يېڭىلىپ قالدىم. سىلەرگە بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرەيمۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ بېرەيمۇ؟ شۇنى دەڭلار! — دېدى ئەسئەت ئورنىدىن قوپۇپ.
— خورازنىڭ چىللىغىنىنى دورا!

— قوينىڭ مەرگىنىنى دوراپ بەر !
— دەمدەرنىڭ بۇقۇلدىشىنى دوراپ بەرگىنە ! — دېدى ساۋۇت دەمدەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھاسان تايغان.
— ئەڭ ياخشىسى ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىنى دورىغىن ! — ساۋۇت دەمدەرمۇ بوش كەلمىدى.
— بولدى قىلىڭلار ! بولدى ! — دەپ توۋلىدى يىگىتبېشى ئالىم خوجا، — بۇ ئاغىنىمىز ئۆزى ئۇسسۇلغىمۇ، ناخشىغىمۇ ئۇستا بىر يىگىت، شۇڭا ئۇ بىزگە تۇرپاننىڭ داڭلىق ناخشىسى «سۇ بولۇپ ئاقتىم» نى ئېيتىپ بەرمىسۇنمۇ؟ !
— بولىدۇ !
— «سۇ بولۇپ ئاقتىم» نى ئېيتىپ بەرسۇن !
ئەسئەت قۇلاق ناخشىنى باشلىدى:

باغلىنىپتۇ يارغا مەيلىم
ئۇشبۇ كۇنلەردە.
كېچە ياتسام كەلمەس ئۇيقۇم
ئۇزۇن تۇنلەردە.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
كاج مېنىڭ بەختىم.
بەختىخانىنىڭ چار بېغىدا
سۇ بولۇپ ئاقتىم.
...

سازەندىلەر سازلىرىنى ئىشتىياق بىلەن چالماقتا، ئەسئەت قۇلاقمۇ ناخشىنى ناھايىتى مۇڭلۇق ئېيتتى. بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھېسسىياتى دولقۇنلىنىپ، پۇت ـ قولىنى ئۇدارغا كەلتۈرۈپ ئوينىغۇسى كېلەتتى. ئەسئەت قۇلاق ناخشىسىنى باشلىشى بىلەنلا بىر قانچە قىز ـ يىگىت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇسسۇلنى جەۋلانىغا كەلتۈرۈپ ئويناشتى. بۇنداق ئادەت

ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ بىر خىل خاسلىقى ئىدى.

تۇن ئىسپىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتە ھاردىم - تالدىم دېگۈچىلەر يوق ئىدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسە تۇننى تاڭغا ئۇلىغۇسى بار ئىدى.

— ھۆرمەتلىك قىز - يىگىتلەر، بۈگۈنكى توي مەشرىپى مەشەگىچە بولسۇن! ئەتە - ئۆگۈن يەنە ئىككى كۈن توي، ئەمدىكى ئىككى كۈندە كۈندۈزى ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش ئۆتكۈزۈلىدۇ. كەچلىكى يەنە ئوخشاشلا مەشرەپ ئۆتكۈزىمىز. ئەمدى قايتىپ ئارام ئالايلى! — دېدى يىگىتبېشى ئالىم خوجا. تويچىلار قىيمىغان ھالدا سورۇندىن تارقاشتى.

يېڭى تويى بولغان قىز - يىگىتلەر قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرىلىرىغا ئەكىرىپ قويۇلدى.

* * *

توي ئاياغلاشقان كۈنى ئەتىگەندە قىز تەرەپتىن ئىككى - ئۈچ چوكان ئىمىن ۋاڭ بىلەن چىنىخاننىڭ ھۇجرىسىغا، خالىق بىلەن خەلىچەنىڭ ھۇجرىسىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مانتا، پولۇ ئېتىپ ناشتىلىققا، يەنى ئىسسىقلىققا ئاتاپ تاماق ئېلىپ باردى. بۇ جۇۋانلارنىڭ تاۋاقلىرىغا چىنىخان بىر كىيىملىكتىن ئەتلەس سېلىپ رەھمىتىنى بىلدۈردى. خەلىچەمۇ ھەر بىر تاۋاق كۆتۈرۈپ بارغان جۇۋانغا ئالدىن راسلاپ قويۇلغان بىر كۆڭلەكلىكتىن زەڭگەر تاۋار تۇتتى، ئاندىن ئاق يىپەك ياغلىق بەلگە ① نى بەردى. بۈگۈن چىللاق كۈنى ئىدى. يىراق - يېقىندىن تويغا كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئايرىم «چىللاق» داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن تونۇشاتتى ۋە بىر - بىرىدىن

① يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىت قوشۇلغان كېچىسىنىڭ ئەتىسى قىز قولدىشى ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان بەلگە، يەنى قىزنىڭ قىزلىقىنىڭ پاك ساقلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

ھاردۇق سورىشاتتى.

مەسلىھەت بويىچە، قىز تەرەپ ئاۋۋال چىللاق قىلماقچى بولدى. چىللاقتىن ئىلگىرى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرغان ئۆيگە سالامغا باراتتى. شەرقىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان، پىچان تەرەپلىرىدە بۇنداق قائىدە بار ئىدى.

يېڭى تويى بولغان ئىمىن ۋاڭ بىلەن خالىقنى قولداشلىرى باشلاپ قىز كۆچۈرۈلگەن كۇرەگە مېڭىشتى. يىگىتلەردىن سەل ئىلگىرى شاپىبەگ يىگىت تەرەپتىن راسلانغان توققۇز خىل مېۋە تىزىلغان كىچىكرەك بىر شىرەنى كۆتۈرۈپ، چىنىخان بىلەن خەلىچەنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئولتۇرغان مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. مېھمانخانا ئۆيدىكى بارلىق مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، بەگ كۈچلۈك قوللىرىدا مېۋە تىزىقلىق شىرەنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى قوشاق بىلەن ئېيتتى. بۇ تويىنىڭ بىر قائىدىسى بولۇپ، «توققۇز ـ توققۇز» دەپ ئاتىلاتتى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
چۇنچىن سالۇات.
بەردى مۇھەممەت،
كۆرگەيسىلەر.
ئىشىتكەيسىلەر،
ھەر كىم سۆزلىسە،
مېنىڭچە سۆزلەر.
تاپقىنى گۇل كەلتۇرەر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي ئۆلتۇرەر،
تاپمىغىنى چۈجە خوراز.

سۇلتان پادىشاھ[①] مېنى كىرگۈزدى،

① تويى بولغان يىگىتنى دېمەكچى.

ھاردۇق سوراي دەپ.
قېيىنئانا، قېيىنئىگىچە، تۇغقانلار بىلەن
تونۇشۇۋالاي دەپ.
جوزىمىزنى[1] قوبۇل قىلغايلا،
ئاددىي بولسىمۇ.
كۆپ ئورنىدا كۆرگەيلا،
توققۇز بولسىمۇ.
توققۇز ـ توققۇز،
مۇجاڭ[2] ياسىغان جوزىسى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
يىپەك رەختى داستىخىنى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
داۋانچىڭنىڭ دادۇرى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
ئىلىخونىڭ گازىرى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
ئاستانىنىڭ ئانىرى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
دادۇڭ[3]نىڭ يانتاق شېكىرى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
پىچاننىڭ ياڭىقى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
لۇكچۇننىڭ يېمىشى بىلەن.
توققۇز ـ توققۇز،
بۇيلۇقنىڭ كىشمىشى بىلەن.

① تاماق شىرەسى، ئۇستەل، يەنى قولىدا كۆتۈرۈپ كىرگەن مېۋە تىزىلغان كىچىك شىرەنى دېمەكچى.
② مۇجاڭ ـــ ياغاچچى.
③ دادۇڭ ـــ پىچاندىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

تېتىپ كۆرگەيلا تەمىنى،
سۆزلەپ بولدۇم ھەممىنى.

شاپىبەگ «توققۇز ـ توققۇز» قائىدىسىنى قىلىپ قولىدىكى شىرەنى داستىخان ئۈستىگە قويدى. چىنىخان بىلەن خەلىچەنىڭ ئاپىسى شىرەدىكى مېۋىلەردىن ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ قالدى. شاپىبەگ شىرەنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ئىمىن ۋاڭ بىلەن خالىقنى قولداشلار بىلەن بىرلىكتە باشلاپ كىرىپ، قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سالاملاشتۇردى. يىگىتلەر سالام ـ سەھەتنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا، «چىللاق»قا كەلگەن باشقا مېھمانلارمۇ بىراقلا ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. «چىللاق» داستىخىنى سېلىندى.



## يەتتىنچى باب

# قانداق قىلىش كېرەك

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتتى. ئىمىن ۋاڭ جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى. كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى ۋە 60 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1721 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا، جۈملىدىن تۇرپان، ئۇرۇمچىلەرگە جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەندە، ئىمىن ۋاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان ھەمدە قوشۇنغا ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك ياردەم قىلغان. ئۇ ئىزچىل تۈردە جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى تەرەپتە تۇرغان، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىننىڭ ساداقەتمەنلىكى ۋە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە قارىتا دەسلەپتە دۆلەتكە ياردەم قىلغۇچى گۇڭلۇق ئۇنۋانىنى بەردى، كېيىنچە يەنە بەيسىلىك ئۇنۋانىنى بەردى.

كاڭشىنىڭ 61 ـ يىلى (مىلادىيە 1722 ـ يىلى) غا كەلگەندە، تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەككىز تۇغلۇق، يېشىل تۇغلۇق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ سانى بىر تۈمەن بىر مىڭغا يېتىپ، غەربىي يۇرتتا تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىدى. بۇ چاغلاردا قومۇل، پىچان، لۈكچۈن، تۇرپان، ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلار بىر مەزگىل تىنچلىقتا ئۆتكەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى زور كۈچ بىلەن غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتكەن مەزگىللەردە، جۇڭغارلار يولتۇز،

قاراشەھەر، ئۈچ، ئىلى قاتارلىق غەرب ۋە غەربىي شىمال تەرەپلەردىلا پائالىيەت قىلىپ يۈرگەنىدى. كاڭشى خان ئالەمدىن ئۆتۈپ ئورنىغا يۇڭجېڭ خان چىققاندا، جۇڭغارلارنىڭ كاتتىبېشى سىۋان ئارابدان بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. يۇڭجېڭ خان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربىي يۇرتقا چوڭ تەگمىگەچكە، سىۋان ئارابدان بىلەن كېلىشىم تۈزدى. يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى (1726 ـ يىلى) چىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان ۋە باركۆلدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

سىۋان ئارابدان ئىلگىرى ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىپ يۈرگەن قومۇل، تۇرپانلارغا قارىتا بۇلاڭ ـ تالاڭنى باشلىۋەتتى. 1727 ـ يىلى سىۋان ئارابدان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن تەخت ۋارىسى بولغاندا، ئۇمۇ ئوخشاشلا، قومۇل، تۇرپانلارغا قاراتقان پاراكەندىچىلىكنى توختىتىپ قويمىدى.

1729 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش باشلاندى. چىڭ قوشۇنلىرى باركۆل ۋە تۇرپانغا قايتا قوشۇن ئەۋەتتى. سىۋان ئارابدان ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئوغلى غالدان سېرىنغا تۇرپاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى قايتا ـ قايتا تاپىلىغانىدى. گەرچە غالدان سېرىن تۇرپاننىڭ ئۆزىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما لۈكچۈن، تۇرپاننى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا، تۇرپان ـ لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن ۋاڭنىڭ قولىدىن «ياندۇرۇپ» ئېلىشقا قۇربى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك سېلىپ ھالىدىن كەتكۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يۇڭجېڭنىڭ 9 ـ، 10 ـ يىللىرى، يەنى مىلادىيە 1731 ـ، 1732 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لۈكچۈن ـ تۇرپاننى بىر قانچە رەت ئۇدا پاراكەندىچىلىككە سالدى. ھەر قېتىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە، شەپىنى ئاڭلاپ بەدەر قېچىپ، ھەل قىلغۇچ

ئۇرۇشتىن ئۆزلىرىنى تارتتى. بۇ چاغدا چىلىڭ قوشۇنلىرى يەنە باركۆل ۋە ئۇرۇمچى تەرەپلەردىكى يازلىق لاگېرلىرىغا چېكىنىپ كېتەتتى. بارچە كەلگۈلۈك تۇرپان ـ لۇكچۇن خەلقىگە كېلەتتى. «چىۋىن چېقىۋەرسە پىلمۇ سەكرەيدۇ»① دېگەندەك، ئىمىن ۋاڭ جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن جاق تويغانىدى.

* * *

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋاڭ جانابلىرى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ — شاپىبەگ بوگۈن سەھەردىلا قوبۇلخانىغا كىرىپ ئىمىن ۋاڭغا سالام بەردى، شاپىبەگنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىرگەن ناتونۇش كىشىمۇ ئىمىن ۋاڭغا ئۈچ قېتىم باش ئۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنشائاللا، ياخشى تۇردۇم، ئۆزىڭىزچۇ؟ بالىچاقىڭىزچۇ، ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ — ئىمىن ۋاڭ ئولتۇرغان كۇرسىدىن سەل قوزغىلىپ شاپىبەگكە ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، سىلىنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدا بالىچاقىلىرىم ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋاتىدۇ، ۋاڭ جانابلىرى، — شاپىبەگنىڭ ئائىلىسىنى مۇشۇ يېقىندا مۇرتۇقتىن كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ۋاڭ بىلەتتى، لېكىن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە ئوردا ئىشلىرىنىڭ قاتىلاڭچىلىقىدىن ئىمىن ۋاڭ ئۆزىنىڭ بۇ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرسى بولغان شاپىبەگنىڭ ئۆيىگە بارالمىغانىدى.

— سىلىگە بىر كىشىنى كۆرسىتەي دەپ باشلاپ كېلىۋىدىم، ئوردا ئىشلىرىغا ياراپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، — شاپىبەگ باشلاپ كەلگەن ئادەمنى ۋاڭغا كۆرسەتتى. ئۇ ئادەم سەل ئاقساقلايتتى. ئۇ ئىككى قەدەم ئىلگىرى ئالدىغا چىقىپ، ۋاڭغا قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلدى.

---

① بۇ مىسرا «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇچرايدۇ.

— ئوبدان بوپتۇ، يارامىلىق ئادەم بولسا بىزگە كېرەك، قېنى بۇرادەر، سېنىڭ قانداق ھۈنىرىڭ بار؟ — ۋاڭ بۇ ئادەمگە قارىدى: ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئوتتۇرا بوي، تەمبەل كەلگەن، بېشىغا كىيگەن شاپاق بۆكى يوغان بېشىنىڭ دوقمىسىغىلا ئىلىپ قويۇلغان، قارا قاش، بۇرنى سەل پاناقراق، كەڭ پېشانە، كۆزلىرى چوڭ، قۇلىقى گۆشلۈك، لەۋلىرى قېلىنراق، بۇغداي ئۆڭ، يېشى قىرىقلارغا ئۇلاشقاندەك قىلاتتى.

— ئۆزۈم ئەسلىي سودىگەر، تۆمۈرچىلىكتىن خەۋىرىم بار، بېيجىڭدا تۇرغاندا پوروخ① ياساشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم، — دېدى باشلاپ كېلىنگەن ئادەم.

— ياخشى ھۈنىرىڭ بار ئىكەن، ئىسمىڭ نېمە؟ يۇرتۇڭ قەيەر؟ بېيجىڭغا قاچان بېرىپ، قاچان قايتقانىدىڭ؟ — ئىمىن ۋاڭ ئۇنىڭ «پوروخ ياساشنى بىلىمەن»، «بېيجىڭغا بارغان» دېگەن سۆزلىرىگە ھەم قىزىقسىنىدى ھەم سەل گۇمانىي قاراشتا بولدى.

— مېنىڭ ئېتىم مەسئۇد، يارغولىلۇقمەن، — دەپ گەپ باشلىدى باشلاپ كېلىنگەن ئادەم ئالدىرىماي سۆزلەپ، ئۇنىڭ سالماق ئېيتىلغان گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ چوڭراق سورۇنلارنى كۆرگەن، يۇرت كەزگەن ئادەملىكى بىلىنىپ تۇراتتى، — بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى مەن ۋە يۇرتىمىزدىكى بىرقانچە سودىگەرلەر قېتىلىپ بىر كارۋان بولۇپ بېيجىڭغا سودىغا كىردۇق. بىزنىڭ بېيجىڭغا كىرگەن ۋاقتىمىز دەل كاڭشى خان ئالەمدىن ئۆتۈپ، يۇڭجېڭ خاننىڭ تەختكە چىقىشىغا ئۇدۇل كېلىپ قاپتۇ، ئوردۇبالىق (پايتەخت)نىڭ ناھايىتى مالىمانچىلىقتا چۇشۇپ قالغان مەزگىلى ئىكەن. توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغانلارغا ئۇچراپ، مېلىمىزدىن ئايرىلدۇق. قولىمىزدىكى يول خېتىمۇ بۇلاپ كېتىلگەن بولغاچقا، بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىدا مۇساپىر بولۇپ تەمتىرەپ

---

① پوروخ — مىلتىق دورىسى.

يۈردۇق. بەختىمىزگە يارىشا، مەنچىڭ خانلىقىغا خىزمەت قىلىدىغان، بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بىرسىگە ئۇچراپ قالدۇق. ئۇ كىشى بىزنى ئوردىنىڭ لەشكىرىي تەمىناتلىرىنى، ئۇرۇش قوراللىرىنى ياسايدىغان، بېيجىڭغا بىر كۈنلۈك يول كېلىدىغان يەردىكى بىر ئورۇنغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ يەردە ئاساسلىقى خەنزۇ ئۇستىكارلار ئىشلەيدىكەن. دەسلەپتە ئۇلار بىزگە «تاشمەنزى» لەر[1]، «رەڭدار كۆزلۈكلەر» [2] دەپ يانچە قاراپ يۈردى. كېيىنچە بىزنىڭ ياۋاشلىقىمىزغا، راست سۆزلۈكىمىزگە قاراپ بىز بىلەن چىقىشىپ كەتتى ھەم ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى، يەنى پوروخ ـ دورا ياساشنى بىزگە ئۆگەتتى. بىزمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۇ ھۈنەرنى ئۆگەندۇق، چۈنكى چوڭلار «ئەر كىشىگە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دەيتتى، — مەسئۇد كەچمىشلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى، ۋاڭ توساتتىنلا ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— بېيجىڭنىڭ شۇ يىراق يېرىدىن بۇ تۇرپانغا قانداق چىقىپ قالدىڭ؟

— ئوردىدىن تۇرپان تەرەپكە چېرىك ئەۋەتمەكچى بولغانىكەن، بىزنى ئاشۇ لەشكىرىي تەمىناتلارنى ھازىرلايدىغان ئورۇنغا تونۇشتۇرغان بەگ مەنچىڭ چېرىكلىرىنى تۇرپانغا باشلاپ چىقسۇن دەپ بىزنى كۆرسىتىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن ھەمراھىم ھەمدۇل بىلەن يۇرتىمىزغا قايتىپ چىقىۋالدۇق.

— ئەمىسە، بۇ ئۇستۇڭدىكى جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ كىيىمى نەدىن كەلدى؟ — ئىمىن ۋاڭ ئۆزىنىڭ گۇمانىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى، مەسئۇدنىڭ ئۇچىسىدا جۇڭغار چېرىكلىرى كىيىدىغان — ياندىن ئىزمىلىنىدىغان تونپا رەڭ ماتا چاپان، پۇتىدا يۇمشاق خۇرۇم ئۆتۈك بار ئىدى.

— بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى جۇڭغارلار بىلەن مەنچىڭ

[1] [2] ئەينى چاغلاردا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خەلقلەر چەت ـ ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن ئادەملەرنى شۇنداق ئاتىشاتتى.

چېرىكلىرى قومۇلدا تۇقۇنۇشقاندا مەن يوتامدىن يارىلىنىپ جۇڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدىم. ئۇلار مېنى تۇتۇۋالغاندا «سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، «مەن تۆمۈرچى، ئاتلىرىڭلارنى تاقىلاشقا يارايمەن» دېدىم. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەي، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈردى.

— ئەمىسە، سەن بىزنىڭ شاپىبەگ بىلەن قاچان ئۇچراشتىڭ؟ — ۋاڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان تۈگۈنلىرىنى بىر - بىرلەپ يەشمەكتە ئىدى.

— جۇڭغارلار ئالدىنقى ئايدا لۈكچۈنگە چاپقۇن ياسىغاندا مەن ئۆلگەن جۇڭغار چېرىكلىرى قاتارىغا كىرىپ، بوينۇمنى قەلەمتىراش بىلەن ئازراق كېسىپ قان چىقىرىپ يۈز - كۆزۈمگە سۈرتۈپ، ئۆلۈك سىنىغا كىرىپ يېتىۋالغانىدىم، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا سىلىنىڭ لەشكەرلىرى مېنى تېپىۋېلىپ، شاپىبەگكە ئۇلاشتۇردى، — دېدى مەسئۇد.

— نېمە ئۈچۈن ئۆلۈك سىنىغا كىرىپ جۇڭغار موڭغۇللىرىدىن ئايرىلىپ قالدىڭ؟

مەسئۇد ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، مەيۈس قىياپەتتە ۋاڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ يۇرتۇمدىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىنىمغا ئون يىلدىن ئاشتى. تەلىيىمگە بېيجىڭدىن يۇرتۇمغا ئامان - ئېسەن چىقىۋالدىم، كىم بىلسۇن، «تەلەيسىزنىڭ خورجۇنىغا بۇغداي قۇيسا تېرىق بولۇپ قاپتۇ» دېگەندەك، يۇرتۇم تۇپرىقىغا ئەمدىلا قەدەم باسقىنىمدا جۇڭغار موڭغۇللىرىغا تۇتقۇن بولۇپ قالدىم، — مەسئۇدنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

— ئاتا - ئاناڭنىڭ سىرتىقىنى ئالالىدىڭمۇ؟

— ئۇلارنى ئېزىز خوجىلار ئۇچقا كۆچۈرۈپ كېتىپتۇ، — مەسئۇدنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئىمىن ۋاڭ ئارانلا ئاڭقىرالىدى.

— بۇ يەردە بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىڭ بارمىدى؟

— خوجامنىياز دېگەن تېۋىپ كىشى ئاپامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولىدۇ.

— ئەمىسە، ياخشى، — ئىمىن ۋاڭنىڭ چىرايى ئېچىلدى، ئۇنىڭ گۇمانىي سوراقلىرى تۈگىگەندەك قىلاتتى. ئىمىن ۋاڭ كۆڭلىگە بىر نېمىلەرنى پۈكتى بولغاي، ئۇ ئەمدى تەلەپپۇزىنى يۇمشاتتى:

— بىزگە ئىشلەشنى خالامسەن؟

— ئەگەر سىلى مەقبۇل كۆرسىلە بېشىم بىلەن مېڭىپ ئىشلەيمەن! — مەسئۇد روھلاندى.

— ئەگەر ئائىلەڭ بولسا لۈكچۇنگە كۆچۈرۈپ كەلگىن، بىزگە خاتىرجەم خىزمەت قىل، بىزگە ساڭا ئوخشاش يارامىلىق ئادەم لازىم.

— ئائىلەمنىمۇ ئېزىز خوجا ئۇچقا كۆچۈرۈپ كېتىپتۇ. ھازىر خۇدادىن باشقا ئاتام يوق، قورساقتىن باشقا قاچام يوق، — دېدى مەسئۇد.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، مەسئۇد، — دېدى ئىمىن ۋاڭ كۈلۈپ، — ئەمىسە، شاپبەگ، — ئىمىن ۋاڭ شاپبەگكە قاراپ دېدى، — مەسئۇدنى ئابدۇرېھىم پەرەڭگە يانداشتۇرۇپ قويۇڭ، ئوردىدىن مەسئۇدقا بىر كىشىلىك تەمىنات بەلگىلەپ بېرىڭ. ئۇنىڭ ياتا - قوپۇشى ھازىرچە ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ دۇكىنى جايلاشقان قورۇدا بولۇپ تۇرسۇن. مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن بېرىپ ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ ئىشلىرىنى كۆرىمەن، — دېدى.

شاپبەگ بىلەن مەسئۇد تەزىم قىلىپ قوبۇلخانىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى.

* * *

ئۈچ كۈندىن كېيىنكى بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىمىن ۋاڭ خالىق

بىلەن شاپىبەگنى ئەگەشتۈرۈپ ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ قورۇسىغا كەلدى. بۇ قورۇ لۇكچۇن ئوردىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى كوچىنىڭ شىمالىي ئۇچىغا، يەنى شاپىبەگنىڭ قورۇسى جايلاشقان كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىغا جايلاشقانىدى. ھويلىنىڭ كەينى تەرىپى ئېتىزلىقلارغا تۇتىشاتتى. ھويلىنىڭ ئەتراپىدا جۇجەم، كۆك تېرەك، سۆۋادان تېرەك (تۇرپان تىلىدا ئاق تېرەك)، چۇلۇكلەر باراقسان ئۆسكەن، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولغاچقا، دەرەخلەر ھويلىغا ئوبدانلا سايە تاشلىغانىدى.

ئىمىن ۋاڭ ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا ھويلىنى قورۇقداپ تۇرغان تۆتتىن سەككىز نەپەر چېرىك ئېگىلىپ سالام قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆشنىسىدە ساداق، يېنىدا قىلىچ، قوللىرىدا ئۇزۇن نەيزە بولۇپ، ھازىرلا جەڭگە چۈشىدىغاندەك تەييارلىق بىلەن تۇراتتى. چۈنكى، ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ بازاردىن سەل خالىيراق بۇ قورۇسى لۇكچۇن ئوردىسىنىڭ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ياسايدىغان ئىشخانىسى ھېسابلىناتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋاڭ جانابلىرى، قەدەملىرىگە مۇبارەك ! — ئابدۇرېھىم پەرەڭ بولقا ۋە قىسقۇچ تۇتۇپ قاپارغان قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ۋاڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تىنچ ـ ئامانچىلىقمۇ ئابدۇرېھىم ئۇستا ؟ — ئىمىن ۋاڭمۇ جاۋابەن تىنچلىق سورىدى.

— دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدا، ئىنشائاللا، ئامانچىلىق ! — ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ كەينىدىن مەسئۇد ۋە يەنە بىرمۇنچە بازغانچى يىگىتلەر كېلىپ ۋاڭغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى — خالىق بىلەن شاپىبەگكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدىڭمۇ، مەسئۇد ؟ — دەپ سورىدى ئىمىن ۋاڭ مەسئۇدقا قاراپ.

— كۆنۈپ قالدىم، ۋاڭ جانابلىرى، — مەسئۇد ۋاڭغا تەزىم قىلغاچ جاۋاب بەردى.

— قولى گۈل ئاغىنە ئىكەن بۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم ئۇستا،

ئۇنىڭ يېشىمۇ مەسئۇد بىلەن تەڭ چىققاچقا، مەسئۇدنى «ئاغىنە» دېگەنىدى.

— بەللى، چىقىشىپ قالغان بولساڭلار كاتتا ئىش بوپتۇ، — ۋاڭ ئابدۇرېھىم ئۇستىغا سۆزلىگەچ، قورۇ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى، قورۇ تۆت چاسا بولۇپ، كۈنپېتىش تەرەپتە ئىشىكى كۈنچىقىشقا قاراپ ئېچىلغان بىر قاتار ئۆيلەر، ئەڭ چەتتە ئىككى قەۋەتلىك دالانچا ئۆي، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرغان، كۈنگەي تامغا يۆلەپ ئىككى يەرگە تۆمۈرچىلىك دۇكىنى سېلىنغان، تەسكەي تامغا ئىككى - ئۈچ يەرگە كىچىك سۇپا ياسالغان بولۇپ، سۇپىدىكى كوزا - كومزەك، قاچا - قۇچىلارغا ھەر خىل قويۇق - سۇيۇق نەرسىلەر قاچىلانغان، تامغا قېقىلغان تۆمۈر قوزۇقلاردا يېڭىدىن ياسالغان بەردەنگە مىلتىققا راسلانغان ئىچى كاۋاك تۆمۈرلەر قاتار ئېسىلغان، ھويلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە مىلتىققا دەستە - تۇتقۇچ ياسايدىغان ياغاچچىلىق سايمانلىرى قويۇلغان، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئايرىم بىر ئورۇندا مىس ياكى چويۇن ئېرىتمىسىنى تەييارلايدىغان چوڭ ئوچاق ۋە چاناق بار ئىدى.

— ئىشلار جايىدىمۇ، ئابدۇرېھىم ئۇستا ؟ — دەپ سورىدى ئىمىن ۋاڭ قورۇ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئابدۇرېھىم پەرەڭگە قاراپ.

— ئىشلار جايىدا، ۋاڭ جانابلىرى، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، قورۇ ئىچى بەك قالايمىقان ھەم مەينەتچىلىك، — ئابدۇرېھىم پەرەڭ ئىمىن ۋاڭ ۋە شاپىبەگلەرنى مېھمانلىق ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ھەم بازغانچى يىگىتلەرگە قاراپ: — ئەمدى ئارام ئېلىڭلار، بۈگۈنكى ئىش مەشەگىچە بولسۇن، — دېدى. يىگىتلەر دۇكاندىكى چوغلارنى چۇشۇرۇپ ئىشنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

— توپلار پۈتتىمۇ، ئابدۇرېھىم ئۇستا؟ — ئىمىن ۋاڭ ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ ياسىداق ئۆيىدىكى گىلەم ئۇستىگە

سىلىنغان ئىككى قات مەخمەل كۆرپە ئۈستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە سورىدى.

— پۈتتى، ئەمدى قولىمىزدا سەككىز توپ بار بولدى، — دېدى ئابدۇرېھىم پەرەڭ مەمنۇن قىياپەتتە.

— بەردەنگە ھەم توتۇڭلار① دىن قانچىسى تەييار بولدى؟

— ئالتە يۈز يىگىتنى قورالاندۇرغىلى بولىدۇ.

— قىلىچ، نەيزىدىنچۇ؟

— بىرەر مىڭدەك ئادەمگە يېتۇرەلىكىن، — ئابدۇرېھىم پەرەڭ ئىمىن ۋاڭنىڭ سوئاللىرىغا خېلى قائەناتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەندى.

— ناھايىتى ياخشى، ئەگەر مۇشۇنچىۋالا قوراللار بىلەن ئەر - يىگىتلىرىمىز قورالانسا، ئوردا سېپىلى ئۈستىگە توپلارنى تىكلىۋالساق، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئەدىپىنى ئەمدى راسا بېرىدىغان بولدۇق - دە ؟! — ئىمىن ۋاڭنىڭ چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. ئىلگىرىكى قېتىمقى سوقۇشلاردا قورال - ياراغ كەمچىل بولۇپ، جۇڭغار چېرىكلىرى لۈكچۈن ئوردىسىنى بىرەر ئايدەك قاتتىق قورشىۋالغانىدى. مانا ئەمدى قورال - ياراغ دېگەن خېلى تەل بوپتۇ، بۇنىڭغا ئىمىن ۋاڭ خۇشال بولماي تۇرالايتتىمۇ؟

— مۇنچىۋالا جىق بەردەنگە - توتۇڭلارغا ئوق - دورا يېتىشەرمۇ؟ — لەشكەر بېشى خالىق سوراپ قالدى.

— نەق گەپنى سورىدىڭ، خالىق ئاغىنە، — دېدى ئابدۇرېھىم پەرەڭ، ئابدۇرېھىم پەرەڭ بىلەن خالىق تەڭتۇش ھەم بىر مەھەللىلىك، ئىمىن سوپىغا ئەگىشىپ لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى تارتىۋېلىشقا قاتناشقان «ياڭتۇرلۇق ئوتتۇز تاز»نىڭ ئىچىدىكى غوللۇقلاردىن ئىدى، — مەسئۇد ئاغىنىمىز كەلمەستە بىز مۇنچىۋالا قورال - ياراغقا ئوق - دورا ياساپ ئۈلگۈرتۇشنى ھەم توپلارغا دورا تەڭشەشنى قىلىپ بولالمىغاندۇق. مانا ئەمدى بۇ

① ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان قارا مىلتىق.

ئىشنىڭ ئۇستىسى ئۆزى كېلىپ قالدى، بىز بۇ ئىشلارنى پۇتۇنلەيلا مەسئۇد ئاغىنىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدۇق ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئابدۇرېھىم پەرەڭ مەسئۇدقا قاراپ.

— بۇ مەسئۇدنىڭ قولىدىن شۇنچە ئىش كېلەمدىكىنە؟ — ئىمىن ۋاڭ تەئەججۇپتە سورىدى.

— شاپىبەگ بوش ئادەم ئەمەس ـ دە، ئۇ ھەرگىزمۇ يارىماس ئادەمنى ئوردا ئىشلىرىغا تەۋسىيە قىلمايدۇ جۇمۇ! — دېدى ئابدۇرېھىم پەرەڭ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما دېگەندەك، بۇ مەسئۇد بۇرادەر ھۈنىرىنى نەق جايىغا كېلىپ ئىشلىتىپتۇ ـ دە ؟! — ئىمىن ۋاڭ گەپكە يارىشا مەسئۇدنى ماختاپ قويدى.

— ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دەپتىكەن دانىشمەنلەر، بىزنىڭ يىگىتلەر بۇ مەسئۇد بۇرادەرنى ئۈلۈكلەر ئارىسىدىن تېپىۋېلىپ ماڭا ئۇدۇل قىلغاندا، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ باقسام مۇشۇنداق بىر ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى. كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق، دەپ بۇ بۇرادەرنى ئېلىپ قالغانىدۇق. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ بىزگە ھەقىقىي كېرەكلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ ـ دە ؟! — دېدى شاپىبەگمۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ بەزى گۇمانىي قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن.

— «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەن شۇ ـ دە ! ئەگەر بۇ بۇرادەرنى ماڭا ياندىشتۇرۇپ بەرمىگەن بولساڭلار مەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاپ بولالمىغان بولاتتىم، — دېدى ئابدۇرېھىم پەرەڭ. ئابدۇرېھىم پەرەڭ راست ئېيتقانىدى. ئادەتتە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قىسمەنلىرىدە «ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس» دېگەندەك خۇي ـ قىلىقلار بولاتتى. لېكىن، ئابدۇرېھىم ئۇستا ئۇنداق ھۈنەرۋەنلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن ئۆي جابدۇقلىرى ۋە مىلىتىق ـ زەمبىرەك دېگەندەك ياراغلارنى ياساشتا ھۈنەرنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان ئىقتىدار بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «ئۇنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمان ئېيتىدۇ» دەپ

تەرىپلىشەتتى. ئۇ تۆمۈرچىلىكنىلا ئەمەس، بەلكى ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، توقۇمىچىلىق دېگەن ھۈنەرلەرگە پىششىق ئادەم ئىدى. ئۇ يۇرت ئارىلاپ ھۈنەر ئۆگەنگەن چاغلىرىدا ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن ھۈنەر ئۆگەنگەندى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئەقىدىسىدە ھامان «ئۇستا بار يەردە قولۇڭنى تارت، موللا بار يەردە تىلىڭنى تارت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۆزى بىلەن بىر ساھەدىكى ھۈنەرۋەنلەرگە ھەرگىزمۇ ھەسەت قىلمايتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بولسا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنەتتى. ئۇ شۇ خىسلىتى بىلەن يۇرت ئىچىدە ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەنىدى. شۇ زامانىنىڭ ئادىتى بويىچە، كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلارنى «پەرەڭدەك ئۇستىكار»، «پەرەڭلەر» دەپ ئاتىشاتتى. ھەتتاكى بۇ ھۆرمەتلەپ ئېيتىلغان سۆز شۇنداق ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ سىڭىشىپ كېتەتتى. ئابدۇرېھىم ئۇستا ھۈنەرگە كامىل شۇنداق ئادەملەردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ گەرچە ھۈنەردە مەسئۇدتىن نەچچە باراۋەر ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ شورنى قاينىتىپ، قوينىڭ ئۈچىيىنى قۇرۇتۇپ ۋە ئۇنىڭغا بەزى خۇرۇچلارنى قوشۇپ كۈچلۈك مىلتىق دورىسى تەييارلىغان ئىشىغا ھەقىقەتەن قايىل بولغان ھەم ئۇنى ئالاھىدە ئىززەتلەپ، مېھمان قاتارىدا ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، توپلارغا، بەرد ەنگە ـ توتۇڭلارغا دورا ياساش، قوغۇشۇن ئېرىتىپ ئوق قۇيۇش، پوروخنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق نىسبەتلىرىنى سىناق قىلىپ تەڭشەش ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۇ بۇ مەسئۇد بۇرادەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋاڭ بەگلەر ئالدىدا قىزغانماستىن ماختاپ قويغانىدى.

— مېنى ئابدۇرېھىم ئۇستام ۋە ھەرقايسىلىرى بەك ماختىۋەتتىلە، — دېدى مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاچ، — مېنىڭدە ئۇنچىۋالا ماختاپ كەتكۈدەك ھۈنەر يوق، چوڭلارنىڭ «ئىچىڭدىن كۆمۈر چىقسىمۇ تۆكۈپ كەت» دېگەن تەمسىلى بويىچە بىلگىنىمنى

ئوتتۇرىغا چىقاردىم، خالاس. نىيىتىم شۇ يۇرتۇمغا، خەلقىمگە ئاز ـ تولا تۆھپە ـ ئەجىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول، دەپتىكەن دانىشمەنلەر.

— راست ئېيتتىڭ مەسئۇد، — دېدى ئىمىن ۋاڭ مەسئۇدقا قاراپ، — «ئىشقا قاراپ تاۋىقى، ھۈنىرىگە قاراپ ئىنئامى» دەپتىكەن. بىز ئەمدى سېنىڭ بىزگە كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلدۇق. ئوبدان ئىشلە، ئىشىڭغا قاراپ بىزمۇ سېنى ئەتىۋارلايمىز. ساڭا راست گەپنى ئېيتساق، بىز جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز. سەن نېمىلا دېگەنبىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئارىسىدا يېرىم يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت تۇرۇپسەن، سەن شۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئەۋزەللىكلىرى، نۇقسانلىرىدىن بىزنى ئاز ـ تولا خەۋەرلەندۇرگەن بولساڭ. بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلمىسەك بولمايدۇ، سىلەرچە قانداق؟ — ئىمىن ۋاڭ خالىق، شاپىبەگ ۋە ئابدۇرېھىم پەرەڭلەرگە كۆز يۇگۇرتتى.

— شۇنداق، ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ئېيتقىنى توغرا!

— دۈشمەن ئەھۋالىنى ئاز ـ تولا بىلگىنىمىزنىڭ بىزگە پايدىسى تېگىدۇ!

— بىلگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىنە، مەسئۇد ئۇستا!؟

كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە مەسئۇد جۇڭغارلار توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەمشەلدى. بۇمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ ياخشى بىر پۇرسىتى ئىدى. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

جۇڭغار خانلىقىغا قاراشلىق ئۇيراتلار قەبىلە، ئۇرۇقلارغا، ئۆز ئىچىدە مۇرەككەپ تەبىقە ۋە سىنىپلارغا بۆلۈنگەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قەبىلە ۋە ئۇرۇق ئەزالىرى يەنە ئۆز ئىچىدە «سايىن كۈمۈن» (يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر)، «دۇمدا كۈمۈن» (ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىشىلەر)، «قارا كۈمۈن» (قارا سۆڭەكلەر

ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەر) ياكى «ئاداق» (ئاياغتىكى ئادەملەر)، «بورۇل» (ئائىلە قۇللىرى) قاتارلىق تۆت تەبىقىگە بۆلۈنىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ يەنە «ئالباتۇ» (بېقىنغان كىشىلەر) دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. «ئالباتۇ» دېگەن سۆز ئۈيراتچە «باغلانغان» دېگەن سۆز ئىكەن.

«سايىن كۈمۈن» لەر بولسا كىچىك قەبىلە ياكى ئۇرۇق باشلىقلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ چوڭ چارۋا ئىگىلىرىگە — خان، بەگلەرگە بەلگىلىك سېلىق تۆلەش مەجبۇرىيىتى بار ئىكەن. لېكىن، ئۇلار بۇ خىل چىقىملىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق «دۇمدا كۈمۈن»لەردىن، «قارا كۈمۈن» لەردىن تۆلىتىۋالىدىكەن. «دۇمدا كۈمۈن»لەر بولسا پۇقرالارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەدەر ھاللىق تۇتۇنلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جۇڭغارلارنىڭ قاۋۇل قوشۇنلىرى ئاساسەن مۇشۇ تەبىقىدىن تەشكىللىنىدىكەن. «قارا كۈمۈن»لەر بولسا ئاساسەن جۇڭغارلارنىڭ ئەمگەكچىلىرى ئىكەن. خانلىقنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرى، پۇل - بايلىق تاپىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك شۇلار قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى، يەم - خەشەكلىرى، يېمەك - ئىچمەكلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قىلىچ - نەيزىلىرى بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەجبۇرىيەتلىرى بار ئىكەن. ئۇرۇشتىن قايتقاندا يەنە خانلىقنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

جۇڭغارلارنىڭ لەشكىرىي تۈزۈمى ئاساسەن «تۈمەن»، «مىڭگەن» (مىڭ كىشى)، «جاغۇن» (يۈز كىشى)، «ئاربان» (ئون كىشى) قاتارلىقلار بويىچە بولىدىكەن. جۇڭغار قوشۇنلىرى ئاساسلىقى دائىمىي قوشۇن ۋە ياردەمچى قوشۇن دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىكەن. دائىمىي قوشۇنلار «دۇمدا كۈمۈن»لەردىن، ياردەمچى قوشۇنلار «قارا كۈمۈن»لەردىن تەشكىل قىلىنغانىكەن. دائىمىي قوشۇنلىرى ئاساسەن ئۇرۇش ئۇسۇللىرىغا بىر قەدەر

كۆنۈككەن چېرىكلەر ئىكەن، ياردەمچى قوشۇنلار بولسا ئۇرۇشقا ياردەملەشكۈچىلەر ئىكەن. سوقۇشقاندا كۆچنى كۆپرەك مانا شۇ دائىمىي قوشۇن چېرىكلىرىگە قاراتسا، شۇلارنىڭ ھەيۋىسى سۇنسىلا، ياردەمچى قوشۇنلار چېرىكلىرى ئەزەلدىنلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سوقۇشقا كىرگۈچىلەر بولمىغاچقا، ئاسانلا تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدىكەن.

— دائىمىي قوشۇن چېرىكلىرى بىلەن ياردەمچى قوشۇن چېرىكلىرىنى قانداق پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن؟ — دەپ سورىدى خالىق.

— دائىمىي قوشۇن چېرىكلىرىنىڭ كىيىمى بىر خىل، ئاتلىرى سەر خىل، ھەرىكىتى تەرتىپلىك، ياردەمچى قوشۇن چېرىكلىرى ھەر خىل كىيىنگەن، ئاتلىرىنىڭمۇ رەڭگى - تۈرى ھەر خىل، ھەرىكىتى سەل چېچىلاڭغۇ كېلىدۇ.

— ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇللىرى قانداقراق ئىكەن؟

— دالا ئۇرۇشىدا ئۇۋنى قورشىغاندەك قورشاش ئۇسۇلىنى، قوش قانىتىدەك يايما سەپ تۈزۈشنى، قارشى تەرەپكە قەستەن يېڭىلگەن قىياپەتنى كۆرسىتىپ قېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۆكتۈرۈلگەن چېرىكلىرى بار يەرگە ئالداپ ئەكېلىپ، ئاندىن قايساپ يوقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ سېپىل - قەلئەلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز ئىكەن. سېپىل - قەلئەلەرنى پەقەت ئۇزۇن مۇددەت ئىسكەنجىگە ئېلىش ئارقىلىقلا ئوزۇق - تۈلۈك، سۇدىن قىسىپ ئەل بولۇشقا قىستاشنى قوللىنىدىكەن.

— باھاسىز كاتتا گەپلەرنى دەپ بەردىڭ، مەسئۇد، — دېدى ئىمىن ۋاڭ مەسئۇدنىڭ ئىنچىكە بايانلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، — جۇڭغارلار ئەمدى يەنە كېلىپ پاراكەندە قىلسا، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇساق بولغۇدەك.

ئۇلار يەنە بىردەم شۇ خۇسۇستا سۆزلەشتى. ئابدۇرېھىم پەرەڭنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىر يىگىت چىلاپچا - ئىۋرىق،

چۈچىلىق ماتا ياغلىقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ۋاڭدىن باشلاپ ھەر بىر مېھماننىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. مېھمانلىق ئۆيگە شامدانلارغا يېقىلغان شاملار ئېلىپ كىرىلدى. ئاش داستىخىنى سېلىنىپ، پولۇ، پاقلان گۆشى، توخۇ ياپمىسى تارتىلدى. ئاپقۇر چىنىلاردا شورپىلار كەلتۈرۈلدى. تائامدىن كېيىن قوللارغا قايتىدىن سۇ بېرىلىپ، ئېغىزلار چايقالدى. خۇپتەنگە تاك ـ تاك سوقۇلغاندىلا مېھمانلار خوشلىشىپ، ئوردىغا يېنىشتى.

قۇتتاغ باغرىدىكى يارغول، تۇرپان، قارا غوجا ـ ئاستانە، تۇيۇق ـ ياڭخى، لۇكچۇن ـ پىچان دېگەن يۇرتلاردا تومۇز ئىسسىق قايىنىغان 6 ـ ئاي مەزگىلى ــــ بۇغدايلارنىڭ دانلىرى قېتىشىپ، غول ـ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان ۋاقىتلار. تېرىمچىلار ئورغاق ـ ئارا، خامان ـ تۇلۇقلىرىنى ئېپىتلاپ، بۇزۇلغانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يوقلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەپ، يازلىق يىغىم تەييارلىقىغا كىرىشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىزلا قاۋان[①] تەرەپتىكى قاراغۇ[②]دىن ئىنچىكە ئىس كۆتۈرۈلۈپ، جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ چاپقۇن ياساپ لۇكچۇن تامان چۇشۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىلدى. لۇكچۇن ئوردىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەبىل (جەڭ دۇمبىقى) ئەنسىز ئۇرۇلدى. كوچا ـ رەستىلەردە بۇرغىلار چېلىندى. توخۇ ـ ئۆردەكلەر ھويلا ـ ئارانلاردا پۇتلىشىپ، قاقاقلاشماقتا، غاقىلداشماقتا. بالىلىرىنى يېتىلەشتۈرگەن، بوپىلىرىنى يۇدۇشكەن ئاياللار، ھاسىلارغا تايانغان ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار ئوردا تەرەپكە سىلجىماقتا. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە لۇكچۇن ئوردىسى ئەتراپىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. شەھەر قوۋۇقى تاقالدى، ئوردا

① قاۋان ــــ يەر ئىسمى، لۇكچۇننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئېدىرلىق.

② قاراغۇ ــــ كىچىك تۇر، دۈشمەننى كۆزىتىدىغان ئورۇن. دۈشمەن بايقالغان ھامان ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بۆرە تېزىكىگە ئوت يېقىلىپ بەلگە بېرىلىدۇ. بۆرە تېزىكىنىڭ ئىسى ئۇدۇل ئاسمانغا ئۆرلەپ يىراقتا كۆرۈنىدۇ.

ئىچىدىكى مەيدان، ئاتخانا، ئوت ـ سامان قويىدىغان لاپاسلارنىڭ ئاستى، ئاشخانا، گۈندىخانىلار ئادەمگە لىق تولدى. بوۋاي ـ مومايلار، تېنى ئاجىزلار تىقما ـ تىقماق ئادەم ئارىسىدىكى دىمىقچىلىقتا بوغدىيەكلىرىنى لىپىلدىتىشىپ ئاران ـ ئاران ئارام ئېلىشسا، قوچاقتىكى بوۋاقلار قىرقىراپ يىغلىماقتا ... سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر بەردەنگە مىلتىقلىرىنى بەتلەشسە، توپ ئاتار چېرىكلەر ئابدۇرېھىم پەرەڭ بىلەن مەسئۇدنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يېقىندىن ياسالغان توپلارغا ئوق ـ دورا قاچىلىماقتا ئىدى. خالىق ھېلى كۈنچىقىش قوۋۇق ئۈستىدىكى چېرىكلەرگە بىر نېمىلەرنى تاپىلىسا، ھېلى جەنۇبىي قوۋۇق ئۈستىدىكى مىلتىق تۇتقان، مىلتىققا ئوق سېلىشىدىغان ياردەمچى چېرىكلەرگە بىر نېمىلەرنى تاپىلاپ، كۈنگۈرىلىك سېپىل ئۈستىدە ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى. ئالىم خوجا سېپىل ئىچىدىكى تىقما ـ تىقماق ئادەملەرنى ھەر ئون تۈتۈنگە مەسئۇل بولغان تۈتۈن باشلىقلىرىغا رەتلەشكە تاپشۇراتتى. سېپىل ئىچىدىكى قۇدۇقلاردىن قاۋۇل ئاياللار سوغىلاردا سۇ تارتىپ، سىركىپتىكى خومدانلاردا پىشۇرۇلغان غېدىرلار (قارا ساپال قاچا)غا سۇ قۇيۇپ، ئۇسسىغانلارنى تەمىن ئەتمەكتە...

جۇڭغار موڭغۇللىرى بىردەمدىلا قارا قاغىدەك بېسىپ كەلدى. ئۇلار لۈكچۈن ئوردا شەھىرىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. ئۇلار باشلىرىغا ئۈچلۈك دۇبۇلغا، ئۈستىگە قۇياقلىق ساۋۇت، پۇتلىرىغا ئۆتۈك كىيىشكەن، مۈرىلىرىگە ساداق، ئوقدان ئاسقان، قولىدا قىلىچ، ئېگەرنىڭ قوشبېشىغا ئادەملەرنى ئاتتىن ئېلىپ ـ تارتىپ چۈشۈرىدىغان ئىلمەكلىك نەيزە ھەم سالمىدايدىغان، قوتاز قىلىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا غانجۇغىلانغانىدى. بەللىرىدە بولسا بىردىن پالتا قىستۇرۇقلۇق، بەلبېغىغا غىلاپلىق كالتە خەنجەر ئېسىلغانىدى.

جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىرىمۇ موڭغۇل نەسىللىك پاكار، دىقماق، پۇتلىرى توم، تۈكلۈك كەلگەن بەرداشلىق ئاتلاردىن

بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر خىل كىيىنگەن ئاساسلىق چېرىكلىرىدىن ئۇقياچىلىرى، نەيزىۋازلىرى بار ئىدى، قىلىچۋاز چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىرى تورلىرى بويىچە چىلان تورۇق، قارا، جىرەن قاشقا، بوز رەڭ ئىدى. ياردەمچى قوشۇندىكىلىرى بولسا كېرەك، ئاتلىرىمۇ ھەر خىل رەڭدە، كىيگەن كىيىملىرى تەكشىسىز، قورالللىرى خىلمۇخىل ئىدى. دەرۋەقە، جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ ئەھۋالى مەسئۇد دەپ بەرگەندەك ئىدى.

جۇڭغار چېرىكلىرى ئارىسىدىن بىرسى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سېپىلغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— لۈكچۈن ئوردىسىدىكى ۋاڭ ـ بەگلەر، ئاغىلاغىلار ! تۇرپان، پىچان، لۈكچۈندىكى ئۇيغۇر پۇقرالار بۇيۇك خاقان چىڭگىزخان دەۋرىدىن تارتىپلا موڭغۇل خانلىقىغا قارام بولۇپ كەلگەن. كېيىنچە چاغاتاي① خانغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېقىنغان. جۇڭغار خانلىقى قۇرۇلغاندا بولسا سىلەر جۇڭغارلارغا ئولپان ـ سېلىق تۆلىگۈچى ئالباتۇلار ئىدىڭلار. نە كۈنى مەنچىڭ چېرىكلىرى بۇ يەرلەرگە ئاياغ بېسىشى بىلەن سىلەر كونا خوجاڭلاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار. خەيرىيەت، ھېلى بولسىمۇ سىلەر بىزگە كونا قائىدە بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بۇغداي، پاختا، رەخت ـ پىچەكلەرنى بەرسەڭلار بىز سىلەرگە چېقىلماي كېتىپ قالىمىز، ناۋادا بويۇنتاۋلۇق قىلساڭلار، بۇ قېتىم كۆلۈڭلارنى كۆككە سورۇيمىز...

«ياڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھېلىقى ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن جۇڭغار چېرىكى ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن موڭغۇل ئاتلىرى سەل پىتىرىشىپ توختىدى، جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپكە تىزىلغان ئوقياچىلىرى سېپىلغا قارىتىپ ۋاشىلدىتىپ ئوق ئۈزۈشتى. سېپىلدىنمۇ مىلتىق، توپلار ئېتىلدى. دەھشەتلىك سوقۇش باشلاندى.

---

① چاغاتاي — چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مۇشۇ خانغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن.

جوڭغار چىرىكلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاجايىپ مەرگەن ئوقياچىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاغ تېكىسى مۆڭگۈزىدىن ياسالغان كۆچلۈك ساداقلاردا بىر قېتىمدا قوشلاپ ئوق ئۈزەلەيتتى. ئالدىنقى رەتتىكى ساداقچىلار ئوقنى ئېتىپ بولۇپلا قايتىدىن ئوقياسىنى بەتلىگۈچە، تەييارلىنىپ تۇرغان ئىككىنچى رەتتىكى ساداقچىلار شۇئان ئوق ئۈزەتتى. ئاندىن ئۈچىنچى رەتتىكى ساداقچىلار ئوق ئۈزەتتى. مۇشۇ تەرتىپ بىلەن ئوق ئۈزگەندە، سىپىل كۆنگۈرىسىنىڭ دالدىسىدىن ئوق ئاتىدىغان چىرىكلەر بېشىنى كۆتۈرۈشكە زادىلا ئىمكان تاپالمايتتى. مۇشۇنداق پۇرسەتتە، ئېگىز شوتىلارنى مەھەللىدىن ئاختۇرۇپ يۈرۈپ تېپىپ كەلگەن جوڭغار چىرىكلىرى هايت ـ هۇيت دېگۈچە خۇددى مولۇندەك سېپىلغا يامىشاتتى. «تەلۋە تەڭرىنى تونۇماس» دېگەندەك، قېنى قىزىق، تەلۋە مىجەز، جەسۇر كەلگەن ئۇيغۇر چىرىكلىرى ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا سېپىلغا يامىشىپ چىققان جوڭغار چىرىكلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ دومىلىتىپ، شوتىنى هەم تېپىپ ئۆرۈۋېتەتتى ـ دە، ئۆزىمۇ جوڭغار چىرىكلىرىنىڭ ئوقياسىدا جان بېرەتتى.

سوقۇش شۇ تەرزدە بىر ئاش پىشىم داۋاملاشتى. مەسئۇد بۇرادەرنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە سېپىل ئۈستىدىكى چىرىكلەر بەتلەنگەن مىلتىقلىرىدىن جوڭغار چىرىكلىرىنىڭ بىر خىل يۈرۈشتە دۈبۈلغا ـ ساۋۇت كىيگەن چىرىكلىرىنى چەنلەپ ئېتىپ، جوڭغارلارنىڭ ئاساسلىق چىرىكلىرىنى خېلىلا خوراتتى. توساتتىن جوڭغار چىرىكلىرى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، ئوقيا ئېتىشتىن شاپپىدە توختىدى ـ دە، كەينىگە يېگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم چېكىنىپ، بىر هازا كۆسۈرلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، ئاساسلىق قىسمىنى كەينىگە تىزىپ، دەممۇدەم ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى يەنە قازاندا سۇ قاينىغاندەك قايناشقا باشلىدى. هەر ئىككى تەرەپتىن چىرىكلەر چىقىم



بولدى. سىپىل ئۈستىدە يىقىلغانلارنى پىدائىيلار پەسكە توشۇدى، ئۇردا تېۋىپى خوجامنىياز بۇگۈن شاگىرتلىرى بىلەن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھېلى بىر چىرىكنىڭ كۆزىنى تاڭسا، ھېلى بىرسىنىڭ مۈرىسىدىكى ئوق تەگكەن يەرنى كېسىپ، زەھەرنى سۈمۈرۈپ تازىلايتتى. ھېلى بىرسىنىڭ كۆكرىكىدىكى ئوقيانى يۇلۇۋېتىپ، يارا ئورنىغا مەلھەم دورا چاپسا، ھېلى شېھىت بولغان يىگىتنىڭ ئېڭىكىنى تاڭاتتى...

ئۇرۇش بىر ھازا جىددىي داۋاملىشىپ، يەنە بىر مەھەل توختىدى. بۇ قېتىم سىپىل ئۈستىدىكىلەر ئاۋۋال توختىدى. ئۇلارنىڭ ئوق - دورىسى ئاز قالغانىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بارچە ئوق - دورىنى يىغىپ، ئېتىلىۋاتقان يۈزدەك بەردەڭنى توختىتىپ، كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش سىپىل ئۈستىدىكى توپلارنى ئوقلاپ، تەڭلا ئاتماقچى بولدى. توختى مامۇت، خالىق، ھاشىم بۆرە، ھاسان تايغانلار مەسلىھەت بويىچە پەسكە چۈشۈپ ئاتخانىدىكى ئاتلارنى ئوتتۇزدىن ئاتمىشنى تەييارلاپ تۇرۇشنى، توپلار گۈمبۈرلەپ ئېتىلىشى بىلەنلا قارا قوۋۇق (چوڭ دەرۋازا) نى ئېچىپ، جۇڭغارلارغا قارشى چاپ - چاپقا چۈشۈشنى قارار قىلىشتى. خالىق بىلەن ھاشىم بۆرە ئوتتۇز يىگىتنى ئاتلاندۇرۇپ كۈنچىقىش تەرەپتىكى جۇڭغار چېرىكلىرىگە، توختى مامۇت بىلەن ھاسان تايغان ئوتتۇز يىگىتنى ئېلىپ كۈنپېتىش تەرەپتىكى جۇڭغار چېرىكلىرىگە قارشى چاپقۇن قىلماقچى بولدى. ئۇردا مەيدانىدىكى مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر سەل كەينىگە سۈرۈلۈۋېتىلىپ، ئوتتۇزدىن ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلغان ئاتلىق يىگىتلەر چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەييارلىنىپ تۇرۇشتى. چوڭ دەرۋازىنىڭ ھەر بىر قانىتىنى ئېچىشقا ئۈچتىن ئىككى قاناتتا ئالتە ئادەم تەخلەندى.

زەمبىرەكچىلەر كۈنچىقىش تەرەپكە ئۈچ، كۈنپېتىش تەرەپكە ئۈچ دانە زەمبىرەكنى تەخلىنىپ، جۇڭغار چېرىكلىرى زىچراق توپلىشىپ تۇرغان جايغا قارىتىپ بەتلەندى - دە، ئالتە توپنىڭ

پىلتىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئوت يېقىلىپ، تەڭلا گۈمبۈرلەپ ئېتىلدى. يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۇ توپلارنىڭ ئوقىدىن كۆرە ئۈنىڭ ئاۋازى جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئۈركۈتۈپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. بەزى ئاتلار توپ زەربىسىدىن يىقىلىپ ئىگىلىرىنى بېسىۋالغان، بەزى چېرىكلەرنىڭ پۇتى ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىدىن ئاجرىماي، بېشى يەردە، پۇتى ئۈزەڭگىدە سۆرىلىپ كېتىۋاتقان، بەزى ئاتلار ئىگەر ـ توقۇمىنى قارىنىغا ئالغان پېتى چېپىپ كېتىۋاتقان ھالەت نامايان بولدى. دەل شۇ چاغدا چوڭ دەرۋازا ئېچىلىپ، خالىق بىلەن ھاشىم بۆرە ئوتتۇز يىگىتنى باشلاپ كۈنچىقىش تەرەپكە، توختى مامۇت بىلەن ھاسان تايغان ئوتتۇز يىگىتنى باشلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە ئات سېلىشتى. يىگىتلەر غەيرەتكە كەلگەنىدى. ئۇلار ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، ھۇيت ـ ھۇيتلاپ چېپىشماقتا. كۈنچىقىش تەرەپكە قاچقان جۇڭغار چېرىكلىرى ئازراق ئىدى، ئۇلار قاۋان ئېدىرلىقىغا يەتكۈچىلا قىرىپ تاشلاندى. كۆپرەك بىر قىسمى كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ قېچىپ، بارا ـ بارا يەنە نىشانىنى ئۆزگەرتىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ سىركىپ ئېغىزى تامان يۇقىرىلىدى، بىر بۆلىكى غەربكە ـ تۇيۇق، قاراغوجا ـ ئاستانە تەرەپكە كېتىشتى.

ئىمىن ۋاڭ خالىق لەشكەر بېشى، شاپىبەگلەر بىلەن ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىپ، سىركىپ ئېغىزىغا ئەللىك نەپەر ملتىقلىق يىگىتنى سىپەر مانجۇنى باش قىلىپ مۆكتۈرمىگە قويغانىدى. سىركىپ ئېغىزى تامان قاچقان جۇڭغار چېرىكلىرى ئەمدىلا جىلغا ئېغىزىغا قەدەم بېسىشىغا سىپەر مانجۇنىڭ يىگىتلىرى پاراسلىتىپ ئوق ئۈزۈپ، بىرنەچچە چېرىكنى يەر چىشلەتتى. قاچقۇنلار كەينىگە قايرىلىپ ئات سېلىشىغا، توختى مامۇت بىلەن ھاسان تايغان ئوتتۇز نەپەر ئاتلىق يىگىتنى باشلاپ كېلىپ قالدى. سىركىپ ئېغىزىدا بىر ھازا ئېلىشىش بولدى. ئۇرۇشقا كۆنۈككەن جۇڭغار چېرىكلىرى تەجرىبىلىك ئىدى.

ئۇلار ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ئاستا ـ ئاستا سىركىپ ئېغىزىنىڭ ئىچى تەرىپىگە سۇرۇلدى ـ دە، بىر يەرگە يىغىلدى. ئاندىن كەينىگە يوپۇرۇلۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، توختى مامۇت بىلەن ھاسان تايغاننىڭ چېرىكلىرىنى چېكىندۇرۇۋېتىپ، غولنى بويلاپ يۇقىرىلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. سىركىپ ئېغىزىدىكى ئېلىشىشتا جۇڭغار چېرىكلىرىدىن ئونچە ئادەم ئۆلدى، توختى مامۇت شېھىت بولغان بىر نەپەر يىگىتنى ئېتىغا ئارتىپ لۇكچۈن ئوردىسىغا ياندى.

بۇ قېتىمقى چوڭ يىغىندا جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ ئىككى يۈزدەك ئادىمى ئۆلدى. ئىمىن ۋاڭ تەرەپتىن ئوتتۇزدەك يىگىت چىقىم بولدى. لۇكچۈن ئوردىسىدا ئۈچ كۈن مۇسىبەت ـ ھازا ئېچىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلدى. ئۆلگەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سورالدى. ئەھمەد باقى ۋاڭدىن ئىمىن ۋاڭغا قالغان ھوشۇر قارىم گەرچە قېرىپ، يېشى يەتمىشكە يەتكەن بولسىمۇ، ئوردا ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر داستىخىنىدا ۋە ئوردا ئېتىكاپخانىسىدا ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن مۇسىبەتلىك كىشىلەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئەزدى...

*　　　*　　　*

شۇ قېتىمقى چوڭ ئۇرۇش ئۆتۈپ ھەپتە ـ ئون كۈن ئىچىدە، جۇڭغار چېرىكلىرى قاراغوجا ـ ئاستانە ۋە لۇكچۈن تەرەپلەرنى يەنە بىر قانچە قېتىم پاراكەندە قىلدى. ئىمىن ۋاڭ بار ـ كۆلدىكى مەنچىلىك قوشۇنلىرى بارگاھىغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى يۈي جۇڭچى لۇكچۈنگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. ئەل ـ يۇرت ياردەمگە كەلگەن مەنچىڭ قوشۇنلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىمىن ۋاڭغا قاراشلىق يەرلەردىكى پۇقرالار يازلىق

يىغىم مەزگىلىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالدى. لوكچوننىڭ ئايتىپىغا چىدىمىغان مەنچىلىك چېرىكلىرى ئۇزاقىقا قالماي باركۆلگە چېكىنىپ كەتتى. يازنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا جوڭغار چېرىكلىرى تورپان، لوكچونلەرگە يەنە تېگىش قىلىپ، خەلققە، يۇرتقا ئارامچىلىق بەرمىدى. جوڭغار چېرىكلىرى ئارىلاپ قومۇلغىمۇ چاپقۇن ياساپ توردى. «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»دە كۆرسىتىلىشىچە: «ئەينى مەزگىلدە جوڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تىرىكچىلىكى قىيىنلىشىپ كەتكەچكە، قومۇلغا مال ـ چارۋا بۇلاشقا كەلگەنىدى. يەنە سەپتىن نامزار باشچىلىقىدىكى ئالتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن قومۇلغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇرۇشتا جوڭغارلار كۆپلىگەن پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن مال ـ چارۋىلارنى بۇلاپ كەتكەنىدى.»

ئەنە شۇنداق توختاۋسىز پاراكەندىچىلىككە ئىمىن ۋاڭ چىدىمىدى. يۇرتقا بۇنداق پاراكەندىچىلىك كېلىۋەرسە، خەلقنىڭ يىلىكى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئىمىن ۋاڭ قاتتىق ئويلاندى. «جوڭغارلار دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىۋەرسە، مەنچىڭ قوشۇنلىرى ياردەملىشىدۇ دېگەندىمۇ، ئۇلار يىراقتا ـــ باركۆلدە تۇرسا، پاراكەندىچىلىك تۇگىگەندە كەلگەن چېرىكلەر نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ ‹جان چىققاندا ياسىن ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى› دېگەندەك، مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان بۇ قۇۋ جوڭغارلار غىپپىدىلا تىكىۋەتسە، ياردەمچى قوشۇننىڭ نېمىگە كېرىكى؟ قومۇل بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئالتە يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان تۇرسا، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار ياردەمگە كېلەي دېسىمۇ ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلەلمەيدۇ؛ تورپان، توقسۇندىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قاراشەھەرگە، ئۇچقا كۆچۈرۈپ كېتىلدى. قالغانلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھالى بىلەن ئارانلا تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ لوكچۇن ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلار دەككە ـ دۈككە، خەۋپ ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. جوڭغارلار قاچان كېلىپ پاراكەندە قىلسا قىلىۋېرىۋاتسا،

ئۇلاردىن قورقۇپ - ئەنسىرەپ سىپىل ئىچىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بىكىنىۋالغىلى بولمىسا يا؟ بىزنىڭ تىرىكچىلىك مەشغۇلاتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئېتىز - ئېرىق، تالا - تۈزدە تۇرسا، قانداق قىلىش كېرەك؟»

ئۇزاق ئويلانغان ئىمىن ۋاڭ ئاخىر چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئۇنۇملۈك بىر ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ بۇ ئويىنى بىر كۈنى كەچقۇرۇن شاپىبەگ بىلەن خالىقنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئېيتتى. ئىمىن ۋاڭنىڭ بۇ ئىككى يېقىن ئادىمى ئىمىن ۋاڭنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولالايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئويلىغىنى دائىم بىر يەردىن چىقاتتى. شاپىبەگ بىلەن خالىق ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ ھەم يىراقنى كۆزلەپ كۆڭلىگە پۈككەن بۇ قارارىغا قوشۇلۇشتى.

شاپىبەگ بىلەن مەسئۇد مەخپىي ھالدا تەييارلىققا كىرىشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن تۇرپان، لۈكچۈننىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان، ئىمىن ۋاڭنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنى مەلۇم قىلىدىغان، مەنچىڭ خانى يۇقىرىدىن ئۈنۈملۈك ياردەم تەلەپ قىلىدىغان مەلۇماتنامىنى تەييارلاپ، تامغا - مۆھۈرلەرنى باستى. سەپەر تەييارلىقى پۈتكەندە، 9 - ئاينىڭ بىر قۇتلۇق كۈنىنى تاللاپ، شاپىبەگ بىلەن مەسئۇد ئىنس - جىنغا تۇيدۇرماي، كېچىلەپ بېيجىڭ تامان سەپەرگە ئاتلاندى.

# سەككىزىنچى باب

# چوڭ كۆچۈش

ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندە شاپبەگ بىلەن مەسئۇد بېيجىڭدىن خان يارلىقىنى ئېلىپ لۇكچۈنگە يېنىپ كەلدى. مەنچىڭ خانى تۇرپان ـ لۇكچۈن ئۇيغۇرلىرىنى گەنسۇنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كۆچۈشكە پەرمان چۈشۈرگەنىدى.

10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئىمىن ۋاڭ ئۆزىگە قاراشلىق يۇرتلارنىڭ بەگ ـ ئاقساقاللىرىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، لۇكچۈن ئوردىسىغا جىددىي چاقىرتتى. مۇرتۇق ـ سىڭگىم، قاراغوجا ـ ئاستانە، تويۇق ـ ياڭخى، لەمجىن ـ سىركىپ، خاندۇ، دالانكارىز، شۆگە ـ تېتىر، پىچان ـ چىقتىم، لۇكچۈن، ئامانشا، دېھقانسۇ ـ سىپاھسۇ، ھەتتا دىغارغىچە بولغان يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ بەگ ـ ئاقساقاللىرىنى بىرنى قالدۇرماي يىغدۇردى. لۇكچۈن ئوردىسىنىڭ ئىچى ـ تېشى، سىپىل ئەتراپلىرى ھەرقايسى يۇرتتىن كەلگەن بەگ ـ ئاقساقاللارنىڭ مەپىلىرى، كۈمۈش گۈللۈك ئېگەر ـ يۈگەنلىك ئاتلىرى، گىلەم توقۇملۇق قېچىر ـ ئۇلاغلىرى ۋە ئات باقارلار بىلەن تولۇپ كەتتى. لۇكچۈن ئوردىسى ئەتراپىدىكى پۇقرالارمۇ قىزىقسىنىپ «بۈگۈن ئوردىدا نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ قۇلاق قېقىشىپ، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا توپلاشماقتا ئىدى.

ئوردىنىڭ كېڭەش زالىدا ئاق، ھال رەڭ يىپەكتىن سەللە ئورىغان، كۆك ۋە يېشىل رەڭلىك تاۋاردىن تون ـ پەرىجە كىيگەن، پۇتىغا يۇمشاق خۇرۇمدىن مەسە ـ ئۆتۈك كىيگەن،

بەزىلىرى بۆزدىن ئاددىيلا كىيىم كىيگەن ئاقساقال، بەگ، ئىمام ـ خاتىپلار ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلار بىر خىل ھەيرانلىقتا، تەئەججۇپتە بىر ـ بىرىگە بېقىشاتتى. بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشاتتى، چۈنكى بۇنداق چوڭ يىغىلىش، يەنى ھەر قايسى يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقال ـ بەگلىرى پەقەت ئىمىن سوپى ۋاڭلىق تەختىگە چىققاندا بىر قېتىم، ئىمىن ۋاڭ بىلەن لەشكەر بېشى خالىق ئىككىسى قوش تويى قىلغاندا ئىككىنچى قېتىم بولغانىدى. ئەگەر مۇھىم، چوڭ ئىش بولمىسا، بۇنداق تولۇق يىغىلىش مۇمكىن ئەمەس، زادى نېمە ئىش باردۇ؟ كېڭەش زالىغا يىغىلغان بەگ ـ ئاقساقاللار ئاشۇ تەرزدە گۇمانسىراپ ئولتۇرۇشقاندا، بېشىغا ۋاڭلىق تاج تاقىغان، بۆرەك ياقىلىق قىزىل تاۋار تون كىيگەن، پۇتىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ــ ئۇچى ئاسمانغا قارىغان قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن ئىمىن ۋاڭ شاپىبەگ ۋە خالىقنىڭ ھەمراھلىقىدا كېڭەشخانىغا كىرىپ كەلدى. ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاڭغا سالام بەردى. ئىمىن ۋاڭ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، يۇرت ئاقساقاللىرىدىن ئامان ـ ئېسەنلىك سورىغاچ، ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. بەگ ـ ئاقساقاللار ئىمىن ۋاڭنىڭ بىرەر چوڭ مۇراسىم كۈنلىرىدىلا كىيىدىغان ئۇستىبېشىغا ھەم جىددىي تۇس ئالغان چىرايىغا قاراپ، بۈگۈن چوقۇم ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بارلىقىنى كۆڭۈللىرىدە جەزم قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

مۇراسىمبېگى ئالىم خوجا سۆز باشلىدى:

ــ ھۆرمەتلىك بەگلەر، يۇرت ئاقساقاللىرى، بۈگۈن ھەر قايسىلىرىنى ئوردىغا جەم قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، ھەر قايسىلىرىغا ئۇلۇغ خاقانى چىڭنىڭ بىزنىڭ لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا ئەۋەتكەن يارلىقىنى ئۇقتۇرۇشتۇر!

پۈتۈن ئادەم تىنىقىنى چىقىرىشماي، كۆزلىرىنى بىردە ئىمىن ۋاڭغا، بىردە ئالىم خوجىغا تىكىشىپ ئولتۇرۇشتى، زالدا چىۋىن ئۇچسا ئۇنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى.

چۈنكى، ئۇلۇغ خاقانى چىڭدىن كەلگەن پەرمان ـ يارلىق ئەلۋەتتە كىچىك ئىش توغرىسىدا ئەمەس ئىدى. يۇرت ئىچىدىكى ئىشلارنى، مەسىلەن، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قاماش، يەنى بىھۇدە قان تۆكۈش، ئوغرىلىق قىلىش، زىناخورلۇق... دېگەندەك شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى ئىمىن ۋاڭ ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلىۋېرەتتى. ئۇلارغا جازا بېكىتىش، قاماش، جەرىمانە قويۇش ۋە ھەتتا ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئىشلىرىغىچە ئىمىن ۋاڭ ئۆزىلا ئوردا كېڭەشچىگە قويۇپلا كېسىم قىلىۋېرەتتى. نە كۈنى ئىمىن ۋاڭ مەنچىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن تارتىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا ئاشۇ خاقانى چىڭنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئىش كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئىككى يىل ئىلگىرى لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا قاراشلىق مەلۇم بىر يۇرتنىڭ ئىككى نەپەر ئاقساقىلىنىڭ جۇڭغارلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغانلىقى مەلۇم بولۇپ قېلىۋىدى، ئىمىن ۋاڭ ئۇلارنى تۇتۇپ، قاماپ، ئاخىر دارغا ئېسىۋەتكەن. ئاشۇنداق چوڭ ئىشلاردا ئادەم خۇنى توغرىسىدىكى ئىشلاردىمۇ ئىمىن ۋاڭ خاقانى چىننىڭ پەرمانى ـ يارلىقىنى كۈتمىگەنىدى. بۇ زادى قانچىلىك چوڭ، قانچىلىك مۇھىم ئىشتۇر، ئەمدى؟ بەگلەر، ئاقساقاللار ئاشۇنداق خىياللار بىلەن جىددىيلىشىپ ئولتۇرۇشقاندا، شاپىبەگنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن چوڭ زالغا ياندىش بۆلمىدە ئولتۇرغان ئوردىنىڭ باش مىرزىسى سالى قادىر قولىدا سېرىق مەشۇت رەختكە يېزىلغان خاقانى چىڭنىڭ پەرمانىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى:

*بۇيۇك مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ خاقانى يۇڭجېڭ ئالىيلىرىدىن پەرمان!*

*لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن ۋاڭغا ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئىمىن ۋاڭ ئۆز يۇرتىدىكى ئۇيغۇر ئاۋامىلىرى بىلەن سەمىمىي نىيەتتە خاندانلىقىمىزغا بەيئەت قىلىپ، جۇڭغار ئوغرىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى.*

ئالدىنقى يىلى جۇڭغار ئوغرىلىرى لۇكچۈن شەھىرىگە ئۇدا ئۈچ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇر پۇقرالار ۋە سەركەردە ـ لەشكەرلەر باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن شەھەرنى ئامان ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جۇڭغار ئوغرىلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى بىتچىت قىلغان. سىلەرنىڭ ساداقەتمەنلىك، جاسارەتلىك ئىرادەڭلەرنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان تۇرپان، لۇكچۈن خەلقى جۇڭغار ئوغرىلىرىغا قاتتىق دەككە بەردى. جۇڭغار ئوغرىلىرى تۇرپان، لۇكچۈندىكى خەلقلەرگە ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتتى. شۇ سەۋەبلىك، جۇڭغارلار تۇرپان، لۇكچۈن خەلقلىرىنى ئۇزۇكسىز پاراكەندە قىلىپلا قالماي، بەلكى پۇرسەت ـ پەيت تېپىپ قاتتىق ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن، مەنچىڭ خانىدانلىقى لۇكچۈن ۋاڭى ئىمىن ۋاڭ ۋە خەلقىگە خۇددى چوپان قويىنى ئاسرىغاندەك ئاسراش مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ، سىلەرنى گەنسۇنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلىپ، ئۇشبۇ يارلىقنى ئەۋەتتۇق. بۈيۈك مەنچىڭ خانىدانلىقى جۇڭغار ئوغرىلىرىنى ھامان ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىدۇ. شۇنىڭغىچە سىلەر جۇڭغارلارنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان گۇاجۇدا پاناھلىنىپ تۇرغايسىلەر.

يارلىق تامام.

يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى كەبىسە ئېيىنىڭ 3 ـ كۈنى

يارلىق ئوقۇلۇپ بولۇنۇشىغىلا زال ئىچىدە پىچىرلاشلار، كېيىنچە گۇڭۇلداشلار ئۇلغايدى. ھەتتا ئوتتۇرىدا ئېگىز بويلۇق، قارا ساقاللىق بىرەيلەن ئورنىدىن چاچراپلا تۇردى. ئۇ قاتتىق چالۋاقاپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەنچىڭ خانى دېگەن قانداق بىر نېمە ئۇ ـ ھە؟! پۇقرالارنى خۇددى چوپان قويىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، بىزلەرنى

كىندىك قىپىمىز تۆكۈلگەن يۇرتتىن يىراققا كۆچۈرەرمىش تېخى. مۇشۇمۇ ئاسرىغانلىق بولامدۇ ـ ھە؟! ــ ئۇ بارغانسېرى قايناپلا كەتتى. بۇ ئادەم ياخشىنىڭ بېگى مۇقىيىت دېگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان، توغرا سۆزلۈك، جاھىل، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى.

ــ مۇقىيىتبەگ راست ئېيتىدۇ، بىز گاجۇ ـ ياجۇ دېگەن يەرلەرگە كۆچمەيمىز ! ــ ئوتتۇرىدا يەنە بىر ئادەم ئۆرە قوپتى. بۇ ئادەم يېشى يەتمىشكە ئۇلاشقان، بويى پاكارراق، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، مۇرىسى كەڭ، تەمبەل كۆرۈنەتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئۆشكىنىڭكىدەك ئۆسكەن ئاپپاق ساقىلى ئۇنىڭ ياشانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقى ئۇنىڭ تېمەن ئادەملىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئاستانىلىق مەمتادۇل دېگەن ئاقساقال ئىدى.

ــ بىز ئەلمىساقتىن تارتىپ مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەن، بېشىمىزدىن نى ـ نى ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن. بىز ئاشۇنداق چاغلاردىمۇ يۇرتنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتكەن ئەمەس. ئەمدىزە، ئاشۇ جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قورقۇپ يۇرتنى تاشلاپ، ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن يەرلەرگە كۆچەمدۇق !؟ ــ بۇ پىچانىنىڭ بېگى ساۋۇتبەگ ئىدى. ئۇمۇ ئاپپاق ساقاللىق، قورسىقى تومپايغان، يوغان ـ يالپا ئادەم بولۇپ، ئەللىك ياشلاردا ئىدى. ئۇمۇ ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، قوللىرىنى ھەرەڭ ـ سەرەڭ قىلىپ، شالىنى چېچىپ قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

ــ توغرا، بىز جۇڭغار موڭغۇللىرىدىن قورقۇپ، يۇرتنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتمەيمىز !

ــ يۇرتنى تاشلاپ كېتىش قورقۇنچاقنىڭ ئىشى !

ئوتتۇرىدا ئۈچ ئاقساقال ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، قەتئىي كۆچمەسلىك توغرىسىدا خېلىغىچە داۋراڭ سالدى. بۇ خىل قىلىق ۋاڭغا ھۆرمەتسىزلىك ئىدى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ يەنە بىرمۇنچە

ئاقساقال ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغىنىچە چالۋاقاشماقتا. ئىمىن ۋاڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئورنىدا قىمىراپ قوياتتى. شاپىبەگ ئۇنىڭ قىزىرىپ ـ كۆپچۈگەن چىرايىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. بەزى بەگلەر خاقانى چىنىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرگەن تۈزۈك، كۆچسەك كۆچەرمىز. جاھان تىنچىغاندا يەنە قايتىپ كەلسەك بولمىدىمۇ، دەپمۇ باقتى. بىراق، ئۇ خىل پىكىرلەرنى كۆچۈشكە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بېسىپ كېتىۋاتاتتى...

ئىمىن ۋاڭ ئاخىر چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان، قارا ساقىلى ھەر بىر سۆزلىگەندە تىترەپ كېتەتتى. ئۇ سالماق ۋەزىندە، دانە ـ دانە قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـــ بەگلەر، ئاقساقاللار، يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى، سىلەر قوي پادىسىنىڭ سەركىسىدەك ئادەملەر، سىلەر پۇقرانى تەسكەيگە سېغىنغلار دېسەڭلار، ئۇلار ھەرگىزمۇ كۆنگەيگە ماڭىمىز دېمەيدۇ. سىلەر يىراقنى كۆرۈشۈڭلار، خاقانى چىنىنىڭ يارلىقىغا ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك. ھەممىڭلار ئىشىتتىڭلار، مەنچىڭ خانىدانلىقى جۇڭغار ئوغرىلىرىنى ھامان يوقىتىمىز، يۇرتۇڭلار تىنچلانغۇچە گاجۇدا پاناھلىنىپ تۇرۇڭلار دەپ ئېيتىپتۇغۇ يارلىقتا. بىزنى ئۇ يەردە مەڭگۈگە تۇرۇڭلار دېگىنى يوققۇ؟!

ـــ مەيلى، بىز ئۇنداق بىلمىگەن يەرگە قەتئىي كۆچمەيمىز!

ـــ كۆچۈپ يۇرىدىغان بىز قويچى ئەمەس!

ـــ جەننەتتەك باغلىرىمىزنى، مۇزدەك سۈيى بار كارىزلىرىمىزنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كۆچمەيمىز!

ـــ كىمنىڭ كۆچكۈسى بولسا شۇ ئۆزى كۆچكەي!

...

ئىمىن ۋاڭنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. قوشۇمىسى تېخىمۇ چىڭ تۈرۈلدى. ئۇ ئادەتتە يۇرت بەگلىرىنى، ئاقساقاللىرىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۆرۈك پىششىقى، قوغۇن پىششىقى دېگەندەك

پەيتلەردە ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ئوردىغا چىللاپ، سەيلە ئۇيۇشتۇرۇپ، لەمجىنىنىڭ قاراڭغۇ باغلىرىدا باغ ـ باراۋەتلەر راسلاپ، بەزمە ـ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارغا بەلگىلىك ئىمتىيازمۇ بەرگەن، ئەمما پۇقرانى تولا قاقشىتىۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەرمۇ قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدە توي ـ تۆكۈن ياكى ئۆلۈم ـ يىتىم دېگەندەك مەرىكە ـ مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، ئاشۇ بەگ ـ ئاقساقاللارنىڭ ھۆرمىتى يۈزىدىن بېرىپ قاتنىشىپمۇ تۇراتتى. ۋاھالەنكى، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ بەگ ـ ئاقساقاللار يۇرتنىڭ چوڭ ئىشى توغرىسىدىكى كېڭەشتە ئاجايىپ بىر ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇغۇ؟ يۇرتنىڭ ھامىيسى بولغان ئىمىن ۋاڭنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلۇش تۇگۇل، ھەتتا بۇيۇك مەنچىڭ خانىنىڭ پەرمان ـ يارلىقىغىمۇ پىسەنت قىلىشمايدۇغۇ بۇلار؟ «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەن مۇشۇ ئىكەن ـ دە؟!

ئىمىن ۋاڭ يەنە بىرقانچە ئېغىز ئۆگۈت ـ نەسىھەت سۆزىنى قىلىۋىدى، ئابايىقى ئۈچ ئاقساقال كەينى ـ كەينىدىن ئورنىدىن قوپۇپ تېخىمۇ چالۋاقاپ، ئەزۋەيلەپ كەتتى. بۇ ھال ئىمىن ۋاڭغا ھاقارەتلىك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. ئالدىن كېلىشكىنى بويىچە ئۇلار زالغا ياندىش بۆلمىگە قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر چېرىكلەردىن ئونىنى بۇيرۇق كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. سەۋر قاچىسى توشقان ۋاڭ خالتىقا لاپپىدە قارىۋىدى، خالتىق ياندىش بۆلمىدىكى چېرىكلەرگە قول ئىشارىتى قىلدى، يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان چېرىكلەر شۇ زامان كېڭەشخانىغا گۈرسۈلدەپ مېڭىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، كۆرسەتمە بويىچە ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغان ئۈچ ئاقساقالنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە چەمبەرچاس باغلاپ تاشقىرىغا ھەيدەپ ماڭدى. ئوتتۇرىدا دەماللىققا ۋاڭ ـ چوڭ كۆتۈرۈلۈپ بېسىقتى، بەزىلەر بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن ئاغزىنى ئېچىشىپلا قالدى. بەزىلەر بوغۇزىغا كەلگەن گەپنى ئىچىگە يۇتتى. ئىمىن ۋاڭ غەزەپلىك تۇرقىدا

كېڭەشچىلەرگە ئەتە بۇ ئۈچ نەپەر بوينى قاتتىق بەگنى دارغا ئاسىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، كېڭەش زالىدىن گۈس ـ گۈس دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى. بەزى ئاقساقاللار جايىدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى، بەزى ياشقا چوڭراق ئاقساقاللارنىڭ تامبىلىنىڭ ئېغى ھۆل بولۇپمۇ كەتتى... ئىمىن ۋاڭنىڭ «بىرنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرۇپ، مىڭنىڭ تۇيىقىنى سىرقىرىتىش» چارىسى ئۈنۈم بەرگەندەك قىلاتتى.

*　　*　　*

ئەتىسى جۈمە كۈنى، شۇنداقلا لۈكچۈندە بازار كۈنى ئىدى. ئەتىگەندىلا ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەردىن ھارۋىلىق، سۈكەنلىك ئۇلاغلارنى ھەيدىگەن، قوي ـ كالا پادىلىرىنى ھەيدەپ توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئىمىن ۋاڭنىڭ جارچىلىرى رەستىمۇرەستە ئارىلاپ توۋلىماقتا:

— ئەيپۇھەناس! ئىشتىڭلار ئامۇ خاس! خاقانى چىنىڭ بىزگە، يەنى تۇرپان ـ لۈكچۈن پۇقرالىرىغا شاپائەت قولىنى سۇنۇپ، ھىممەت ـ مۇرۇۋۋەتتە بىلەن پۇقرالارنى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرماق بولۇپ، يۇرت خەلقىنى كۆنچىقىش تەرەپتىكى گاجۇغا كۆچۈرمەك بولغانىدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت تۇرپان ـ لۈكچۈن خەلقىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇخۇمىنىڭ قۇرۇپ ـ تۈگەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماق ئىدى. نىھايەتكى، بۈيۈك خاقانى چىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس پەرمانى ـ يارلىقىغا ياڭخى بېگى مۇقىيىتبەگ، ئاستانە ئاقساقىلى مەمتادۇل، پىچان بېگى ساۋۇتبەگلەر بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئەلنىڭ ئىستىقبالىغا باغلىق بولغان بۇ چوڭ ئىشقا چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشى تۇردى. ۋاللاھۇئالەم، كىمكى خان يارلىقىغا قارشى چىقسا ئۇنىڭ ھالى ياماندۇر. شۇ بائىستىن بۇ ئۈچ نەپەر

ئاقساقال بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، يەنى ئۇلۇغ جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن دارغا ئېسىلماقچى، يۇرتنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى، تولۇڭ - پىشىشىقلىرى ئوردا مەيدانىغا يىغىلىپ، خاننىڭ پەرمان - يارلىقىغا قارشى چىققانغا بېرىلگەن جازانى كۆرۈپ، ئىبرەت ئېلىشقايلا ! ...

جاكارچىلارنىڭ بۇ ۋەھىمىلىك سۆزىنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ - ئۇششاق، بازارچى ۋە بىكارچىلارنىڭ ھەممىسى ئوردا تەرەپكە چېپىشتى، ياشانغان بوۋاي - مومايلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشۇپ، ھاسىلىرىنى توكۇلدىتىشىپ، كىشىلەرنىڭ كەينىدىن ئوردا تامان يۈرۈشتى. ئاخشامدىن بېرى بۇ ھەقتە ئۇچۇر - خەۋەر ئالغان پىچان، ئاستانە، ياڭخى تەرەپتىكى ئادەملەر كېچىلەپ يول يۈرۈپ، بۈگۈن سەھەردىلا ھارۋىلىق، ئات - ئۇلاغلىق، پىيادە ھالدا لۈكچۈنگە يېتىپ كېلىشكەنىدى. ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن قويۇنلىرىغا پىچاق - قىڭراق يوشۇرۇپ كېلىشكەنلەرمۇ بار ئىدى.

ئاشۇاقتى مەزگىلگىچە ئوردىنىڭ جازا مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. جازا مەيدانى چۆرىسىدە تەرتىپ ساقلايدىغانلار — پاششاپلار، چېرىكلەر، كاھلار قاتمۇقات تۇرۇشقانىدى. ئادەملەر توپى خۇددى شامالدا دولقۇنلانغان بۇغدايدەك، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇ ياققا چايقىلاتتى. تەرتىپ ساقلىغۇچىلار ئىتتىرىشكەن، غوۋغا چىقارغانلارنىڭ باش - كۆزلىرىگە كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، ئۇلارنى بېسىقتۇرماقتا ئىدى...

ئوردا قازىسى — ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاتىسى نىياز ئاخۇنۇم خان يارلىقىغا قارشى چىقىپ، چوڭ كۆچۈشكە تەتۈر مۇقام تۈۋلىغان مۇقىيىتبەگ، مەمتادۇل ئاقساقال، ساۋۇتبەگلەرگە شەرىئەت بويىچە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئېلان قىلدى. مەيداندىكى ئادەملەر يەنە تەۋرەپ كەتتى. ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قوللىرىدىكى قىڭراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ جازا مەيدانىغا ئېتىلىپ

چىقىشىۋىدى، شۇ زامانلا چېرىكلەر تەرىپىدىن بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. كەينىدىكىلىرى تاپاق ـ كالتەك كۆتۈرۈشۈپ غوۋغا كۆتۈرۈۋىدى، ئۇلارمۇ شۇ هامان ئۇرۇپ يىقىتىلىپ، باش ـ كۆزى قانغا بويالدى. تەرتىپ ساقلىغۇچى چېرىكلەر هەرگىزمۇ يۇمشاق قولللۇق قىلمىدى. شۇنداق داۋالغۇش ئىچىدە ئۇچ نەپەر بەگ دارغا ئېسىلدى. مەيداندا قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. «خەپ ئىمىن ۋاڭ! قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز!» دەپ ۋارقىرىغانلارمۇ بولدى. تەرتىپ ساقلىغۇچى چېرىكلەر، پاششاپلار بويۇنلىرىنى هەر تەرەپكە سوزۇشقان بولسىمۇ، ئۇ ئادەمنى تاپالمىدى. ۋارقىرىغان ئۇ ئادەم خەلق توپى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەندەكلا يوقاپ كەتتى. ئۇ ياڭخىلىق مۇقىيىتبەگنىڭ ئابدۇل چەپەر دېگەن ئوغلى ئىدى.

جازا مەيدانى قىزىل قىيامەتكە ئايلاندى. پاششاپلار، چېرىكلەر قولىدىكى تاپاق ـ توقماق، قىلىچنىڭ كۈچى بىلەن سەكرەپ چىققانلارنى جىمىقتۇرۇپ تۇردى، خەلق شاۋقۇنى بېسىققاندا، شاپبەگ ئىمىن ۋاڭغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا تەۋە ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ئون كۈندىن كېيىن كۆچۈپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى، هەممەيلەننىڭ چىقتىمىنىڭ تەزە دېگەن يېرىدە جەم بولىدىغانلىقىنى، كىمكى كۆچۈشكە بويۇنتاۋلىق قىلسا، ئاقىۋىتى دارغا ئېسىلغان بەگلەردەك بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. جازا مەيدانىدىكى خەلقلەر بارا ـ بارا ئازىيىپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشقان پېتى تاراشتى.

جۇمە نامىزىدىمۇ پۇقرالارنىڭ هەممىسىنىڭ بىردەك كۆچۈشى توغرىسىدا يەنە گەپ ـ سۆز بولۇندى، بولۇپمۇ ئوردا قازىسى، خاتىپ نىياز ئاخۇنۇم ئىمىن ۋاڭنىڭ قاتتىق بۇيرۇقىنى نامازغا قاتناشقان بەگ ـ ئاقساقاللارغا يەنە بىر قېتىم جېكىلىدى ۋە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئەمرىمەرۇپ قىلدى، هەدىستىن نەقىلللەر كەلتۈرۈپ ۋەز ئوقۇدى. جامائەتمۇ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

دۇئالار قىلىشتى:

— ئاھ، ئىبارا خۇدايا، خۇدا ۋەندە كېرىم، پاك پەرۋەردىگارىم، تۇرپان، لۈكچۈنلۈكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن! مۇشكۈلىمىزنى ئاسان قىلغايسەن، خۇدايىم!...

* * *

تۇرپان دىيارىنى تەسكەي ۋە كۈنگەيگە ئايرىپ تۇرغان قىزغۇچ قۇتتاغ خۇددى يوغان ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتماقتا. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باغرىغا جايلاشقان مۇرتۇق - سىڭگىم، قاراغوجا - ئاستانە، تۇيۇق - ياڭخى، لەمجىن - سىركىپ، پىچان - لۈكچۈن قاتارلىق يۇرتلاردىكى پۇقرالار بۈگۈن بەئەينى ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان چۇمۇلىدەك لۆمۈلدەشمەكتە. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى هارۋىلىق، بىر قىسمى ئات - ئۇلاغلىق، سوكەنلەرگە ئۇلۇغ - ئۇششاقنى سېلىپ، تىمەنلىرى ياياق (پىيادە) هالدا يىغا - زار بىلەن كۈنچىقىش تامان مېڭىشماقتا. بۈگۈن مىلادىيە 1732 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئىسلام كالېندارى بويىچە هىجرىيە 1145 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئىككىنچى شەنبە كۈنى ئىدى.

لۈكچۈن ئوردىسىنىڭ ئىچى - سىرتىمۇ پاتىپاراقچىلىققا چۈشكەنىدى. سېپىل ئۈستىدە ئالتە نەپەر كاناىچى ئۇزۇن دەستىلىك كانايىنى قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ پۈۋلىمەكتە. كانايىنىڭ ئاۋازى سوزۇلۇپ - سوزۇلۇپ چىقىپ، خۇددى موزىيى ئۆلگەن ئىنەكنىڭ مۆرىشىگە ئوخشاش ئاڭلىناتتى. بۇ كانايلارنىڭ ئاۋازى لۈكچۈن خەلقىنى چوڭ كۆچۈشكە ئۈندىمەكتە. ئوردا هېساباتچىلىرى، مىرزىلار نۇرغۇنلىغان دەپتەر - قەغەز، پۈتۈكلەرنى كۆيدۈرۈشتى. مۇلازىملار سەپەرگە ئالغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى ئېلىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، بىر قىسىم بۇيۇملارنى ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا كۆمۈشتى. بىر قىسىملىرىنى يەر ئاستى ئۆيلىرىگە

تىقىشتۇرۇپ، ئىشىكلەرنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، لاي بىلەن سۇۋاپ تاشلىدى. بىر قىسىم بۇيۇملار ئامالسىزلىقتىن كۆيدۈرۈلدى، ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان قىممەتلىك كىتابلار، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى ۋە لۈكچۈن تارىخىغا دائىر تارىخلار، قەدىمكى رىسالىلەر، تېببىي رېتسېپلار، ئەتراپتىكى ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشقاندىكى خەت ـ چەكلەر، «ئىرىق پۈتۈك» كە ئوخشاش قەدىمكى پال كىتابى، قەشقەردىن كەلتۈرۈلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى، ھىندى خەلق چۆچەكلىرى، «تاڭ نەزملىرى »... دېگەندەك قىممەتلىك ۋەسىقىلەردىن بەزىلىرى تاشلىنىپ كەتتى، بەزىلىرى چېچىلدى، بەزىلىرى كۆيدۈرۈلدى. «ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچسە ئوغلاقلىق ئۆشكىگە زىيان» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. تۇرپان، لۈكچۈن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللىرى ۋە، بۇيۇملىرىغا شۇ قېتىمقى چوڭ كۆچۈشتە «ۋابا» تەگكەن بولدى.

كۆچمەنلەر قۇتتاغىنىڭ ئۈستىدىكى يول بىلەن، يەنى سىڭگىم — سۇ بېشى — لەمجىن — پىچان — چىقتىمغا سوزۇلغان يول بىلەن، بىر قىسمى قاراغوجا — ئاستانە — تۇيۇق — لۈكچۈن — قاۋان — شۈگە — تېپتىر — پىچان — توققۇز ئوغۇلنىڭ كارىزى — قوش تۈگمەن يولى بىلەن چىقتىمغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى.

ھەر بىر يۇرتتىن كۆچكەنلەر لۈكچۈن ئوردىسىدىن ئەۋەتىلگەن مەخسۇس چاپارمەنلەرنىڭ نازارەتچىلىكىدە، ئوردىدىكى رويخەت بويىچە ئېلىنىپ، مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماستىن چۆللەرگە، تاغ ـ ئېدىرلارغا، كارىزلارغا مۆكۈنۇۋالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر قېپقېلىپ، توپتىن ئايرىلىپ قالدى. قالغانلىرى قىيا

- چىيا، يىغا - زار بىلەن كەينىگە قاراپ - ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە، كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈردەك تۆكۈپ، خۇددى بىرسى ئۇلارنىڭ بوينىدىن ئارغامچا بىلەن تارتقاندەك، قوشخانىغا ئېلىپ مېڭىلغان قوي - كالىلاردەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ماكان - جايلىرىدىن، باغىۋاراڭلىق هويلا - قورۇلىرىدىن ۋاز كېچىپ مېڭىشماقتا ئىدى.

كۆچمەنلەر ئېلىنىۋالغان توخۇلار هارۋا هەر بىر لاقىلىغاندا چۇشكەندە، ئۈستى تورلانغان سېۋەتلەردە قاقاقلىشاتتى. بەزىدە يېڭىدىن چىللىغان چۈجە خورازلار هېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغان هالدا چىللاپمۇ قوياتتى؛ كىچىك قەپەسلەرگە سېلىنىپ، سۆگەتنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان دەمدەرلەر، كەپتەرلەر يول بويى «گۇگ - گۇگ» قىلىپ دەم تارتىشاتتى. بالىلارنىڭ قۇچاقلىرىدىكى مۇشۇك - ئاسلانلىرى يات يەرنىڭ پۇرىقىنى ئالغاچقىمىكىن، تىنماي مىياڭلىماقتا. ئىگىلىرىگە قىيالمىغان ئىتلار هەيدەپ مېڭىلغان قوي - ئۆچكىلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىشاتتى....

بەگ - ئاقساقاللار تىلىدا ئايەت، كۆزلىرىدە هەسرەت - نادامەت بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ توپىدىكىلەرنى كۆزىتىپ مېڭىشماقتا. بەزى خەقىش باللار يول بويى تىنماي قىرقىراپ يىغلىماقتا ئىدى.

شاپىبەگمۇ ئۆزى باشچىلىق قىلىدىغان مۇرتۇق توپىدا ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. توپىنىڭ ئوتتۇرىدىن ناهايىتى مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

تاغلاردىن ماكان تاپتۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
قانداق قىلىمىز ئەمدى،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي.



ناخشىنىڭ مۇڭى دەردلىك يۈرەكلەرنى ئېزەتتى... ئاھ، ناخشا! ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى! سەن ئادەمنىڭ كۆڭلى شادلىققا چۆمگەندىمۇ، دەردكە تولغاندىمۇ ئوخشاشلا ھەمراھسەن! سېنىڭ ئاشۇ خاسىيىتىڭدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن دەردمەنلەر يۈرىكىگە تەسەللى تاپىدۇغۇ؟! شادلانغاندا شادلىقنى ئاشۇ ناخشا بىلەن تېخىمۇ ئەۋجگە كۆتۈرىدۇغۇ؟!

شاپىبەگ ئېتىنى ئاستىلىتىپ، توپىنىڭ ئاخىرىنى كۆزىتىپ ماڭدى. بۇ يەردىمۇ ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

ئىشىك ئالدى كەڭ،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
يۇرت مېھرى يامان ئىكەن،
تاشلاپ قانداق كېتەرمەن؟

ئالما ئۈزۈپ يەپتىمەن،
ئانار ئۈزۈپ يەپتىمەن.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن،
ئايرىلماسمەن دەپتىمەن.

شاپىبەگ مۇڭغا پاتتى، ئۇ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا ئىلىپ قويغىنىچە مۇڭلۇق ھېسسىياتتا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مىڭگەن چىلان تورۇق ئېتىمۇ خۇددى بۇ كۆچمەنلەرگە ئوخشاشلا، ئۆزى ئوتلاپ، ئۆزى سۇ ئېچىپ يۈرگەن يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، كۆچمەنلەرنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندەك، بېشىنى سىلىپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئالغا چامدايتتى.

مۇرتۇقلۇق كۆچمەنلەر توپىنىڭ ئارقىسىدا قارا غوجا - ئاستانە كۆچمەنلىرى كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ ناخشا ئاڭلاندى:

ئىشىك ئالدى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغۇم يوق.
يۇرت ـ ماكاندىن ئايرىلىپ،
ھەسرەت چەكمەس كۈنۈم يوق.

...

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭ،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
بىز يۇرتنى تاشلاپ ماڭغاچ،
بولدى دۇنيا قاراڭغۇلۇق.

...

توپىنىڭ ئارقىدىراق چاچلىرى چۇۋۇلغان، ماتا ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۇرۇۋېلىپ، بىر توپ قوي ـ ئۆچكىنى ھەيدەپ ماڭغان مەجنۇن سۈپەت بىر ئەر كىشى تېخىمۇ مۇڭلۇق ناخشىنى باشلىدى:

يوللار يىراق، ئاتلار ئورۇق،
ئېگەر ـ توقۇم يولدا قالدى.
ئىسىت، ئىسىت، ئاشۇ يارىم،
يامان چاغدا چۆلدە قالدى.

تاغدىكى يالغۇز كېپىكتەك،
سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

رەھمى كەلمەس كىشىنىڭ،
ھېچكىم بىلەن ئىشى يوق.
ئۆز ياردىن ئايرىلغاننىڭ،
مىدىرايدۇ، جېنى يوق.

ئاھ يارەي قانداق قىلاي،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىسە.

...

قوي ھەيدەپ كېلىۋاتقان بۇ ئەرنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى كۆچمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىپ، سۆڭەك ـ سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شاپىبەگ ئاشۇ ناخشا ئېيتقان ئەر بىلەن بىللە ماڭغان توپنىڭ ئاقساقىلىغا ئېتىنى يانداشتۇرۇپ مېڭىپ سورىدى:

— ھوي ئەيسا بېگىم، بۇنداق مۇڭلۇق ناخشا ئېيتقان ئىنىمىز كىم بولىدۇ؟

— بۇ ئىنىمىزنىڭ ناخشىسىدىن مۇڭلىنىپ قالغان ئوخشىمامسىز، شاپىبەگ؟ — دېدى ئەيسابەگ.

— شۇنداق، بۇنىڭ ناخشىسىنىڭ مۇڭى ئاجايىپ ئىكەن، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— دەردى بار يىگىت ـ دە، دەردى بار !

— نېمە دەرد كەلگەن بولغىيدى بۇنىڭ بېشىغا؟

— سۆزلەپ بېرەي، شاپىبەگ، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئەيسا بەگ، ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئاۋۇت، كىشىلەر ئۇنى «ئاۋۇت مۇڭ» دەيدۇ، ئۇ ناخشىنى بەكمۇ مۇڭلۇق ئېيتىدۇ. ئۇ ئاستانىنىڭ «پادا يىغىش» دېگەن يېرىدىن. ئۇ ئاشۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى يىغىپ باقىدىغان قويچى، ھەم ناخشا ـ ئۇسسۇلغا، قوشاق ـ بېيىتقا ئېپى بار تويچى. مەھەللىدىكى تويلار ئۇنىڭسىز قىزىمايدۇ، پادىدىن يانغان چاغلاردا، مەھەللىدە كىشىلەرگە دائىم دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «دەردىڭ يامان»، «ھەيرانىمەن»، «پەريادەي»، «باللار كىچىك قالدى يېتىم» دېگەن ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ناخشىنىڭ مۇڭىدىن يىغلاپ تاشلايدۇ. قولىدا قىلىچ تۇتقان قاراقچىمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىنى

ئاڭلىسا، قولىدىكى قىلىچنى چۆرۈۋېتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. بۇلتۇر ئۇنى ئۆيلەپ قويۇۋىدى، ئايالى ئېغىر ئاياغ بولغان، مانا مۇشۇ كۆچۈشتە بىچارىنىڭ ئايالى تۇغۇتتا كېتىپ، ئۆلۈكى چۆلدە قالدى. ئەمدىلا توي قىلغان، بىر بالىغا ئاتا بولاي دېگەن ئادەمگە «بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. ئايالىمۇ يوق، بالىمۇ يوق بولدى. ئادەم دېگەن بەرداشلىق نېمە ئىكەن، ئاۋۇت ئۆلمىدى، لېكىن مەجنۇندەك بولۇپ قالدى. «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ» دەپ يۈرۈپ، ئۇنى مىڭ تەستە توپقا قېتىپ بىللە ئېلىپ كېلىۋاتىمىز...

— ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىكەن. قانداق قىلىمىز ئەمدى. چىشىنى چىشلىمەي ئامال يوق... — شاپىبەگنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى بەلكىم ئۆزىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالمىدى بولغاي، ئۇنىڭ گەپلىرى پاشىنىڭ گىڭشىلدىغىنىدەك، ئارانلا چىققانىدى.

كۆچمەنلەر توپى ئالغا سىلجىماقتا. ناخشا ئاۋازى توختىماي ئاڭلانماقتا:

تاغلاردىن ماكان تاپتۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
قانداق قىلىمىز ئەمدى،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي.
...
مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىسە.
...

## توققۇزىنچى باب

# تارانچىدا قىشلاش

زىمىن يۇزىگە ئاستا ـ ئاستا قىش پەردىسى تارتىلىپ، ۋادىنى زىمىستان قاپلىدى. قۇرۇغان ھەم قىتىپ كەتكەن زىمىن ئاق قىرووۋ بىلەن قاپلاندى.

قىش كۈنلىرىنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان قارا بۇلۇتلىرى ئاسماندا قايغۇلۇق ھالدا بىر ياققا ئاستا سۈرۈلمەكتە ئىدى؛ خىيالغا چۆككەن سوغۇق ھەم سۈزۈك ئاسمان ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، خۇددى ئۇياتچان قىز چۈمبەردىسىنىڭ ئاراچلىرىدىن قارىغاندەك، قارا بۇلۇتلارنىڭ ئاراچلىرىدىن كەڭ زىمىنغا ماراپ قارايتتى. كۈنگەي ياقتىكى پايانسىز كەتكەن چۆللۈك، سايلىقلار، تەسكەي تەرەپتىكى جىرالار، ئېدىر ـ قاپتاللار، ئېگىز تاغلار خۇددى تاتىرىپ كەتكەندەك، كىشىگە ئېچىنىشلىق تۇيغۇ بېرەتتى.

شەرقىي شىمالدىن چىققان سوغۇق شامال توختاۋسىز ھۇۋۇلايتتى. سۇۋادان تېرەكلەر يالىڭاچلانغان قەددىنى رۇسلىغاندەك تىك تۇراتتى. شاخلىرى باراقسان ئۆسكەن پاكار ـ پاكار قارىياغاچلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاللىقاچان تۆكۈلگەن بولۇپ، باش قىشنىڭ شىۋىرغانلىق سوغۇقىدا بەئەينى يىتىمدەك شۈمشىيىشكەن، مەجنۇنتاللارنىڭ قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىدەك لەپەڭشىپ تۇرىدىغان زىلۋا نوتىلىرى خېلى بۇرۇنلا ئەۋرىشىملىكىنى يوقاتقانىدى. شاخلىرىدا ئاندا ـ ساندا قېلىپ قالغان، ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقلار شامالدا بىر ـ بىرلەپ تۆكۈلۈپ، قىرووۋلۇق يەرگە چۈشۈپ چاپلاشماقتا.

تۇرپان، لۈكچۈنلەردىن كۈنچىقىش تامان كۆچكەن كۆچمەنلەر ئوتتۇز نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، باش قىشنىڭ ئەنە شۇنداق شامال ئۇشقىرتىپ تۇرغان بىر كۈنى ئاران دېگەندە قۇمۇلنىڭ تارانچى دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر بىلەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن يۈز چاقىرىم ئەتراپىدا كېلەتتى. مۇشۇ تاللىق بۇلاق بار تارانچىغا كەلگۈچە، يولدا قېرى - ئاجىز، كېسەل، نارەسىدە بالىلاردىن بولۇپ نەچچە يۈز كىشى ئۆلۈپ كەتتى. ھەتتا ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاتىسى — لۈكچۈن ئوردىسىنىڭ قازىسى نىياز ئاخۇنۇمۇ يول ئۈستىدە تۇيۇقسىزلا قازا قىلدى. ئۇلارنىڭ جەسىتى يول بويىدىكى دۆڭلۈكلەرگە، يۇلغۇن تۈۋلىرىگە، قۇرام تاشلىقلارغا كۆمۈلدى. بۇ خۇددى «قوي مىڭغا يەتسە تېرە قۇرۇماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. كۈندە يۈز بېرىۋاتقان ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، قايغۇ - مۇسىبەت، يىغا - زار دەستىدىن، كۆچمەنلەر بەئەينى بوتىلىقى قالغان تۆگىدەك بوزلايدىغان، كۆزىدە ياش قۇرۇمايدىغان، مېڭىشقا ھېچبىر قۇربى يوق ھالغا چۈشۈپ قالدى. مۇڭلۇق قىرائەت قىلىدىغان ھوشۇر قارىينىڭمۇ مۇسىبەت سۆزلىرىنى ئوقۇۋېرىپ، ئۈنى پۈتۈپ كەتتى...

بۇنداق ئەھۋالدا يەنە مېڭىۋېرىشكە ئامال يوق ئىدى، شۇ چاغدا مۇشۇ بۇلاق سۇلىرى بار تارانچىدا قىشلاش قارار قىلىنىپ، چوڭ كۆچمەن توپى چۈشكۈن قىلدى. كىگىز - پالاسلىرى بارلىرى ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەكلا چېدىر تىكىشتى، بەزىلىرى كەتمەن - تىۋەرلەر بىلەن توڭ يەرنى چېپىپ گەمە قېزىپ، ئۈستىنى شاخ - شۇمبا، قومۇش، شىۋاقلار بىلەن يېپىپ ئۆي قىلدى. بەزىلىرى يوغان چاقلىق كۆتەك ھارۋىسىنىڭ چەت - چۆرىسىنى ئېتىشتۇرۇپ باش تىققۇدەك جاي راسلاشتى.

مۇشۇ يەرگە يەتكۈچە كۆچمەنلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى خېلىلا ئازىيىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، نۇرغۇن ئادەملەر «ئۇزاققا قالمايلا

قايتىپ كېلىمىزغۇ» دېگەن خىيال بىلەن كېيىنلىكىنى ئويلاپ، بىر قىسىم بۇغداي ــ قونىقىنى ئۇيۇق ساڭ① لىرىغا قويۇپ قالدۇرۇپ ماڭغانىدى. يېمەكلىك ئازلىغاندا ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ھەيدەپ كېلىۋاتقان مال ــ چارۋىلىرىنى سويۇپ يېيىشكە، ھەتتا ئۇرۇقلۇق ئۇچۇن ئېلىپ ماڭغان پۇرچاق، ماشلىرىنى قاينىتىپ ئىچىشكە باشلىغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئالدىن قىياس قىلغان ئىمىن ۋاڭ شاپىبەگنى، مەسئۇدنى ۋە ئۈچ ــ تۆت نەپەر قورۇقچى يىگىتنى بىللە قوشۇپ، گەنسۇنىڭ باش بۇغىدىن ئاشلىق ياردەم سوراشقا ۋە شۇ ئارقىلىق خاقانى چىنغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. خالىقنى بولسا ئالىم خوجا ھەمراھلىقىدا قومۇل ۋاڭى ئىمىن ۋاڭ② غا ئاشلىق ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈشكە ئەۋەتتى. بۇ كۆچمەنلەر دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئاشۇ خىلدىكى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار تۇپەيلىدىن، كۆچمەنلەر تارانچىدا قىشنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

*　　*　　*

كېچىچە ياغقان قاردا پۇتكۇل زېمىن ئاق يوپۇق يېپىنغانىدەك ئىدى. سايلىقلار، ئېدىر ــ قاپتاللار، ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئاق يېپىنچا يېپىنغانىدى. تارانچىدا يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان كۆچمەنلەر مەھەللىسى ــــ چېدىرلار، هارۋىدىن

---

① تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا ئۆينىڭ تېمىنى قېلىن قوپۇرۇپ، ئوتتۇرىسىنى كاۋاك قالدۇرۇپ، شۇ ئورۇندا زاپاس ئاشلىق ساقلايدۇ. بۇنى يەرلىكلەر «ئۇيۇق ساڭ» دەپ ئاتايدۇ.

② قومۇل ۋاڭلىرى: بىرىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا 1709 ـ يىلى ۋاڭ بولغان، ئۇنىڭ ئوغلى گۇپابەگ ئىككىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىدى. ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىمىن 1711 ـ يىلى ۋاڭ بولغان، تۆتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىمىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ. ئىمىن 1740 ـ يىلى ۋاپات بولغان، لوكچۇن ۋاڭىنىڭ ئىسمىمۇ ئىمىن. بۇ ئىككىسى ئىككى ئادەمدۇر.

ياسالغان تۇرالغۇ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان گەمىلەر قار ئاستىدا قالغان. ھەممە يەر ئاقلىق ئاستىدا ئېگىز ـ پەس كۆرۈنەتتى. مەھەللە خۇددى غايىب بولغاندەك، ئىس چىقىۋاتقان بىرەر تۇرخۇنمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئوت يېقىلمىغان ئۆيلەرنىڭ ئىچى خۇددى مۇزخانىغا ئوخشايتتى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاندىن بەزى چېدىرلارنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن ئىس كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئىمىن ۋاڭ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا تاشقىرىغا چىقىپ مەھەللىنى ئارىلىغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئالتاي تۈلكىسىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن قىزغۇچ تۇماق، ئۇستىدە ئىچىگە بۆرە تېرىسى ئېلىنىپ، تېشى كۆك رەخت بىلەن تاشلانغان كالتە جۇۋا، پۇتىغا قېلىن چەملەك، ئۇزۇن قونچلۇق قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ مامۇقتەك يۇمشاق قارنى دەسسەپ مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش، تەسكەي تەرىپى ۋە كۈنپېتىش تەرەپلىرىنى ئارىلىدى: «توۋا !» دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئىمىن ۋاڭ، «دۆ غېرىبىنى ئوراپتۇ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى» دېگەندەك، مەھەللىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى جىلغا ـ جىرالار ئىچىدە بىرمۇنچە بۆرىلەرنىڭ يېڭىدىن ماڭغان ئىزلىرى ئۇچرىدى. قارىغاندا، ئۇ بۆرىلەر بۈگۈن كېچە بۇ كۆچمەنلەر مەھەللىسىگە كەلگەن ئوخشايدۇ. «ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ» دېگەندەك، مەھەللىدىكى ئىتلار ئەجەب قاۋاپمۇ قويۇشمىدىغۇ؟ كۆچمەنلەرغۇ بىرەر ـ يېرىمدىن قالغان قوي ـ ئۆچكىلىرىنى توڭلاپ قالمىسۇن دەپ كېچىسى چېدىرلىرىغا ئەكىرىپ كېتىشكەنىدى. ئەمدى بۇ ئىتلارمۇ چېدىرغا كىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ «بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس، ئوغرىسى يوق يۇرت» دېگەندەك، بۇ يەرلەردە شۇنچە جىق بۆرە بارلىقىنى ئەجەب يادىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمىنا ...»

ئىمىن ۋاڭ شۇلارنى ئويلىغاچ، بىر تۈركۈم يىگىتلەرنى ئوۋ ـ شىكارغا ئۇيۇشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مۇنداق قىلغاندا، ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن ئوزۇق يېتىشمەسلىك ئىشىنى ئاز ـ تولا

ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئۇ يېڭىلا يېغىپ توختىغان يۇمشاق قارنى گۇس ـ گۇس دەسسىگىنىچە مەھەللىگە ياندى.

كۈن ئىككى نەيزە بويى ئۆرلىگەندى. ئىمىن ۋاڭ مەھەللىگە كىرىپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدا بىر تۈركۈم ئۇششاق بالىلار:

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
ئېغىلىڭدا كالا بارمۇ؟

دەپ توۋلاپ، مەھەللىدىكى بالىلارنى ئويۇنغا چاقىرىۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلىغان بالىلار چېدىر ـ چېدىرلاردىن بىرلەپ ـ ئىككىلەپ چىقىشماقتا. شوخراق بالىلار قارنى پومزەك قىلىپ بىر ـ بىرىگە ئېتىشىپ ئويناشماقتا. ئىمىن ۋاڭ مەھەللە ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. مەھەللە ئىچىدىكى يەنە بىر بوش يەردە بىر توپ بالىلار بىر ـ بىرىنىڭ كەينىگە قاتار بولۇپ تىزىلىپ، كەينىدىكىسى ئالدىدىكىسىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا، باشتىكى بالىنىڭ ـــ ئوڭ ۋە سولغا چاققانلىق بىلەن يۆتكىلىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان «سار» نىڭ ئالدىنى توسۇشىغا ھوشيار بولۇپ تۇرماقتا. «سار» نىڭ رولىنى ئالغۇچى بالا ئىمىن ۋاڭنىڭ ئون تۆت ياشلارغا كىرگەن تۆتىنچى ئوغلى مۇسا ئىدى. ئۇ غۇلىچىنى كېرىپ، قانات يايغان سارنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ توۋلايتتى:

قارا ـ قارا قۇشلارىم،
ئارقاڭدىكى نېمىلەرىڭ؟

قاتار تىزىلغان بالىلارنىڭ بېشىدىكىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ بەشىنچى ئوغلى ـــ ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى يۇنۇس

ئىدى. ئۇمۇ قوللىرىنى كېرىپ، ھۇجۇم قىلغۇچىدىن ئۆز چۈجىلىرىنى قوغدىماق بولغان مېكىيانىدەك قىياپەتتە تۇرۇپ جاۋاب بەرمەكتە:

ئارقامدىكى بالىلىرىم،
كۆز نۇرۇم ئوماقلىرىم.
مۇسا:
ئاللا ـ ئاللا چۈجىلەر،
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
يۇنۇس:
مەرد بولۇپ كەلسەڭچۇ،
كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!

دەپ ۋارقىرىدى. ھۇجۇمچى ھېلى ئوڭدىن، ھېلى سولدىن ھۇجۇم قىلىپ يۈرۈپ بالىلارنىڭ ئەڭ كەينىدىكىسىدىن بىر ـ ئىككىسىنى توپتىن ئايرىۋالدى. ئويۇن شۇ تەرزدە داۋاملاشتى، قاچانكى بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھۇجۇمچىنىڭ «چاڭگىلى» غا چۈشۈپ كەتسە ياكى ھۇجۇمچى ھېرىپ قېلىپ توختاپ قالسا، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلاتتى. بالىلار ئويۇننى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلار بۇرۇن، مەڭىزلىرى قىزارغان، ئاغزىلىرىدىن پۇرقىراپ ھور چىقىۋاتقان ھالدا سوغۇققا پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئويناشماقتا. ئىمىن ۋاڭ بۇ غەمسىز بالىلارنىڭ ئويۇنىغا بىردەم ماز بولۇپ① قاراپ تۇرۇپ، مېيىقىدا كۈلگىنىچە ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. مەھەللىنىڭ باشقا بىر كوچا دوقمۇشىدا يەنە بىر ئوغۇل بالا:

چۆچۈرەڭ ـ چۆچۈرەڭ قاينايدۇ،
ئاچام ماڭا بەرمەيدۇ.

---

① ماز بولماق ـــ مازۇز بولماق، تۇرپان شېۋىسىدە بۇ سۆز سۆيۈنمەك، ھەۋەس قىلماق مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۆزىمۇ بىرنى يېمەيدۇ،
قازان تۈۋىنى يالايدۇ.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
خەققە مېھمان بولغاندا،
خۇشاللىقتا ياتىدۇ.
ئۆيگە مېھمان كەلگەندە،
بېشى ئاغرىپ ياتىدۇ.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

دەپ توۋلاپ، بالىلارنى ئويۇنغا چىللىماقتا ئىدى.

«بالا دېگەن غەمسىز كېلىدۇ، ‹ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغانلار› مۇشۇلار شۇ ـ دە! بالىلىق دەۋر نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە؟» ئىمىن ۋاڭ ئۆزىچە پىچىرلاپ قويۇپ، ئۇ بالىنىڭمۇ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئۆي ئىلگىرى مۇشۇ يەردە يازلايدىغان، ئەتىيازلىقى ماللىرىدىن تۆل ئالىدىغان مالچىلارنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى.

ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىق ئىدى، چۈنكى بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئەتراپنى كۆزەتكىلى چىققان ھاشىم بۆرە بىر ئېدىرنىڭ ئىچىدىن يەر يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىپ قالغان تاشكۆمۈردىن[1] بىر خۇرجۇن ئەكېلىپ ئىمىن ۋاڭغا كۆرسەتكەنىدى. خىزمەتكار ئايال ئاشۇ تاشكۆمۈرنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان چويۈن مەشكە يېقىپ، ئۆينى ئىسسىتقانىدى.

ئىمىن ۋاڭ تۇماق، جۇۋىلىرىنى سېلىپ، ئەمدى ناشتىغا ئولتۇرۇشىغا، ئۆيگە ئاستانىنىڭ بېگى ئەيسابەگ، توختى مامۇت، سىپەر مانجۇ، ھاسان تايغان، ئابدۇرېھىم پەرەڭ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىدىن ئالتە ـ يەتتە كىشى سالامنى چوڭ قىلىپ كىرىپ

① كېيىنكى چاغلاردا بۇ يەر كان رايونىغا ئايلانغان.

كەلدى.

— كىلىڭلەر ئاقساقاللار، ماڭا قارلىق تاشلىغىلى كىرمىگەنسىلەر؟! — دېدى ئىمىن ۋاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېنى تۆرگە چىقىڭلار، بىللە ناشتا قىلايلى.

ئاقساقاللار، «خوش، خوش، قېنى ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دەپ تەكەللۇپ قىلىشىپ، بەزىلىرى مەسە ئۇستىگە كىيگەن كۆندىن تىكىلگەن كالاچلىرىنى پەگاغا سېلىپ، بەزىلىرى ئۆتۈكىنى يېشىپ گىلەم سېلىنغان سۇپا ئۇستىگە چىقىشتى.

خىزمەتكار ئايال داستىخان سېلىپ، داستىخان ئۇستىگە ئاق قوناق ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلغان قوشۇقلۇق ناندىن تۆت - بەشنى قويدى، ئاندىن ئاپقۇر قاچىلاردا سۇيۇقراق ئېتىلگەن ئاق قوناق ئۇنى ئۇماچنى ئەكىردى. بەگلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ - قارىشىپ، ئىمىن ۋاڭ بىلەن بىللە ناشتا قىلىشتى.

دۇئادىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ پۇقرالارنىڭ بۇ يېقىنقى ئەھۋالىنى سوراشتۇردى. ھەر كىم ئۆزى ھېس قىلغىنىنى ئېيتىشتى. ھەممىسىنىڭلا گېپى ئوخشاش ئىدى: ئوزۇق يېتىشمىدى، ئوتۇن يېتىشمىدى، ئاغرىق - سىزلاق كۆپەيدى دېگەندەك گەپلەر ئىدى. ۋاڭمۇ بۇ ئىشلارنى كۆڭلىدە ئېدىتلاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە باقاۋۇل سېپەر مانجۇغا:

— سەن ئەتىلا بىر تۈركۈم يىگىتلەرنى تەسكەي تەرىپىمىزدىكى تاغقا، ئېدىرلارغا، سايلىقلارغا بۆلۈپ - بۆلۈپ شىكارغا ئاتلاندۇرغىن، ئۇلار كېيىك، ئارقار، بۇغا، جەرەن، توشقان، ئۇلار دېگەندەك يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئېتىپ كەلسۇن. خاقانى چىندىن ۋە قۇمۇل ۋاڭى ئىمىن ۋاڭدىن ياردەم ئاشلىق كەلگۈچە قورساقنى ئاز - تولا گوللاپ تۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە بۆرە كۆپ ئىكەن، ئۇنىمۇ ئاتسۇن، تېرىسىنى يېپىنچا قىلىشقا بولىدۇ، — دېدى ئىمىن ۋاڭ، ئاندىن توختى ماۇتقا ئىش تاپشۇردى، — سىزمۇ بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ بېرىڭ، ھاشىم بۆرە بايقىغان تاشكۆمۈردىن قېزىپ، ئات -

ئۇلاغلارغا ئارتىپ كېلىڭلار، بۇنىڭ بىلەن سوغۇقتىن پاناھلانغىلى بولىدۇ.

— يەنە قانداق گەپ - سۆزلەر بار، ئېيتىڭلار! — دېدى ئىمىن ۋاڭ كۆپچىلىككە قاراپ.

ئاقساقاللار بىر - بىرىگە قاراشتى. ئاخىر ئەيسابەگ ئېغىز ئاچتى:

— تۇيۇق بىلەن ياڭخىنىڭ ئادەملىرى ئەسلىدە مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى تۇزلەڭدىلا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ياڭخىنىڭ ئىمامى سەپەر ئۇستىدە قازا قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ نامازخانلىرىنى تۇيۇقنىڭ ئىمامىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلغانىدۇق. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ياڭخىنىڭ نامازخانلىرى «بىز ئايرىم ئىمام سايلاپ، ئۆز ئىچىمىزدىن سايلانغان ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيمىز» دەپ غوۋغا قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن يۇرتنىڭ جامائەتلىرى ئىچىدە نىزا پەيدا بولۇپ قالدى. بىز جانابىي ۋاڭنىڭ ئالدىغا مۇشۇ ئىشنى مەلۇم قىلغىلى كىرىۋىدۇق...

— بۇ قانداق گەپ ئۆزى - ھە!؟ — دەپ چىچىلدى ئىمىن ۋاڭ گەپنىڭ ئاخىرى چىققۇچە، — «ئېشەك ئۆلسە كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، پۇقرا ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئۆلەي دەۋاتسا، بۇنىڭغا تەڭ چارە قىلماقتا يوق، ئايرىم ئىمام سايلاشنىڭ كويىدا قاپتۇمۇ بۇ ئادەملەر؟ بۇ قانداق مۇسۇلمانچىلىق ئەمدى - ھە!؟

ئىمىن ۋاڭ بىردەم قايناپ پەسكويغا چۈشتى. كۆپچىلىك ۋاڭنىڭ غەزىپى تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ شۈكلەندى. ئىمىن ۋاڭ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— بېشىمىزغا ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىۋاتقان، قاقاس چۆللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمىزدا بولسىمۇ مەزھەپچىلىك، ئايرىمچىلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. بىزنىڭ بۈيۈك مەنچىڭ خانلىقىغا بەيئەت قىلىشىمىزدىكى

سەۋەبمۇ چوڭ بىرلىكنى كۆزدە تۇتقانلىق ئەمەسمىدى؟ ھالبۇكى بىزنىڭ ئىچىمىزدە يەنە تەپرىقچىلىك كۆرۈلۈشكە باشلىسا، بىز ئۇيغۇر خەق قاچانغىچە يالجىماي ئۆتىمىز؟ ئىبزىز خوجا بىر بۆلەك قىرىنداشلىرىمىزنى كۇنىپىتىش ياقتا بۆلۈپ ئەكەتتى. ئەمدى بىزنىڭ مۇشۇ بىرەر تۇمەن ئۇيغۇر ئىچىدىمۇ، كىچىككىنە ئىككى يۇرتنىڭ بىرەر يۇزچە نامازخانلىرى بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشمىسا، بۇ زادى قانداق بولغىنى - ھە ؟! — دەپ يەنە قايناپ كەتتى.

كۆپچىلىك يەنە جىم ئولتۇرۇشتى. ئىمىن ۋاڭ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— سىلەر ئەمدى قايتىپ، ھەر بىر يۇرتنىڭ ئىماملىرىنى يىغىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىڭلار، يېڭىدىن ئىمام سايلاپ چىقىمىز. مانا مۇشۇ بىز تۇرۇۋاتقان يەردىكى چوڭ قورۇنى سېرىپ - سۇپۇرۇپ، پۇچۇق تاملىرىنى ياماشتۇرۇپ مەسچىت قىلىمىز. تاكى مۇشۇ يەردىن كۆچكۈچە جىمىكى ئەرلەر مۇشۇ بىر يەرگە جەم بولۇپ ھەر كۈندىكى بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىمىز. قېنى شۇ چاغدا قايسىبىرى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ئىمامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇيمىز دەيدىكىن! — ئىمىن ۋاڭنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزىدىن چۆچۈگەن ئاقساقاللار جىم - جىملا تارقاشتى. چۈنكى، چوڭ كۆچۈشنىڭ ھارپىسىدا بويۇنتاۋلۇق قىلغان ئۇچ بەگنىڭ دارغا ئېسىلغىنى ئۇلارنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا ئون نەچچە ئىمام ئىمىن ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر قىلىندى. چوڭ كۆچۈشنىڭ ئالدىدىكى ۋەقە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ قات - قېتىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇگۈنمۇ شۇنداقراق بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالارمىكىن دېيىشكەن ئادەملەر بىردەمدىلا ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇرالغۇسى ئەتراپىغا يىغىلىشتى. ئىمىن ۋاڭمۇ ئىشنى ئوچۇق - يورۇق ھەم ئادىل قىلىش ئۈچۈن، مۇلازىملارغا ئۆينىڭ ئالدىدىكى بوشلۇققا

ئىككى پارچە گىلەمنى سالدۇرۇپ، ئىماملارنى گىلەم ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. بىر ـ بىرىدىن يوغان سەللە ئورىغان ئون نەچچە ئىمام نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشالماي، قوللىرىدىكى ئۇزۇن تەسۋىسىنى سىيرىگەچ، ئىچىدە «ئايەتەلكۇرسى» ئايىتىنى ئوقۇشۇپ، بىردە خالايىققا، بىردە ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بەگلەرگە يەر ئاستىدىن قاراپ، گىلەم ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ۋاڭنىڭ ئەتراپىدا ياكى يىغىلغان كىشىلەرنىڭ چەت ـ چۆرىسىدە بىرەرمۇ چېرىك ياكى پاششاپ كۆرۈنمەيتتى. سەزگۈررەك ئىماملار ئاستىرتىن شۇ جەھەتلەرگىمۇ دىققەت قىلىشتى. كۆپىنچە ئىماملار قانداق ئىش يۈز بېرىدىغىنىنى پەملىشەلمەي، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە ئولتۇرۇشماقتا.

ئىمىن ۋاڭ خالايىققا قاراپ سۆزلىدى:

ــــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۆمىن بەندىلەر، بىزلەر تاغدا ياكى باغدا بولساقمۇ، چۆلدە ياكى يولدا بولساقمۇ، بىزنى ياراتقان خۇداۋەندە كەرىمنى دىلىمىزغا جا قىلغان مۇسۇلمانلارمىز. شۇ ۋەجىدىن، بىز خۇدانىڭ بەندىچىلىكىنى قىلىپ، ھەر كۈنى بەش نامازنى تەرك قىلماي كېلىۋاتىمىز. نىھايەت، شارائىتىمىز ناچار بولغاچقا، ھەر بىر يۇرتنىڭ نامازخانىلىرى ئۆزى لايىق كۆرگەن جايدا نامازنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداقتا بىز ئۆز ئارا ئەھۋال سورىشىپ تۇرۇشىمىزغا، ئەھۋال ئۇقۇپ تۇرۇشىمىزغا ئەپسىز بولىدىكەن. بىز ھەر بىر يۇرتنىڭ بەگ ـ ئاقساقاللىرى بىلەن كېڭىشىپ، مۇشۇ يەردىكى چوڭ قورۇنى تازىلاپ، سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، تامنىڭ يوچۇق ـ پۇچۇقلىرىنى ئېتىپ تۈزەشتۈرۈپ، مەسچىت قىلماقچى بولدۇق. شۇنداق بولغاندا ھەممىمىز ھەر كۈندە بىر ـ بىرىمىز بىلەن بەش قېتىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولىمىز. بىر مەسچىتتە بىرلا ئىمام بولىدۇ، ھازىر مۇشۇ ئولتۇرغان ئىماملارنىڭ ئىچىدىن بىر نەپەر

ئىمامنى تاللايمىز. مەنزىلىمىزگە يېتىپ بارغۇچە بارچە نامازخان ئەرلەر شۇ بىر ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيمىز. مەنمۇ شۇ جۈملىدىن. ئىماملار بىر شەرتنى ئادا قىلىدۇ، يەنى ھەر بىرى بىر قاچىدىن داۋۇرنى يەيدۇ. بۇ شەرتنىڭ مەخپىي بىر يېرى بار. شۇنى بەجا كەلتۈرگۈچى ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ!

— قورۇنىمۇ مەسچىت قىلغىلى بولامدۇ؟

— ئاڭلىمىغانمىدىڭ، تۇرپانلىقنىڭ بىر ناخشىسىدىكى:

تاش بىلەن مەسچىت قوپاردۇق،

سايىسىدۇر جايناماز.

دېگەن سۆزلەرنى، ئىسلام دىنى دېگەن ھەر ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇشقا ئىمكان بېرىدىغان دىنغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ...

— كىم ئىمام بولۇر ئەمدى؟

— ئىمىن ۋاڭ تۇغقانلىرىدىن بىرسىنى تاللايدۇ تايىنلىق.

...

گىلەمدە ئولتۇرغان ئىماملارنىڭ ئالدىغا بىر قاچىدىن قاتتىق داۋۇر قويۇلدى. «بۇ قانداق شەرتتۇر ئەمدى؟» دەپ تېڭىرقاشقان كىشىلەر يۇقىرىقىدەك ھەر خىل گەپلەرنى دېيىشكەچ، ئىماملارنىڭ داۋۇر يېيىشىگە قارىشىپ تۇرۇشماقتا.

ئىماملارنىڭ ئىچىدە ياشلىرىمۇ، قېرىلىرىمۇ، چىشى ساقلىرىمۇ، چىشى شالاڭلاپ قالغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى داۋۇرنىڭ شۆپۈكىنى ئادالاپ يۇتسا، بەزىلىرى شۆپۈكى بىلەنلا چايناشقا باشلىدى. بەزىسى «چايناپ ئولتۇرسام ئارقىدا قالۇرمەنمۇ» دېگەن ئەندىشىدە ئادالىغان داۋۇرنى پۈتۈن - پۈتۈنلا يۇتماقتا ئىدى. ئۇنداقلار بەلكىم «ئىماملىقنى قولغا كەلتۈرسەملا بولدى. داۋۇر ئىچىمنى قاتۇرۇپ قويغۇدەك بولسا، سۈرگە ئىچىۋېتەرمەن يامىنى كەلسە» دەپ ئويلىغاندۇ. ئىشقىلىپ، ئىماملارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىغا قويۇلغان قاچىدىكى

دادۇرنى ئىلگىرى ـ كېيىن يەپ تۈگىتىشتى. ھوشۇرقارى باشقىلاردىن خېلى كېيىن يەپ تۈگەتتى. ئۇ دادۇرنى پاكىز ئاقلاپ، شالاڭلاپ قالغان چىشلىرى بىلەن يۇمشىتىپ، ئالدىرىماي يۇمشاق چاينىپ يۇتقاچقا، ھەممىنىڭ ئارقىدا قالغانىدى. ئىماملاردىن دادۇرنى بالدۇر يەپ بولغانلىرى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ھوشۇرقارىيغا مەنىستىمىگەن نەزەردە قارىشىپ قويۇشتى. «بۇ ئادەمنىڭ ئىماملىقتىن تەمەسى يوق ئوخشايدۇ، بولمىسا دادۇرنى ئۇنچىۋالا گىجىڭلىق بىلەن يېمىگەن بولاتتى.» ھەركىم كۆڭلىدە ھەر خىل تەخمىنلەرنى قىلىپ تۇرغاندا، ئىمىن ۋاڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— ھوشۇرقارى ئىماملىققا تەيىنلەنسۇن! — دەپ جاكارلىدى.

ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە، بۇ ۋىجىك، كۆرۈمسىز، ئۆشكە ساقال، يۈزى قوشۇقتەك ئادەمگە قاراشتى.

خالايىقنىڭ ئىچىدىن تۇرگۇنرەك بىرسى بوينىنى سوزۇپ ۋارقىرىدى:

— دادۇرنى ئەڭ ئاخىرىدا يەپ تۈگەتكەن بۇ ئادەم نېمە سەۋەبتىن ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ؟

— ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— توغرا، نېمە ئۈچۈن دادۇرنى بالدۇر يەپ بولغانلار تاللانمايدۇ؟

...

خالايىق ئىچىدىن ھەر تۈرلۈك سوئاللار چىقىشتى. ئىمىن ۋاڭ يەنە سۆزلىدى:

— ئاڭلاڭلار، مۆمىن بەندىلەر! دادۇر يېيىش بىر زاھىرەن[1] كۆرۈنۈش، باتىنەندە[2] بولسا بىر ھەقىقەت بار. ئۇ ھەقىقەت

[1] زاھىرەن — كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان.
[2] باتىنەن — يوشۇرۇن.

شۆكى، ئىمام بولغۇچى ھەر ئىشنى ئەستايىدىل قىلىشى، يۈرت ئىچىدىكى ھەق ـ ناھەققە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. ھوشۇرقارىي بىز كۆتكەن ئاشۇ مەخپىي شەرتكە ئۇيغۇن ئىش قىلدى. ئۇ ھەر بىر دادۇرنى پاكىز ئاقلاپ، ئالدىرىماي چايناپ يۇتتى. باشقىلار بولسا ھاپىلا ـ شاپىلا، چالا ـ بۇلا چايناپلا، ھەتتا بەزىلەر چاينىماي پۈتۈن يۇتتى. ئۇنداق ئادەملەر ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھوشۇرقارىينى ئىماملىققا تاللىدۇق!

ــ بوغۇ توغرا بوپتۇ. ھوشۇرقارىي بەكمۇ مۇڭلۇق قىرائەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

ــ بۇ قارىم تەمەدىن خالىي بىر ئادەم. خەتمىقۇرئاننى خالىس ئوقۇيدۇ. بۇ تەرىپىنى ئويلىغاندىغۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلغىنىمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولغىنى.

ــ بىر گىجىڭ ئادەمنى ئىماملىققا تەيىنلىگىنى نېمىسى؟

...

ھەر كىم ھەر نېمە دېيىشتى، بەزىلەر ئىمىن ۋاڭنىڭ تەدبىرىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. بەزىلەر يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە چېدىرلىرىغا تارقاشتى.

ــ خالايىقنىڭ بېشىنى قوشۇشقا ئىمىن ۋاڭ ھەقىقەتەن تەدبىرلىك ئىكەن جۇمۇ!؟

ــ چوڭ كۆچۈش ھارپىسىدىكى ھېلىقى بەگلەرنى قەتل قىلمىغان بولسا، بۇ قويغا ئوخشاش دېھقانىنى بىر مەقسەتكە كۆندۈرمەك ھەقىقەتەن تەسكە چۈشەتتى، بۇرادەرلەر!

ــ ئىمىن ۋاڭ راستىلا ھەم قاتتىق، ھەم يۇمشاق ۋاستىنى قوللىنىشقا ماھىر ئىكەن. ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلغىنىنى قاراڭلار!

بەگلەر، ئاقساقاللارمۇ ئەنە شۇنداق مۇلاھىزىلەر بىلەن تۇرالغۇلىرىغا قايتىشتى.

* * *

گەنسۇ تامان كەتكەن شاپىبەگ بىلەن مەسئۇدتىن ھازىرغىچىلىك خەۋەر يوق. قومۇل ۋاڭى ئىمىن ۋاڭغا ھال ئېيتىپ بارغان خالىق بىلەن ئالىم خوجىمۇ قۇرۇق قول قايتىپتۇ. قومۇل ۋاڭى: «سىلەر بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، سىلەر ئاچ قالساڭلار بىز قاراپ تۇرالمايمىز. بىراق، بۇلتۇر جۇڭغارلار ناھايىتى نۇرغۇن چېرىك بىلەن كېلىپ يۇرتنى بۇلاپ، نۇرغۇن ئاشلىقىمىزنى ئېلىپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن بىزمۇ خاقانى چىنغا ئاشلىق ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتۇق. پات ئارىدا بىرەر ئۇچۇر ـ سىرتىقى كېلىپ قالار، قاراپ تۇرماسىمىز!» دەپ، بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ ھەر ھالدا بۇغداي سۆزى قىپتۇ. ئۇۋ ـ شىكارغا چىقىپ كەتكەن يىگىتلەردىن تېخى خەۋەر يوق... ئىمىن ۋاڭ ئىچى سىقىلىپ، ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى ـ دە، سىرتقا چىقتى. سەگەك ياتقان چىنىخان ياندىكى ئۆيدىكى كاھ① نى ئويغىتىپ، ۋاڭغا تۇيدۇرماي ئارقىسىدىن قوغداپ مېڭىشىنى تاپىلىدى. ئىككى نەپەر كاھ ۋاڭغا ئەگەشتى.

ھاۋا ئانچە ئوچۇق ئەمەس، يۇلتۇزلارمۇ خىرە كۆرۈنەتتى. ئاسماندىن خۇددى تۈگمەننىڭ توزغىقىدەك بەكمۇ ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى سىمىلداپ چۈشمەكتە، ئىتلارمۇ سوغۇقتا تۈگۈلۈۋالغان بولسا كېرەك، بىرەرسىمۇ قاۋىمايدۇ. بەزى چېدىرلارنىڭ يوچۇقىدىن شامنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىمىن ۋاڭ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاشۇ چېدىرنىڭ تۈۋىگە كەلدى. چېدىر ئىچىدىن بالىنى ئەللەي ئەتكەن مۇڭلۇق سادا ئاڭلاندى. ئەمدى ئانىنىڭ بۆشۈكنى تەۋرەتكەچ ئېيتقان ئەللىيى ئېنىق ئاڭلاندى:

---

① كاھ ـــ ۋاڭنىڭ قوغدىغۇچىسى.

باغدىكى چىناردىن كېسىپ،
بۆشۈكىنى راسلىغان،
قارا قوينى ئۆلتۈرۈپ،
شۈمىكىنى راسلىغان،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئاق يۇزلۇك قوزىچىقىم،
ئالما يۈزلۈك تاتلىقىم،
خۇش خۇيۇڭنى كۆرگەندە،
كېلەر مېنىڭ شادلىقىم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

تۇغۇلۇك بېشىغا ئاي كەلدى،
ئاتىڭىز بالام هازىر كەلدى،
چامغۇر سېلىپ ئاش ئېتەي،
ئەمدى ئۆيگە نان كەلدى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

بالىنىڭ ئارىلاپ ــ ئارىلاپ غىڭشىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قارىغاندا، ئانىنىڭ ئەمچىكىدە بالىنى تويدۇرغۇدەك سۈت بولمىسا كېرەك. بىچارە ئانا پەقەت ئەللەيلەپ بالىسىنى ئۇخلىتىشقا تىرىشۋاتقاندەك ئىدى. ئانىنىڭ رىتىملىق ئەللىيى يەنە ئاڭلاندى:

بالام ئارسلان بىلەكلىك،
باتۇر، قاپلان يۈرەكلىك،
ياخشى ــ يامان كۈنلەردە،
ماڭا بەكمۇ كېرەكلىك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئەللەي، ئەللەي بالىسى،
باغدا ئانار دانىسى،
بىر كېچىدە مىڭ قوپۇر،
ئاق سۈت بېرەر ئانىسى،
ئەللەي بالام، ئەللەي !

ئانا ھارغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچكەندەك قىلىۋىدى، شۇ ھامان ئۇيقۇسى قېرىشقان بالا يەنە قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئانىنىڭ بالىسىنىڭ ئاغزىغا سالغۇدەك بىر چىشلەم نېنى بولمىسا كېرەك، ئۇ يەنە ئەللەي قوشىقىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئال قامۇرا، ئال قامۇر،
ئالما يېسە چىش قامۇر،
ئالما يېگەن بالامنىڭ
قاچىرىدىن قان تامۇر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا،
چېدىر تىككەن بوۋىسى،
ئاق شۇڭقارنىڭ پېيىنى،
پىلىك سوزغان مومىسى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

مېنىڭ بالام قايدىدەك،
بالىلار بىلەن باغدىدەك،
باغدا نېمە قىلغۇدەك،
بادام تېرىپ يۇرگۇدەك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
تۇۋىگە توك ـ توك چۈشۈپتۇ،
مېنىڭ بالام شۇ باغدا،
بادام تېرىپ يۈرۈپتۇ،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئالا شۇر، ئالا شۇر،
ئالماچ چامچا[1] ياراشۇر،
ئالماچ چامچا ياراشسا،
بەگ قىزلىرى تالاشۇر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ۋاي جېنىم، ئاپپاق بالام،
قانداق قىلاي پاناھىم.
ئاجىز بەندىلەر ھالىغا،
قاچان يېتەر خۇدايىم؟
...

ئىمىن ۋاڭ يەنە بىردەم ئاڭلىغان بولسا بەلكىم ئۆزىمۇ ئاشۇ چېدىر تۈۋىدە ئۇخلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مومىسىمۇ ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا، ھەتتا ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا شۇ ئەللەي قوشىقىنى ئېيتىپ ئۇخلىتاتتى. بىراق، چېدىر ئىچىدە ئەللەي قوشىقى ئېيتقان ئانىنىڭ:

ئاجىز بەندىلەر ھالىغا،
قاچان يېتەر خۇدايىم.

[1] شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا ئوغۇل ، ئەر ـ يىگىتلەر كىيىدىغان كۆڭلەكنى «چامچا» دەيدۇ.

دېگەن قوشنقى ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرلەتتى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش چىقىپ، مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈپ، قويۇق ساقىلى ئۈستىدە توختىدى. «مەن خەلقىمنى نېمە ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم ـ ھە؟ بۇ نارەسىدە باللار ئانىسىنىڭ سۈتىگە، گۆش ـ مايغا تويۇنۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ پۇقرالىرىم ماڭا گەپ ـ سۆز قىلىشتىن ئەيمىنىشتى، چۈنكى مەن ئۇلارنى قىلىچقا تايىنىپ ھەيۋە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق ماكانلىرىدىن ئايرىدىم. بۇ پېچارىلەر گەپ قىلاي دېسە ئامال يوق. نالىسىنى خۇداغا ئوقۇشقا مەجبۇر... »

ئىمىن ۋاڭ چېدىر تۈۋىدە خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىر چېدىردا خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىۋاتقىنى ئاڭلاندى. ئىمىن ۋاڭ بىر ـ بىر بېسىپ چېدىرغا يېقىنلاشتى. چېدىر ئىچىدىن بىر ئوغۇل بالىنىڭ:

—— ئەسئەت ئاكا، ھېلىقى كەيپىنىڭ خۇرۇچلىرى بولغان ھاراق، ناس ۋە تاماكا توغرىسىدىكى قوشىقىڭنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرسەڭچۇ، يادلىۋالايچۇ شۇ قوشاقلارنى، بەكمۇ قىزىق ئىكەن ! —— دېگىنى ئاڭلاندى.

—— نەچچە رەت ئېيتىپ بەرسەممۇ يادىڭدا تۇتالمىدىڭمۇ ھوي شۇمتەك ؟ —— بۇ ئەسئەت قۇلاقنىڭ ئاۋازى ئىدى.

—— بۇ قېتىمقىسىدا چوقۇم يادلىۋالىمەن. مەنمۇ ئۇنى باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى كەيپتىن سەسكەندۇرۇپ ساۋاب تاپمايمەنمۇ؟

—— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. ئەمىسە، قۇلاق سالغىن ـ ھە ! —— ئەسئەت قۇلاق قوشىقىنى ئېيتتى:

ھاراق پادىشاھدۇر،<br>
مۇسەللەس ۋەزىر.

ناس پاسكىنادۇر،
نەشە بىنەزىر (بىنەزەر).
ناس چەككەن كىشىنى
ئۆرۈپ چاقسا چىشىنى،
زىلچا ـ گىلەمگە تۆكۈرۈپ،
رەسۋا قىلۇر كىشىنى.
ئۈگەنمەڭلار ئۇنىڭكى
نىجىس قىلىق ئىشىنى.
تاماكا چەككەن كىشىنى،
خۇدا ئوڭلار ئىشىنى!

ـــ هوي ئەسئەت ئاكا، ئۇنداقتا ناس بىلەن تاماكىنى چەكمەي، هاراق بىلەن مۇسەللەسنى ئىچسە بولغۇدەك ـ هە؟ ـــ دېدى هېلىقى ئوغۇل بالا.
ـــ ۋاي، شۇمتەك هەي، دائىم گەپنىڭ ئاشۇنداق يېرىگە دىققەت قىلىدىكەنسەن. باش تەرىپىنى يادلىماي، ئاخىرىنى يادلىمامسەن!
ـــ بولىدۇ، ئەسئەت ئاكا، شۇنداق قىلاي، سەن بىلەن چېقىشىپ قويدۇم شۇ!
چېدىر ئىچىدە كۈلكە ـ چاقچاق خېلى قىزىۋاتاتتى. قارىغاندا، بۇ ئاستانىلىق بۇرادەرلەرنىڭ چېدىرى ئوخشايدۇ. ئىمىن ۋاڭ يۇرتلۇقلىرىنى يەنە قانداق قىزىقچىلىقلارنى قىلىدىكىن، دەپ چېدىر تۈۋىدە قۇلاق شىڭتايتىپ تۇرۇۋەردى. بۇ قاتتىقچىلىق كۈنلەردە ئىمىن ۋاڭ مۇنداق كۈلكە ـ چاقچاقلارنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئۇدۇل كەلمىگەنىدى. چۈنكى، كۈندە بەش ۋاخ ناماز، ئۇ بىرسىنىڭ داد ـ پەريادى، بۇ بىرسىنىڭ يىغا ـ زارى، بۇلاردىن قالسا غەم ـ غۇسسە...
ـــ ئەمدى ئەسئەت ئاكا، سىزنىڭ نامىڭىزنى «ئەسئەت قۇلاق» دەپ بىكار ئېيتمىغان يۇرت خەلقى، سىزنىڭ قۇلىقىڭىز ئۇزۇن،

كۆرگىنىڭدىن ئاڭلىغىنىڭ كۆپ، يەنە بىرەر قىزىق چۆچەكلىرىڭ بولسا ئېيتىپ بەرگىنە، — بۇ يەنە ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — قىشنىڭ بۇ ئۇزۇن تۈنلىرىنى سەن قىسقارتمىساڭ باشقا ئامال يوق!

— خەپ شۇمتەك، شۇ باھانىدە مېنىڭ لەقىمىمنى تىلغا ئېلىۋالدىڭ - دە، خەپ! — ئەسئەت قۇلاق ئۇ بالىنى نوقۇشلاپ قويدى.

— ئېيتىپ بەرگىنە، ئەسئەت ئاكا، قۇلاقلىرىمىز قىچىشىپ قالدىغۇ؟! — ياندىن يەنە بىرەيلەن قوپتى.

— ماقۇل چاپلاشقاقلار، ئېيتىپ بەرمەيمۇ سىلەردىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئەسئەت قۇلاق.

قارىغاندا، بۇ چېدىرغا ياش باللار كۆپرەك يىغىلغان ئوخشايدۇ. ئەسئەت قۇلاق «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى»نى ئېيتىشقا باشلىدى:

بىر كۈنى كېچەش چاقىرىپتۇ ھەزرىتى سۇلايمانى،
يىغىلىپ جەم بوپتۇ جەمئىي ھايۋانى.
جەمئىي ھايۋانغا ئورۇن قىپتۇ تايىن،
ئات قوپۇپ ئاپتۇ تۆرىدىن جايىن.
بۇنىڭغا تۆگىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ دەپتۇ:
ئەي ئات، كۈنى تاق، مېنىڭ شانۇشەۋكىتىمگە باق،
ئېگىز تۇرسام مەن سېنىڭدىن پەستە قالمايمەن، ياق، ياق!
تۆرىگە چىقىۋېلىپ قىلمىغىن ماڭا چاقچاق،
تېزدىن ئورۇن بوشات ماڭا، ئەقىلسىز، ئاخماق.
ئات ئېيتىپتۇ:
ئىي، تۆگە دېگەن كوسا ماڭلاي،
پەستە تۇرۇپ سۆزلىگىن، گېپىڭ بولسا مەن ئاڭلاي.
سەن ئېگىز تۇرغىنىڭ بىلەن ئەقلى - ھوشۇڭ يوق.
مۇڭگۈزىنى بۇغىغا بېرىپ قۇرۇق قالغان سوكال قۇيرۇق.

تۆگە ئېيتىپتۇ:
ئىي، ئات دېگەن ئۇزۇن ماڭلاي،
ئەجەب تولا سۆزلەپ كەتتىڭ، يەنە سۆزلە، مەن ئاڭلاي،
ئۇچاڭدا ئېگەر تۇرادۇر، ئېگەرچىمىدىڭ سەن؟
قۇيرۇقۇڭ قارا تۇرادۇر، كۆمۈرچىمىدىڭ سەن؟
كالتە قۇلاق، چويۇن تۇۋاق هارامزادە،
مېنىڭدىن پاكار تۇرۇپ تۆرگە چىقىۋېلىپ ئەجەب گېپىڭ چوڭغۇ؟
ئات ئېيتىپتۇ:
ئەي تۆگە دېگەن ئېگىز ئەخمەق، بۇرنى يېرىق سوكال قۇيرۇق،
پۇتىڭغا كىيىۋاپسەن يوغان چورۇق.
سېنى ئىگەڭ چۆللەردە يانتاق ـ قامغاق بىلەن باقۇر،
يايلاقتا كۆچكەن چاغلاردا
ئۇستۇڭگە لاقا ـ لۇقا، چېدىرلار ئارتۇر.
بۇنى ئاز دەپ بۇرنۇڭغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ،
سوكال قۇيرۇق ئېشەكىنىڭ ئارقىغا چاتۇر.
ۋارقىرايسەن، جارقىرايسەن چورۇق بېغىدا،
ۋارقىرايسەن، جارقىرايسەن ئۇرار چېغىدا.
سېنى كارۋانلار دائىم ئوتۇنغا سالۇر،
ماڭمىساڭ تاسما قامچا بىلەن يوتاڭغا سالۇر.
ئۇسسۇزلۇقىڭدىن قاتىدۇ سېنىڭ مايىقىڭ،
هەر كۈنلۈكى باردۇر يەيدىغان ئون ـ يىگىرمە تايىقىڭ.
ئۆزۈڭنىڭ جاھىللىقىڭدىن سىيىسەن ئارقاڭغا،
بۇ رەسۋاچىلىق قالىدۇ ئەبەد بالىچاقاڭغا.
شۇڭا مەندەك تۆرلەردە تۇرالمايسەن.
كالانپايلىقىڭدىن پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەيسەن.
تۆگە ئېيتىپتۇ:
ئىي، ئات دېگەن ئۇزۇن ماڭلاي،
يەنە سۆزلە، گېپىڭ بولسا مەن ئاڭلاي.
ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئاغزىڭنى يىرتىپ يۈگەن سالۇر،

بىر كۈنى ئاچ قالساڭ ئەگەر، نوخلاڭ ئۆرلەپ قالۇر.
چىدالماستىن ئۇسسۇزلۇقتا سازلىقلاردىن كېتەلمەيسەن،
ھېچقاچاندا چۆلدە مەندەك مەنزىلگە يېتەلمەيسەن.
قاترايسەن، يورغىلايسەن تەگكەچكە قامچا،
غانجۇغا ـ بوغچىدا ئېسىقلىقتۇر سېنى باغلار ئارغامچا.
مېنىڭ بىلەن گەپ تالاشما، دېگەنلىرىم يېتەر،
تەييار تۇرار ئاغزىڭغا يوگەن، پۇتىڭغا چۆدەر.

— ئادەملەرغۇ تۆر تالاشسۇن، ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ تۆر تالىشىدىغان ئىش بار ئىكەن ـ دە، ئەسئەت ئاكا ؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.

— جانلىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ئوخشاش كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئەسئەت ئارتۇق سۆزلىگۈسى كەلمەي. قارىغاندا، ئۇ بۇ ئۇزۇن «ئېيتىشىش» نى سۆزلەپ بولغۇچە چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ھايۋانلاردىمۇ لەقەم بولامدۇ نېمە، ئەسئەت ئاكا؟ — بۇ ھېلىقى ئەسئەتنىڭ لەقىمىنى ئەيمەنمەي تىلغا ئالغان ئوغۇل بالا ئىدى.

— قانداق دەيسەن؟ — ئەسئەت قۇلاق تۇزلا ئويلاپ قايتۇرۇپ سوئال قويدى.

— ئابايىقى ئېيتقىنىڭىزدا تۆگە ئاتنى «كالتە قۇلاق، چويۇن تۇۋاق ھارامزادە» دەپ ئېيتتى، دېدىڭىز، شۇ ئاتنىڭمۇ لەقىمى «قۇلاق» بولسا، سىز بىلەن بىر جەمەتمىكىن دەيمىنا؟!

— ۋۇي شۇمتەك، سەن دائىم گەپنىڭ ئاشۇنداق يېرىنىلا تۇتۇۋالىسەن، خەپ ! «تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا چىقىراي» دېگەن سەن ئىكەنسەن ـ دە! ئاڭلايدىغاننى ئاڭلاپ بولۇپ، «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قوراي» قىلىۋاتىسىنا، سەن شۇمتەك ! خەپ توختا ! ئاغزىڭغا ئىككى شاپىلاق ئۇرمىسام ! — ئەسئەت قۇلاق ئورنىدىن قوپۇپ ھېلىقى ئوغۇل بالىنى تۇتماقچى بولدى، بىراق ئۇزاق

چازا قوروپ ئولتۇرغاچقا، دەماللىققا قەدەم باسالمىدى.

— «ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق، قىرىنىڭ ئاچچىقى بار، ماغدۇرى يوق» دېگەن مۇشۇ! قىرىغىنىڭىزغا تەن بېرەرسىز ئەمەدى، ئەسئەت ئاكا؟! — ھېلىقى ئوغۇل چېدىرنىڭ تۆرىگە بېرىۋېلىپ ئەسئەت قۇلاق بىلەن يەنە چېقىشتى.

— خەپ توختاپ تۇر، شۇمتەك، مەن ئەمدى ئەللىككە كىرسەم مېنى قېرى دەپ مازاقلايسىنا!؟ — ئەسئەت قۇلاق ئورنىدا ئولتۇرۇپلا ھېلىقى ئوغۇل بالىغا پوپوزا قىلىپ قويدى. چېدىر ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى...

ئىمىن ۋاڭ مىيىقىدا كۈلگىنىچە چېدىر يېنىدىن ئايرىلدى. «خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا ئارىمىزدا ئاز - تولا كۈلكە - چاقچاقمۇ بار ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئىمىن ۋاڭ چېدىرلارنى ئارىلاپ، يېرىم كېچە بولاي دېگەندە تۇرالغۇسىغا ياندى. ئىككى كاھمۇ خۇددى ئەرۋاھتەك، ئۆزلىرىنى كۆرسەتمىگەن ھالدا ۋاڭنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ قايتىپ كەلدى.

ئىمىن ۋاڭ كۆچمەنلەر ئارىسىدا يولۇقتۇرغان «ئاچچىق - چۇچۇك» لەرنى ئويلاپ، چىگىچلەشكەن خىيالى بىلەن تاڭغا يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا «ئۆمۈر ئويغاق» ياتقىنىدا قۇلىقىغا ئاخشامقىدەك مۇڭلۇق قوشاق ئاڭلاندى:

توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
غاپىل ئۇيقۇدا ياتتى.
ئويغىتىڭلار غاپىلنى،
شۇ ئۇيقۇدىن نە تاپتى؟

ئۇخلىماقتا يېنىڭدا،
خۇدا بەرگەن باللار.
مۆرىمەكتە ئېغىلدا،
ئاچ قالدۇق، دەپ كاللار.

هەي باللىرىم ـ باللىرىم،
ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار!
ئالەم يورۇپ تاڭ ئاتتى،
كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار!

ئىمىن ۋاڭ «بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟ ياكى مەن تېخىچىلا چېدىر يېنىدىمۇ؟» دېگەن تېڭىرقاش بىلەن كۆزىنى ئاچتى. چىنىخان ھەر كۈنى سەھەردە باللىرىنى ئويغىتىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، باللىرىنى شېرىن ئۇيقۇدىن قوشاق ئېيتىپ ئويغىتىۋاتاتتى.

چىنىخان ئىمىن ۋاڭدىن ئۇرانزىپ، يۇنۇس، سەيپۇللا، فەردۇن ۋە بەھرام دېگەن بەش ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقانىدى. ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇنجى ئايالى بولسا نۇرئەھمەد (پالەچ بولۇپ قالغان)، سۇلايمان، مۇسا دېگەن باللارنى تۇغۇپلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. يەتتە بالا قاتار ياتاتتى. ئىمىن ۋاڭ خىجىل بولغا قىياپەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

ــ ھەي ئىسىت، بۈگۈن بامدات نامىزىنى قازا قىپتىمەن ـ دە، مۇسۇلمانغا كۈن قىزىرىپ چىققۇچە يېتىش ھارام ئەمەسمۇ! ــ دېدى ـ دە، يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا، جۇۋىسىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

*　　　*　　　*

ھوشۇرقارى جامائەتكە ئىمام بولغاندىن كېيىن بىرقانچە كۈنگىچە گەپ ـ سۆز بېسىقمىدى. «توي بولسا ئۈچ كۈن سۆز، ئۆلۈككە ئۈچ كۈن سۆز» دېگەن گەپ توغرا ئېيتىلغانىكەن، جامائەت ئىچىدە غۇدۇر ـ غۇدۇر كۆپىيىپ قالدى. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئاتىسى نىياز ئاخۇن سەپەر ئۈستىدە تۇيۇقسىز ۋاپات بولغاندىن

كېيىن، ئىمىن ۋاڭ ئالىم خوجىنى قازىلىقتا تەيىنلىگەنىدى. ئالىم خوجا ئەل ئىچىدىكى دىنىي ئەخلاق، شەرم ـ ھايا، نامازغا كەلمەسلىك، ناشايان ئىشلار دېگەندەك ئىشلارنى كۆزىتىشكە ھاسان تايغاننى موتىوسوپ[1] قىلىپ بەلگىلىدى. ھاسان تايغان ئەتىسى ـ ئاخشىمى چېدىرلارنى ئارىلىغاچ، خەلقنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىشلىرىنى ئاڭلاپ يۈردى. بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن رەجەپ ئىسىملىك بىر بوۋاي ئۇنىڭغا ئەھۋال مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شەرۋانىخان دېگەن تۇل چوكان ئۆزى بىلەن قوشنا ئىكەن. ئىمامەتچىلىكتە تاللىنالمىغان ئاسىم قارىي دېگەن قارا ساقاللىق ئادەم ئۇنىڭ چېدىرىغا پات ـ پاتلا كىرىپ چىقىدىكەن. بۇ ئەھۋال كۆپ تەكرارلانغاندىن كېيىن، رەجەپنىڭ گۇمانى قوزغىلىپتۇ. ئۇ بەلكىم ساقاللىق ئاسىم ناشايان ئىشلارنى قىلسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ھاسان تايغانغا ئەھۋال مەلۇم قىلغانىكەن.

ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھاسان تايغان ئىككى نەپەر ياردەمچىسى بىلەن چاندۇرماي بىر قانچە كۈن ئاشۇ شەرۋانىخان دېگەن تۇل چوكاننىڭ چېدىرىنى كۆزەتتى. دەرۋەقە، قارا ساقاللىق ئاسىم دېگەن كىشىنىڭ شۇ چېدىرغا كۆپ قېتىم كىرىپ چىققانلىقىنى ھاسان تايغان ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى كۆردى. بىر كۈنى شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقىدا ھاسان تايغان ياردەمچىلىرى بىلەن پايلاپ تۇرۇۋىدى، قارا ساقاللىق ئاسىم شەرۋانىخاننىڭ چېدىرىغا يەنە كىرىپ كەتتى. خۇپتەنگە تاك ـ تاك ئۇرۇلدى. ھاسان تايغان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خۇپتەن نامىزىغا ئالدىرايتتى. بىراق، قارا ساقال ئاسىم شەرۋانىخاننىڭ چېدىرىدىن چىقمايتتى. تاقىتى تاق بولغان ھاسان چېدىرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— شەرۋانىخان، بىز سىزنى ئىزدەپ كېلىۋىدۇق،

---

[1] موتىوسوپ — مۇھتەسىب، دىنىي ئىشلارنى تەپتىش قىلغۇچى.

ئىشىكىڭىزنى ئېچىڭ! ـــ دېدى.

ـــ مانا ھازىر، ـــ چېدىر ئىچىدىن ئايال كىشىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز ئاڭلاندى ـ يۇ، سىرتقا خېلى ۋاقىتچە ئادەم چىقمىدى. ھاسان تايغان يەنە ۋارقىرىدى، ئۆيئىچىدىن «مانا ھازىر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كەينىدىن شام يېقىلدى، بىراق سىرتقا ئادەم چىقمىدى. ھاسان تايغاننىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ چېدىرنىڭ كىچىككىنە ياغاچ ئىشىكىنى كۇچەپ بىرلا ئىتتىرىپ، ئۆيگە بۆسۈپ كىردى. شام يورۇقىدا كۆردىكى، ئۆرۈكلۈك بىر تال توم چېچى بار شەرۋانىخان ئوچۇق گۇللۇك كۆڭلەك كىيگەن ھالدا ئۆرە تۇراتتى. بىراق، قارا ساقاللىق ئاسىمنىڭ كىيىۋالغىنى گۇللۇك چىت تامبال ئىدى. ھاسان تايغاننىڭ كۈلكىسى قىستىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن بىر كىمنى خىجىل قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەي، كۈلكىسىنى زورىغا بېسىپ:

ـــ ئاسىم قارىم، بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ مەن ... مەن بۇ ئۆيگە شام نامىزىغا تەرەت ئالاي دەپ كىرىۋىدىم، ـــ دېدى ئاسىم قارا ساقال دۇدۇقلىغىنىچە.

شۇ چاغدا ھاسان تايغاننىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرسى بولغان ئاغزى ئىتتىك يىگىت سەمەت مۇنداق دەپ سالدى:

ئەمرىمەرۇپ قىلىدىغانلار،
سەللىسى چوڭ قازى ـ ئامبال.
كۆڭلىدە شەيتان بولمىسا،
ئالمىشارمىدى بۇ تامبال.

قارا ساقاللىق ئاسىم شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ناشايان ئىش قىلغانلىقىنىڭ چېنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بېشىنى

سالغىنىچە گۆشىيىپ ئولتۇردى.

شۇ زامانىنىڭ ئەل تۆرۈسى[1] بويىچە، قاتىلنى جەسەت بىلەن، ئوغرىنى زاڭ مېلى بىلەن، زىناخورنى جۈپتى بىلەن تۇتىدىغان قائىدە بار ئىدى. ھاسان تايىغان شۇ ئاخشىمى ئۇ ئىككىسىنى «قازىخانا» قىلىۋاتقان چېدىرغا باشلاپ بېرىپ، قازى ئالىم خوجىغا ئۆدۈل قىلدى.

«قازىخانا» ئىچى شاملار بىلەن يورۇتۇلغانىدى. ئالىم خوجا شەرۋانىخانغا سىنچىلاپ قارىدى: ئالدىدا تۇرغان بۇ چوكان قىرىق ياشلار چامىسىدا ئىدى. ئۇ ياش قۇرامىغا ماس كەلمەيدىغان شوخ، گۈللۈك رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن، قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە ئوڭ مەڭزىگە خال چەككەن، چىمچىلاق قولىغا ئۈزۈك سالغان، چېچىنى بىر تال قىلىپ توم ئۆرۈگەن، پۇتىغا قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، بېشىغا گۈلى قىزىل، تېگى قارا دۇخاۋىدىن بۆك كىيگەن ئايال ئىدى. ئۇ مەڭزى ۋە لەۋلىرىنى قىزىلغا بويىۋالغان، قاپاقلىرى دۆڭ، ئانچىمۇ سەتەڭ دېگۈدەك خوتۇن ئەمەس ئىدى.

— سىز نېمە ئۈچۈن شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى ئالىم خوجا شەرۋانىخانغا قاراپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— ئاسىم قارىمۇ بويتاق ئىكەن، مەنمۇ تۇل. شۇڭا، كۆڭۈل بېرىشىپ قالدۇق، — شەرۋانىخان بىزەڭلىك بىلەن جاۋاب بەردى. ئەدەپ بىلەن گەپ سورىغان ئالىم خوجىنىڭ شەرۋانىخانىنىڭ بۇ يالىڭاچلا ئېيتىلغان سۆزىدىن غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ بىزەڭلىكى، ھاكاۋۇرلۇقى ۋە مەنمەنچىلىكى ئالىم خوجىنىڭ ئېسىگە قايسىبىر شائىرنىڭ:

قاش - قاپاغى كەڭلىكى
سەككىز غېرىچ كېلەدۇر.

[1] ئەل تۆرۈسى — ئەل قائىدىسى، يەنى ئادەت قانۇنى.

تولۇق قاپاقتەك ھۆسنىدىن
باغدا قاپاق تەڭلىكتەدۇر.

لەۋلىرى «قان» غا بويالغان،
سۆزى مەنمەنچىلىكتەدۇر.
ئەيمەنمەستىن گەپ ساتادۇر،
يۈزى قېلىن چەملىكتەدۇر.

دېگەن ھەجۋىي مىسرالىرىنى كەلتۈردى. ئالىم خوجا ئەلپازىنى بۇزۇپلا سۆزلىدى:

— ئاسىم قارىم بويتاق بولسا، ئۆزۈڭ تۇل بولساڭ نېمە ئۈچۈن نىكاھلىق بولۇشماي، ئاشىنىدارچىلىق قىلىشتىڭ !؟ — ئالىم خوجا سەنلەپلا چۈشتى.

بىزەڭگە بىگىز ئۆتمىگەندەك، ئالىم خوجىنىڭ گەپلىرى بۇ بىزەڭ خوتۇنغا كارمۇ قىلمىدى، ھارمۇ كەلمىدى. ئەكسىچە، ئادەمنىڭ قىچىقى كەلگۈدەك ناز - كەرەشمە بىلەن قاش - كۆزىنى سۈزگەن ھالدا:

بەش چېچىغا بەش تۇمار،
ئۇنى ئاسىمغان كىم بار؟
ياشلىق ھەم نادانلىقتا،
ئاشنا تۇتمىغان كىم بار؟

دېگەن بېيىتنى ئوقۇدى. ئالىم خوجا بۇ بىزەڭ خوتۇنغا گەپ قىلىشتىن يالتايدى. شۇ ئەسنادا ھاسان تايغاننىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرسى بولغان سەمەت ھازىر جاۋابلىق ئادىتى بويىچە مۇنداق بېيىت توقۇدى:

ياخشى ئات ئوقۇرىدا كىشنەيدۇ،
يامان ئات تېزىكىنى چىشلەيدۇ.
ياخشى خوتۇن ئۆز ئۆيىگە ئىشلەيدۇ،
«ماپارخان»لار ئاشنىسىنى ئىزدەيدۇ.

شەرۋانىخان يەر تېگىدىن بۇ يىگىتكە ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ئالىم خوجا ئەمدى ئاسىم قارىي دېگەن قارا ساقالغا يۈزلەندى:

— سەن قارىي ئىكەنسەن، ھەر ھالدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلۇرسەن؟ نېمە ئۇچۇن زىناخورلۇق قىلىشقا مەيلىڭ تارتىپ قالدى؟

— زىناخورلۇق ئەمەس، ئاشنىدارچىلىق قىلىشتۇق، — ئاسىم قارا ساقالمۇ شەرۋانىخانغا ئوخشاشلا گەپ ـ سۆزدە تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى.

ئالىم خوجا ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرۇپ:

— شەرىئەتتە نىكاھسىز ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىشسا ئۇنىڭ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلمىسەڭمۇ دەيمەن !؟

ئاسىم قارا ساقالمۇ جورىسى شەرۋانىخاندىن ئۆلگە ئالدىمىكىن، ئۇمۇ ئالىم خوجىنىڭ سۆزىگە بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىساق،
ئاشىقلارغا نىكاھ يوق ئىكەن.

ئالىم خوجا بۇ مۇرتەدنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن، شەرۋانىخانغا غەزىپى كەلگەندەكلا ئاچچىقى كېلىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. ئازغان مۇسۇلماننى

توغرا يولغا سېلىشمۇ چوڭ ساۋاب ھېسابلىناتتى. «ئالتۇن ئۆز سالمىقى بىلەن يەڭگىدەيدۇ» دېگەن گەپ بويىچە، دىنىي ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەن ئالىم خوجا بۇ قارا ساقاللىقنى «ھەر ھالدا ئىلىمى بار ئادەم ئىكەن، خام سۈت ئەمگەن ئادەمنىڭ ئازمايدىغىنى يوق. بۇنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، گۇناھىغا توۋا قىلدۇرۇپ، توغرا يولغا باشلاي» دېگەن ئويغا كېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئاڭلاپ تۇر، ئاسىم قارىي، خېلى قوشاقچى ئىكەنسەن، مەنمۇ ساڭا بىر شائىرنىڭ تەجنىس① دە يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي، — ئالىم خوجا تۆۋەندىكى تەجنىسنى ئوقۇدى:

بارچە ئايەتنىڭ بېشى ياسىن تۇرۇر،
ئوق ئاتالمىغان يىگىت يا سۇندۇرۇر.
دىۋە، شىرنى يەكسان قىلغان مەرد يىگىتنى
ناز ـ كەرەشمە بىرلە نازىنىن يار سىندۇرۇر.

— ئويلاپ باق، سەن شۇنچە يىللار جاپا ـ مۇشەققەتتە ئوقۇپ، بىر ئوبدان قارىي بوپسەن، يولدىن ئېزىپ قالما، توغرا يولنى تۇتقايسەن! — دېدى ئالىم خوجا ئۆگۈت ـ نەسىھەت قىلىپ.

ئاسىم قارا ساقالغا ئالىم خوجىنىڭ سۆزى تەسىر قىلدى بولغاي، بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاسىم ئېغىز ئاچتى:

— بۇ چۆل ـ جەزىرىدە، تولۇق قىشتا، شۇنچە جاپادا كۈن ئۆتكۈزۈپ ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ ئۆلەي دەۋاتسا، شۇنچىلىك بىر كۆڭۈل خۇشى قىلسا شۇنىڭغىمۇ يول قويمىساڭلار. بۇ ئىمىن ۋاڭ دېگەن يا ئىلمى بارنى دەڭسەپ، توغرا مۇئامىلە قىلمىسا،

① تەجنىس — جىنسداش سۆز دېگەن مەنىدە، «تەجنىس» شېئىرنىڭ بىر تۈرىدۇر.

— ئاسىم قارا ساقالنىڭ كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرگىنى مانا ئەمدى ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن مەلۇم بولغانىدى، — ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى — بۇ ئىمىن ۋاڭ ئەمدى ئاشىندارچىلىقتىنمۇ باج ـ سېلىق ئالامدىكەن !؟

ئاسىم قارا ساقالنىڭ ئوچاقتىن توقماق چىققاندەك بۇ سۆزىدىن غەزەپلەنگەن ئالىم خوجا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە هاسان تايغانغا قاراپ:

— بۇ مۇرتەدنىڭ ساقىلىنى چۇشۇرۇڭلار، جورىسىنىڭ يۈزىگە قازاننىڭ كۈيىسىنى سۈرتۈپ، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە سازايى قىلىڭلار! — دېدى.

هاسان تايغان ئۆزۈن هەم كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئاسىم قارا ساقالنى قاماللاپ تۇتۇپلا يەرگە باستى. ياردەمچىلەرنىڭ بىرسى «قازىخانا» دىن چىقىپ بىردەمدىلا ئۇستىرا ـ كاپلىغۇچ تېپىپ كەلدى ـ دە، ئاسىم قارىينىڭ بېدىدەك ئۆسۈپ كەتكەن قاپقارا ساقال ـ بۇرۇتىنى قۇرۇق چۈشۈرۈپ تاشلىدى. ئاسىم قارىي بىلەن شەرۋانىخاننىڭ نالە ـ پەريادى «قازىخانا» ئىچىنى بىر ئالدى...

* * *

ساقالسىز قالغان ئاسىم قارىي بىلەن شەرۋانىخان ئەتىسى شەرمەندە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، كېچىسى بىر ئامالالاپ قېچىپ كېتىشتى. ئۇلارنى ئىزدەشكە ئىمىن ۋاڭ ئادەم ئەۋەتمىدى. تۆمەندەك ئادەم غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرۇشقان بۇ كۆچمەنلەر ئارىسىدا خۇشاللىقمۇ هەم بىدئەتلىكمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. «بېشىدا تۇگمەن تېشى چۆرگۈلەپ تۇرغان» ئىمىن ۋاڭ ئۇنداق ئىشلارغا ئانچە پىسەنت قىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر خىيالى — كۆچمەنلەرنى قانداق قىلىپ ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، كۆزلىگەن مەنزىلگە ساق ـ سالامەت

يەتكۈزۈۋېلىشتىلا ئىدى.

ئوۋ ـ شىكارغا كەتكەنلەر بۇغا، كېيىك، ئارقار، ئۇلار، توشقان، جەرەن دېگەندەك ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. كالپۇكلىرى يېرىلىپ، چىرايلىرى سارغىيىشقا باشلىغان كۆچمەنلەرگە بۇ ئوۋ غەنىيمەتلىرى پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈكلا ئوزۇق بولغان بولسىمۇ، خۇددى ياغسىراپ كەتكەن ھارۋىنىڭ ئوق ـ چۇنلىرى مايلانغاندەك بىر ئىش بولدى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا قومۇل ۋاڭى قېرىنداشلىقنى يەتكۈزۈپ، بىر قورۇ قوي بىلەن ئون ھارۋا ئاشلىق ئەۋەتتى. ئىمىن ۋاڭ خۇددى ئاتىسى نىياز ئاخۇن تىرىلىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، كۆز ئالدىدىكى تەمىناتلار بىلەن پۇقرالىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى.

يىلىسىراتتىن ئۆتكەندەك، ئۇزاق قىشنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتكۈزگەن كۆچمەنلەر، يىل ئۆرۈلۈپ 1 ـ ئايغا ئۇلاشقاندا، گەنسۇنىڭ باش بۇغى ياردەمگە ئەۋەتكەن يەتمىش ـ سەكسەن ھارۋا ئاشلىقنى شاپىبەگ ۋە مەسئۇد ئۇنىڭ ۋاكالەتچىلىرى بىلەن بىللە يەتكۈزۈپ كەلدى. كۆچمەنلەر ناغرا ـ سۇناي چېلىشىپ، ياردەم ئاشلىق يەتكۈزگەنلەرنى ئاجايىپ زور شادلىق ئىچىدە كۈتۈۋېلىشتى.



ئونىنچى باب

# يېڭى ماكان

گۇاجۇنىڭ تاش – تۇپرىقى، ئىقلىمى تۇرپان – لۇكچۈنلەرنىڭكىگە ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. ئۇ يەردىمۇ قومۇش، يانتاق، لوقاق، چىڭگىلىك، پايزا – چۆژگۈن ئوت، لويلا – ياغلىق ئوت، بېدە، سېرىق چېچەكلەر بار ئىدى. كۆچمەنلەر گۇاجۇغا كەلگەن چېغىدا ئەتىياز كۈنى بولغاچقا، ئاشۇ خىلدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېڭىدىن بىخ سۈرگەنلىكىنى كۆرۈشتى.

ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقىمۇ سىغىز ھەم شورلۇق تۇپراق ئىكەن. شىمال تەرىپى تاغ – ئېدىرلىق، جەنۇب تەرىپى چۆللۈك ئىدى. يەرلىرى قىسمەن بۇلاق سۈلىرى بىلەن سۇغىرىلسا، مۇتلەق كۆپ يەرلىرى سۈلى دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىكەن.

چىڭ خاقانى يۇڭجېڭنىڭ 9 – يىلى، يەنى مىلادىيە 1731 – يىلى لۈكچۈن ئوردىسىدىن بېيجىڭغا دوكلات سۇنۇلغاندا، تۇرپان – لۈكچۈن ئۇيغۇرلىرىنى گەنسۇنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈش قارار قىلىنىشى بىلەنلا، يۇڭجېڭ خان لەشكىرى تەمىراتېبىگى ۋاڭ چۈەنچېننىي جىددىي ۋەزىپە بىلەن گۇاجۇغا ئەۋەتكەنىدى. ۋاڭ چۈەنچېنبەگ ئاۋۋال ئەنشىگە كېلىپ، ئاندىن گۇاجۇنىڭ باش ۋالىيسى لىيۇ يۈيى ۋە چېگرا قوغداش سانغۇنى يۇن شىلار بىلەن باش قوشۇپ، شۇ يەردىن ئىككى مىڭ بەش يۈز نەپەر چېرىكنى ئېلىپ گۇاجۇغا كەلدى. گۇاجۇدا ئەسلىدە بىر تۈركۈم يەرلىك دېھقانلار بار ئىدى. ئۇلار گەنسۇنىڭ باشقا جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەمىراتېبىگى ۋاڭ ھەزرەت چېرىكلەرنى ئۈچ

تۈركۈمگە بۆلدى: ھەر بىر تۈركۈمگە سەككىز يۈز نەپەردىن چېرىك بۆلۈندى، بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى بوز يەر ئاچتى، بىر تۈركۈمى پىلان بويىچە بەش ئورۇنغا قەلئە ـ تۇرالغۇ ئۆي سالدى. يەنە بىر تۈركۈمى ئەسلىدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئاساسىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن ھەپىلەشتى. بىر يىل ئىچىدە يېڭىدىن ئىككى مىڭ دادەنلىك يەر، تۆت مىڭ توققۇز يۈز ئېغىز ئۆي ۋە ئىككى غول ئۆستەڭ چېپىلدى. گۋاجۇدا ئەسلىدە تېرىلىۋاتقان بىر مىڭ بەش يۈز دادەنلىك يەر بار ئىدى. يېڭى ئېچىلغان يەر بىلەن قوشۇلۇپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، جەمئىي ئۈچ مىڭ بەش يۈز دادەنلىك①، يەنى ئۈچ تۈمەن بەش مىڭ موغا يەتكەن. يەنە يۈز نەپەر چېرىك باشقا جايلاردىن مۇشۇ گۋاجۇغا ھارۋا، ئات ـ ئۇلاغ بىلەن زۆرۈر بولغان ئاشلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇتۇشقا مەسئۇل بولغاندى.

چوڭ كۆچمەنلەر توپى كۆچۈپ كەلگەندە، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تۆۋەندىكىدەك بولدى:

بىرىنچى قەلئە: ئەنشى بازىرى بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن يىگىرمە تۆت چاقىرىم بولۇپ، لۈكچۈن، سىركىپنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي مىڭ ئون يەتتە ئۆيلۈك تۆت مىڭ ئاتمىش تۆت ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئىككىنچى قەلئە: بىرىنچى قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، قاراغوجا، مۇرتۇق ئىككى يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي ئۈچ يۈز قىرىق سەككىز ئۆيلۈك بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۈچىنچى قەلئە: ئىككىنچى قەلئەنىڭ غەربىي شىمالىغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، سۇبېشى، لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان ۋە شۆگەنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي ئۈچ يۈز

---

① بىرمو يەرگە بىر كۈرە ئۇرۇق چېچىلىدۇ. ئون كۈرە بىر دادەن بولىدۇ. بىر دادەن ئۇرۇق ئون موغا چېچىلىدۇ.

يەتتە ئۆيلۈك بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق تۆت ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تۆتىنچى قەلئە: ئۈچىنچى قەلئەنىڭ غەربىي شىمالىغا تۆت چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، سىڭگىم، يانقىر، تۇيۇق ئۈچ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي ئۈچ يۈز يىگىرمە يەتتە ئۆيلۈك بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك بىر ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بەشىنچى قەلئە: تۆتىنچى قەلئەنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، تۇرپان، ئاستانە، تۇيۇق، خاندۇ تۆت يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن جەمئىي ئۈچ يۈز ئوتتۇز سەككىز ئۆيلۈك بىرمىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك بىر ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۆي تەقسىماتى مۇنداق بولغان: ھەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي ھېسابلاپ، جەمئىي تۆت مىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز ئىككى ئېغىز ئۆي بېرىلگەن. ئىمىن خوجا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارلىرىغا كۆپرەك ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ، ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنغان. ئىمىن ۋاڭغا ئۈچ چوڭ ھويلا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، ئۈچ ھويلىدا يىگىرمە يەتتە ئېغىز چوڭ ئۆي بولغان. بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلەر يىگىرمە توققۇز نەپەر بولۇپ، ئائىلىسىدىكى ھەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە ھەر بىر بەگكە بىر ئېغىزدىن ئۆي قوشۇپ بېرىلگەن، جەمئىي سەكسەن يەتتە ئېغىز ئۆي بېرىلگەن. ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەر ئوتتۇز توققۇز نەپەر بولۇپ، ئائىلىسىدىكى ھەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارغىمۇ ئىككى ئېغىزدىن ئۆي قوشۇپ بەرگەن. تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر جەمئىي قىرىق ئىككى نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن باشقا، ئۆزلىرىگىمۇ بىر ئېغىزدىن ئۆي قوشۇپ بېرىپ، جەمئىي قىرىق ئىككى ئېغىز ئۆي بەرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەنچىڭ ئوردىسى كۆچۈپ كەلگەنلەرگە

ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەرگەن. ئىمىن ۋاڭ ئائىلىسىگە تۆت دانە تېرىقچىلىق كالىسى، تۆت قىچىر، سەكسەن دانە قوي، ئىككى قازان، ئىككى دانە ئوتىغۇچ، ئىككى دانە ياغاچ ساپان، ئىككى دانە تۆمۈر ساپان، ئىككى دانە سىۋەت، ئىككى دانە غەلۋىر، ئىككى دانە ئورغاق، بىر دانە چېلەك بۆلۈپ بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئىمىن ۋاڭ ئائىلىسىگە يەنە تۆت سېغىن كالا، بىر دانە يارغۇنچاق تېشى، بىر دانە تاش تۇلۇق، تۆت تال ئارغامچا تەقسىملەپ بەرگەن.

ئىمىن ۋاڭ ئائىلىسىدىن تاشقىرى ھەرقايسى بەگلەرگىمۇ دەرىجىسى بويىچە سايمان ـ جابدۇق، كالا ـ قويلار تەقسىملەپ بېرىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز سەكسەن سەككىز ئۆيلۈك سەككىز مىڭ بىر يۈز ئون ئالتە ئادەمگە بىردىن قۇرۇق تۈگمەن تېشى، ئالتە سۇ تۈگمىنى، ئەللىك دادەن[1] ئۇرۇق تەقسىملەپ بېرىلگەن[2].

چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەممىمىي غەمخورلۇقى ئارقىسىدا مەركەزگە ئىنتىلگەن بۇ بىر بۆلۈك تۇرپان ـ لۈكچۈن ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ گۇاجۇ دېگەن جايغا ماكانلاشتى. ئەمدى ئۇلار ھويلا ـ قورۇسىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە باغ بىنا قىلىش، باللارنى ئوقۇتىدىغان ئورۇن راسلاش، قەلئەلەر بويىچە مەسچىت بىنا قىلىش، ئۆزلىرى بوز يەر ئېچىپ، زىرائەت، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش مەشغۇلاتلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

*　　*　　*

ئىمىن ۋاڭ، شاپىبەگ، ئالىم خوجا قازى ۋە خالىقلار ئاتلارغا

---

① بىر دادەن تەخمىنەن تۆت يۈز ئەللىك جىڭ ئەتراپىدا. بىر كۈرە بۇغداي تەخمىنەن قىرىق بەش جىڭ ئەتراپىدا.

② «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتاب، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مىنىپ، قەلئە سىرتىدىكى مەشغۇلاتلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقتى.

باھار ھاۋاسىنى ئېلىپ كەلگەن جەنۇب شامىلى ئادەمنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتمەكتە. باھارنىڭ ئەلچىسى بولغان قارلىغاچلار كۆكتە ئەگىپ ئۇچۇپ، تىنماي ۋىچىرلايتتى. باھار تاغ ۋە دالالارغا يېتىپ كەلدى. ئېرىگەن قار سۈيىدىن كۆتۈرۈلگەن پاردىن ئىللىغان يەرنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. ئېدىرلارنىڭ كۈنگەي يانباغىرلىرىدىكى قارلار ئەڭ دەسلەپتە ئېرىپ، قارامتۇل يەر پوستى ئاستا ـ ئاستا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. قارغا يۈركىنىپ قىش ئۇيقۇسىدا ياتقان ئوت ـ چۆپ يىلتىزلىرى ئويغىنىشقا باشلىغان ھەمدە كونا چىرىندا يوپۇرماقلارنى ئاستا ـ ئاستا ئىتتىرىپ تاشلاپ، يېڭى بىخلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆسۈشكە باشلىغانىدى. تۈزلەڭ يەرلەردە بولسا يەر بېتى كۆكۈمتۇل ھالەتكە كىرگەن — يۇمران ئوت ـ چۆپلەر باش كۆتۈرگەنىدى.

چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىكتە قوش ھەيدەۋاتقان، سۆرەم سېلىۋاتقان، قىر چېپىۋاتقان ئادەملەر كۆرۈنەتتى. بەزى ئېتىزلاردا ئۇرۇق چېچىۋاتقانلار ۋە بەزى ئېتىزلاردا يەر تەكشىلەۋاتقانلار كۆزگە چېلىقاتتى... ئېتىزلىقلاردىكى مەشغۇلاتلار ھەر خىل ئىدى. ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئېتىزلىقلاردىكى مەشغۇلاتلارغا نەزەر سالغاچ، ئېدىر بويلاپ سۇلى دەرياسىنىڭ ئېقىنى تەرەپكە يۈنەلدى. ئۇلار بىر كۈنگەي يامزال① دا قوللىرىدىكى كىچىك ـ كىچىك سېۋەتلەرگە يەرلەردىن بىر نېمىلەرنى تېرىپ سېلىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك بىر توپ باللارنى كۆرۈپ قالدى. ئىمىن ۋاڭ باللارنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقىپ، يانىدىشىپ كېلىۋاتقان شاپىبەگدىن سورىدى:

— بۇ باللار بۇ يامزالدا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟

① يامزال — يانباغىر، يانتۇ يەر.

— مەن بىرىپ سوراپ كېلەيمۇ؟ — دېدى شاپىبەگ.
— بولدىلا، ھەممىمىز بىللە بىرىپ نېمە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا كەلمەيمىزمۇ، — دېدى ئىمىن ۋاڭ، شۇ گەپ بىلەن ئاتلىقلار بالىلار تەرەپكە ئات سالدى.
— ھاي بالىلار، نېمە قىلىۋاتىسىلەر بۇ يەردە؟
بالىلار بۇ ئاتلىقلارنى تونۇپ، يامزالدىن پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، ئۇلارغا سالام بەردى. بالىلارنىڭ قوللىرىدىكى سېۋەتلەردە بىرمۇنچە كوكاتلار بار ئىدى.
— سېۋەتلىرىڭلاردىكى كوكاتلارنى نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى شاپىبەگ بالىلاردىن.
— ئۆيگە ئاپىرىپ غىزا ئېتىپ يەيمىز بۇ ياۋا كۆكلەرنى، — دېدى بىر تۈرگۈنرەك بالا.
— سېۋەتلىرىڭلاردىكىسى ساپلا ئوت - چۆپقۇ، ئۇنى قانداق يېگىلى بولىدۇ؟ — ئىمىن ۋاڭ قىزىقىپ سورىدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ بالىلار تەرەپكە ماڭدى. قالغانلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بالىلار تەرەپكە كەلدى.
— بۇ ئوتلارنىڭ ئىسمىلىرىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئىمىن ۋاڭ بىر بالىنىڭ قولىدىكى سېۋەتكە قاراپ.
— بىلىمىز.
— قېنى ئەمىسە، سەن بۇ ئوت - چۆپلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ باقە ؟!
ھېلىقى ئوغۇل بالا سېۋىتىدىكى كوكاتلارنى يەرگە تۆكۈپ بىر - بىردىن قولىغا ئېلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنى دېيىشكە باشلىدى:
— ماۋۇ بېدە، ماۋۇ سۇزە①، ماۋۇسى سۇپۇرگە ئوت، ماۋۇ كاۋىپوت، ماۋۇ ياغلىقئوت②، ماۋۇ سېرىق چېچەك، ماۋۇ تانچىكە، ماۋۇ چاقچاقئوت، ماۋۇ ئازغاننىڭ يېڭى نوتىسى...

① سۇزە — تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا ياڭيۇزنى شۇنداق ئاتايدۇ.
② ياغلىقئوت — لويلىنىڭ بىر تۈرى، يېگىلى بولىدۇ.

— بولدى، بولدى. ئەجەب جىق ئوتنىڭ ئىسمىنى بىلىدىكەنسىنا؟ ماۋۇ چاقچاق ئوت دېگىنىڭنىمۇ يېگىلى بولامدىكەن؟ — ئىمىن ۋاڭ قولىغا بىر تال چاقچاق ئوتنىڭ يۇمران نوتىسىنى ئېلىپ سورىدى.
— يېگىلى بولىدىكەن. ئەتىياز كۈنلىرى يېسە قۇرۇق ئىسسىقنى ئالىدۇ دەيدىغۇ.
— بۇ ئوتلارنى يېگىلى بولىدىغىنىنى سەن قانداق بىلدىڭ؟
— ئانام[1] دەپ بەرگەن.
— ئاناڭغا كىم دەپ بېرىپتىكەن؟
— ئانامغا خوجامنىياز دېگەن تېۋىپ ئادەم ئېيتىپ بېرىپتىكەن.
— ھىم، بولدى، سىلەر كۆكتاتلارنى تېرىۋېرىڭلار، — دېدى ئىمىن ۋاڭ، بەگلەر ئېتىغا مىنىشىپ چوڭ ئېتىزلىق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
كەچقۇرۇنلۇقى ئىمىن ۋاڭ خوجامنىياز تېۋىپنى ھۇزۇرىغا چاقىرتقۇزدى.
— بۈگۈن كۈندۈزى دەريا تامان كېتىپ بېرىپ بىر توپ بالىنىڭ يامزالدا ياۋا كۆك تېرىپ يۈرگىنىنى كۆردۈق. ياۋا كۆكنى يېسە ئادەمگە زىيانلىق ئەمەسمۇ، تېۋىپ؟ — ئىمىن ۋاڭ خوجامنىياز تېۋىپتىن سورىدى.
— ياۋا كۆك ئادەمگە زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىقتۇر. ۋاڭ جانابلىرى.
— پايدىلىقمۇ تېخى؟ — ۋاڭ تەئەججۈپلەندى.
— تېبابەت ئىلمىدە مېۋە - چېۋىلەر، يېگىلى بولىدىغان كوكاتلار ئەڭ دەسلەپتە ئوزۇقلۇق بولۇشتىن تاشقىرى دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپ قارىلىدۇ، ۋاڭ جانابلىرى.
— سىلى بۇنى قايسى كىتابتىن ئوقۇغانىدىلە؟
— ئەھمەد باقى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، ماڭا بېيجىڭغا سودا كارۋىنى بىلەن دورا - دەرمەك ئەكىرىش

---

[1] تۇرپان - لۈكچۈن، توقسۇن تەرەپلەردە ئۇيغۇرلار مومىسىنى «ئانا» دەيدۇ.

پۈرستى كەلگەنىدى. شۇ قېتىمدا خاقانى چىلىڭ ئوردىسىدىكى ئۇيغۇر بەگلەردىن بىرسى ماڭا خەنزۇ تېۋىپلار يېزىپ قالدۇرغان «يېپىشكە بولىدىغان ئوت ـ چۆپلەر» دېگەن كىتابنى ھەدىيە قىلغانىدى. مەن شۇ كىتابتىن بىلگەنىدىم.

— ئۇنداقتا سىلى خەنزۇچە يېزىقنىمۇ بىلىدىكەنلا ـ دە؟

— تېۋىپلىق ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەجىدىن ئەرەب ـ پارسچىنى، خەنزۇچىنى ئۆگەنگەنىدىم.

— ئۇنداقتا ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ناملىرىنى قانداق قويىدىلا؟ — ئىمىن ۋاڭ ھەر نەرسىگە قىزىقىدىغان ئادىتى بويىچە ئىچكىرىلەپ سورىدى.

— شۇ كىتابتا يېگىلى بولىدىغان گىياھلارنىڭ سۈرىتىمۇ بار ئىكەن. مەن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقسام، كۆپىنچىسى بىز ياشاۋاتقان يۇرتلاردا بار ئىكەن ھەم خەلق ئىچىدە ئۇلارنىڭ نام ـ ئىسمى ساقلانغانىكەن.

— مۇنداق دېسىلە، بۇ بىر ياخشى ئىش ئىكەن. سىلى ئېرىنمەيلا شاگىرتلىرىغا تاپىلىسىلا، ئۇلار ئاشۇ يېگىلى بولىدىغان گىياھلارنى سۈرىتى بىلەن قەغەزلەرگە پۈتۈپ، ئىسمى، سۈرىتى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقسۇن. پۇقرالار ئىچىگە تارقىتايلى. پۇقرالار مۇشۇ سېرىقتال مەزگىلىدىن ئۆتۈۋالسۇن، ئەڭ مۇھىمى، يەنە بەش كۈندىن كېيىن كىرىدىغان رامىزاننى ئۆتكۈزۈۋالايلى، قەغەزلىرى يېتىشمىسە ئوردا مىرزىسى يەتكۈزۈپ بەرسۇن، — دېدى ئىمىن ۋاڭ. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئويىچە، پۇقرالارنى سېرىقتال ۋاقتىدىن، جۈملىدىن مۇشۇ سېرىقتال ۋاقتىدا كەلگەن رامىزان ئېيىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈۋالدىغانغا ياۋا كۆكتاتتىن پايدىلىنىش ئوبدان بىر چارە ئىدى.

— ئوبدان، مەن بېجىرەي، ۋاڭ جانابلىرى، — خوجامنىياز تېۋىپ ئىمىن ۋاڭ تاپشۇرغان ئىشنى تېزدىن بېجىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن ياندى.

*         *         *

رامىزان كىردى. يوقىرالارنىڭ رامىزان تۇتۇشقا چامى يەتكۇدەكلىرىنىڭ ھەممىسى، يەنى ئون ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغۇللار، توققۇز ياشقا كىرگەن قىزلاردىن تارتىپ بوۋاي ـ مومايلارغىچە، كېسەلچان، تۇغۇتلۇق ئاياللاردىن باشقىلار ھەممەيلەن دېگۇدەك رامىزان تۇتۇشتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتى بولۇشىغا قارىماي، ئاخشىمى تەرەۋۇىگە كىرىدىغانلار كۆپەيدى. سەپەر جەريانىدا قالغان قازا نامازلىرىنى ئۆتەيدىغانلار تاكى تۇن نىسپىگىچە مەسچىتلەردىن چىقمىدى. ئاخشاملىرى جامائەتنى ياۋا كۆكتاتلار بىلەن ئېتىلگەن غىزاغا بولسىمۇ ئىپتارغا چاقىرىدىغانلار كۆپەيدى. سەھەردىكى زوھۇرلۇققا قولى چېۋەر ئايالالار قارىياغاچنىڭ پوستىكىنى خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن جىمبىل نېنى — ھورنان غىزاسىغا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلارنى چاقىرىۋالدى.

رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى چوڭ پۇرسەت ئىدى. ئۇلار كېچە ـ كېچىلەردە خۇداغا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىۋالاتتى. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا بەندىلىرىگە شۇكۇر ـ قانائەت ئاتا قىلىدۇ، دەپ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش، ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، ۋاپات بولغانلارغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا تەربىيە، ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەر قىلىپ تۇراتتى.

رامىزاننىڭ ئونىنچى كۈنىمۇ ئۆتتى. ياش باللار، يىگىتلەر ئىككىدىن، ئۈچتىن بىر بولۇپ ئىپتاردىن تاكى زوھۇر ۋاقتىغىچە قوللىرىدىكى داپقا تەڭكەش قىلىپ، قەلئەمۇقەلئە، مەھەللىمۇمەھەللە ئارىلاپ رامىزان قوشاقلىرى (روزاڭ) ئېيتىشقا باشلىدى.

ئىمىن ۋاڭ رامىزان قوشاقلىرىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى. ئۇ ھەر ئاخشىمى تەرەۋۋىدىن چىقىپ، تۇرالغۇسىنىڭ قوي تېرىسىدىن ئەيلەپ نېپىزلىتىلگەن سۇزۇك خورۇم چاپلانغان پەنجىرىسىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ قويۇپ، رامىزان قوشاقلىرىغا قۇلاق سالاتتى. روزاڭچى يىگىتلەر ئېيتقان قوشاق رىتىملىق داپ ئاۋازى بىلەن بىللە يىراقتىن يېقىنلاپ كەلمەكتە:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياتقان بايلار،
خۇدانىڭ كالامىنى تۇتقان بايلار.

ئوتتۇز كۈن روزا بىزگە مېھمانىدۇر،
روزا تۇتماق ئاللانىڭ پەرمانىدۇر.

ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن مەللە پوتا،
نەزىر قىلساڭ ئۆيۈڭدە ھەققە ئاتا.

بېلىقلار ئوينىشىدۇ كۆلچىكىدە،
خېنىملار ئۇن بېرىدۇ چۆچىكىدە.

بۇۋى قوپتى تاغاردىن ئۇن ئالغىلى،
تاس قالدى تاغار ئۆرۈلۈپ بېسىۋالغىلى.

رامىزان ئېيتىپ - ئېيتىپ ھېرىپتىمەن،
ساقىلىم چىقماي تۇرۇپ قېرىپتىمەن.

رامىزان ئېيتىپ - ئېيتىپ ھارمايمىز،
ئالتە نان بەرمىگۈچە زادى يانمايمىز.

قوزۇقۇقنى ئۇ يەرگە قاق، بۇ يەرگە قاق،
ئۆيۈڭدە ئۇن تۈگىسە سۇپراڭنى قاق.

رامىزان ئىيتقان بىلەن ئەسلا تويمايمىز،
پەيغەمبەر سۈننىتىنى زىنھار قويمايمىز.

ئىمىن ۋاڭ رامىزان قوشاقلىرىنى ئاڭلىغاچ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى: «راست ئەمەسمۇ؟ بۇ روزا ـ رامىزان مۇسۇلماندارچىلىقتىكى بەش پەرزنىڭ بىرسى. سۈپراڭدىكى قورۇق ئۇنلارنى قىقىپ بولسىمۇ غىزا ـ تاماق ئىيتىپ، بۇ مۇبارەك رامىزاننى تۇتۇش كېرەك، ھەتتاكى چۆشۈڭدە شاپتۇل يېگەن بولساڭمۇ، شۇنىڭ بىلەن نىيەت قىلىپ روزا تۇتساڭ بولىدۇ. كاشكى، قىيىنچىلىق بولمىسا، ئۇن ـ گۈرۈچ، گۆش ـ ماي تەل بولسا، بىر يىل ئىچىدە ئون بىر ئاي ئىشلەپ، بىر ئاي خاتىرجەم رامىزان تۇتسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ؟! بىراق، ھازىر پۇقرالار ياۋا كۆكتات يەپ، سۈپرىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ يۇرۇپ دېگۈدەك روزا تۇتۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىغۇ مۇسۇلمانىنىڭ ئىرادىسىنى سىنىغىلى بولىدۇ. لېكىن ...»

شۇ ئەسنادا مۇلازىم ئايال بىر پۇتۇن نان بىلەن بىر چۆچەك ئۇنىنى ئېلىپ چىقىپ، روزاڭ ئىيتقانلارنىڭ خورجۇنىغا قويۇپ بەردى. روزاڭ ئىيتقۇچىلار دېيىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى ۋە باشقا ئۆيلەرگە قاراپ كېتىشتى.

ئىمىن ۋاڭ پەنجىرە تۈۋىدىن قوپقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى يىراقلارغا ئۇچتى... ئىمىن نە كۈنى لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى قولىغا ئالدى ـــ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئاغزىغا غىزا تېتىمىدى، ئۇيقۇغا قېنىپ ئۇخلىيالمىدى. گەرچە ئۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىدىكى ئالۋان ـ سېلىقنى خېلى كۆپ يېنىكلەتكەن بولسىمۇ، پۇقرانى «قاناتلىقىقا قاقتۇرمايمەن، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمايمەن» دەپ ئويلاپ، يۇرتنى تاشقى ياۋدىن، ئىچكى دۈشمەندىن قورۇقداپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما زامان ئۇنىڭغا

باقمىدى، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىكلىرىدىن خەلقنىڭ بېشىغا توختاۋسىز كۇلپەتلەر چۈشۈپ، يىلىكى ئۈزۈلۈپ، تۇخۇمى قۇرۇشقا يۈزلەندى. ئۇ پۇقرانى ساقلاپ قالماقچى بولدى. شۇ ۋەجىدىن پۇقرالار تۇغۇلغان يۇرتلارنى تاشلاپ بۇ ياقلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان». ئاۋۋال جاننى ساقلاپ قېلىش كېرەك. لېكىن، جاننى ياۋا كۆكتاتلار بىلەن، قوي ـ ئۆچكىلەر، ئات ـ كالىلار يەيدىغان ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ساقلاپ قېلىش ــ نېمىدېگەن قاتتىقچىلىق بىر ئىش بۇ!؟ گۆش ـ قىمىز، مېۋە ـ چېۋە بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشقا كۆنگەن پۇقرانى ئەزەلدىن يەپ باقمىغان كوكاتلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە كىم مەجبۇرلىدى؟ ئۇنىڭغا كىم سەۋەبچى؟ يۇرتنىڭ بېشى بولغان مەن ئەمەسمۇ؟ قويچى چېغىدا ئۆزىنىڭ قويلىرىنى بۆرە ـ يىرتقۇچتىن ساقلاشقا، ئوت ـ چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك جايلارنى تېپىپ ئوتلىتىشقا ئۇرۇندۇ. مەن بولسام بۇ قوي كەبى پۇقرالىرىمنى ئەجەب جۇدۇن ـ چاپقۇنغا قويدۇما ؟! ... مەندىمۇ نېمە چارە؟ ئۆيدىكى گەپ بازارغا ماس كەلمىسە. مېنىڭ ئويۇمچە بولغاندا، ئەل ـ يۇرتتا توقچىلىق بولسا، كۈندە توي، كۈندە مەشرەپ بولسا ... ۋاڭ ـ بەگ بولماق ئەجەبمۇ تەسكىنە؟ «پادىشاھنىڭ بېشىدا تۇگمەن تېشى چۆرگۈلەيدۇ» دېگىنى توغرا ئېيتىلغان گەپ ئىكەن جۇمۇ؟ ...

يىراقتىن يەنە روزاڭ ئاڭلاندى. بۇلار ئىككىنچى مەرتەم رامىزان ئېيتىپ كەلگۈچىلەر ئىدى:

ئاڭغىلى باشلاپ، ياڭغىلى باشلاپ خۇدانى ياد ئېتىلى،
پەيغەمبەرلەر روھىنى شاد ئېتىلى.

رامىزاننى ئېيتقان كىشى ئۆمەر، ئەلى،
ئۇلاردىن قاپتۇ بىزگە بۇ ئەمەلى.

رامىزاننى ئېيتقان بىلەن تويماسمىز،
پەيغەمبەرلەر سۈننىتىنى قويماسمىز.

بۇ ئالەم بىرگىنە كەپتەرخانىدۇر،
بىرسى ئۇچسا، بىرسى كېلىپ قونادۇر.

پەيغەمبەرنىڭ بىر ئوغلى ياقۇپ ئىدى،
خۇدانىڭ كالامىنى ئوقۇپ ئىدى.

پەيغەمبەرنىڭ بىر قىزى ئائىشەدۇر،
قولىدا ئالتۇن قايچا تون كېسىدۇر.

روزىنى تۇتقان كۈنى ئاي كۆرۈنۇر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنۇر.

رامىزان ئېيتىپ كەلدىم ئىشىكىڭگە،
خۇدايىم بالا بەرسۇن بۆشۈكۈڭگە.

روزا تۇت، ناماز ئۆتە جانىڭ ئۈچۈن،
ئېھسان قىل، زاكات بەرگىن مالىڭ ئۈچۈن.

بۇ روزا ئۆتسە يەنە روزا كېلۇر،
كىم ئۆلۈپ، كىم تىرىلۇر، ئاللا بىلۇر.

رامىزاننىڭ ئونى كۈنى قەدىر كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ قېنى.

رامىزاننىڭ ئونى كۈنى قەدىر كۈنى،
بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى؟

...

رامىزان قوشقىنىڭ مۇشۇ كېيىنكى مىسرالىرىنى ئاڭلاپ ئىمىن ۋاڭنىڭ كۆڭلى شۇئان غەشلىككە تولدى. ئۇنىڭ ئويلىرى يەنە مەۋج ئۇردى: «راست ئەمەسمۇ؟ چوڭ كۆچ - كۆچتە نى - نى ئېسىل ئادەملەر، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، يۇرتنىڭ گۈلى بولغان چىرايلىق قىزلار، نارەسىدە بالىلار كېتىپ قالمىدىمۇ؟ ئىمىن سوپىنى دىنىي ساۋاتتا كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدا، ئۇنى سوپىزمنىڭ يارامىلىق، ئىناۋەتلىك بىر يېتەكچىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى بۇگۈنكىدەك يۇرتنىڭ ئاتىسى قىلىشتا قان - تەر سىڭدۈرگەن ئاتىسى — نىياز ئاخۇنۇم ئۆلۈپ كەتمىدىمۇ؟ راست، بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇيىل قېنى؟ كىم ئۆلۈپ، كىم تىرىلىدىغاننى بىر ئاللادىن باشقا كىم بىلەلەيدۇ؟ ...»

ئىمىن ۋاڭ پەنجىرە تۈۋىدىن قوپۇپ، تەھارەت ئېلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇقرالارنى كۆچۈرىمەن دەپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چوڭقۇر پاتۇرغىنىغا، ئۆز سۆزلۈك ئۇچ بەگنى جېنىدىن جۇدا قىلىپ، «بىرنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرۇپ مىڭنىڭ تۇيىقىنى سىرقىراتقان» لىقىغا ۋە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جەسىتىنىڭ چۆللەردە قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىق گۇناھىغا توۋا - ئىستىغپار ئوقۇدى. بوۋىسى ۋە ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئەل - يۇرتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى، قۇت - بەختىنى تىلەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا خاسىيەتلىك سۈرىلەرنى ئوقۇپ، تىلەكلىرىنى بىلدۈردى... ئىمىن ۋاڭ شۇ ھالەتتە تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. تۇرالغۇسىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتتىن زوھۇر ۋاقتىغا ئۇرۇلغان تاك - تاك ئاۋازى ئاڭلاندى.

* * *

سېرىقتال ۋاقىتلار ئۆتتى. يېڭى ئاچما يەرنىڭ بۇغدىيى ئوخشىدى. ئاچلىقتا زارىققان بوۋاي - موماي، بالىلارنىڭ ئاغزى بۇغداي نېنىغا تېگىشتى. 7 - ئاي كىرىش بىلەن يازلىق

قوغۇننىڭ پۇرىقى مەھەللىلەرگىچە تارىدى. ھەر كىم ئۆزلىرىنىڭ ئېتىز باشلىرىغا ئالچۇق[1] ياساپ، زىرائەتلىرىگە قارانچۇق بولغىنىدەك، ئوتتۇز مودەك يېڭى يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىغان شاپىبەگمۇ قوغۇنلۇقتىكى ئالچۇقتا تۆت ئوغلى بىلەن يېتىپ ـ قوپۇپ يۈردى. شاپىبەگ بۇ يېڭى ماكاندا ئەللىك ـ ئاتمىش كۈرلىك يەرگە ئىگە بولغانىدى، ئۇ يەرنىڭ يېرىمىغا بۇغداي ـ قوناق تېرىپ، يېرىمىغا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدى. شاپىبەگنىڭ بوۋىسى داڭلىق قوغۇنچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، مۇرتۇقتا ئاجايىپ تاتلىق قوغۇنلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ھۈنەر شاپىبەگنىڭ ئاتىسىغا قالغان. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندە، قوغۇنچىلىق ھۈنىرىنى مانا مۇشۇ شاپىبەگ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ بەگ بولۇپ مۇرتۇقتىن لۈكچۈنگە كۆچۈپ كەلگەندىمۇ بۇ ھۈنىرىنى تاشلىمىغانىدى. چوڭ كۆچۈشتە ئۇ ئاتايىن بىرقانچە خىل قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقىنى بىللە ئالغاچ كەلگەنىدى.

قوغۇننىڭ باش ـ بۇرنى پىشقان كۈنلەردە، ئۇ ئىككى قوغۇن، ئىككى تاۋۇزنى خۇرجۇنغا سېلىپ، چوڭ ئوغلى ناسىردىن ئىمىن ۋاڭغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئوردا تەرەپكە ئۆتمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى.

شاپىبەگ چوڭ ئوغلى ناسىردىن بىر پارچە خەتمۇ ئەۋەتتى. خەتتە ئۇ ئوردا بەگلىرىنى، گۇاجۇنىڭ باش ۋالىيسى ليۇ يۈيى، چېگرا قوغداش سانغۇنى يۈن شىنى قوغۇنلۇققا قوغۇن سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئويى بارلىقىنى بىلدۈرگەن ھەم خەتنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق ئىككى كۇپلېت قوشاق يېزىپ قويغانىدى:

قوغۇن تېرىدىم خىللاپ،
قىرنىڭ تۈۋىدە يىغلاپ.

---

[1] ئالچۇق — تورپان شېۋىسى، ساتما، شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسالغان كەپە.

پىشتى ئەمدى قوغۇنلار،
سەيلە قىلىمىز دوست چىللاپ.

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ،
مىجگەن قوغۇن پۇرايدۇ.
ھەر بىر قوغۇن ـ تاۋۇزدىن،
يۇرتىنىڭ ھىدى پۇرايدۇ.

ئىمىن ۋاڭ شاپىبەگنىڭ بۇ كۆڭلىدىن قاتتىق سۆيۈندى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ: «ھەر بىر قوغۇن ـ تاۋۇزدىن يۇرتىنىڭ ھىدى پۇرايدۇ» دېگەن مىسرالىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. جاپالىق كۈنلەر ـــ سېرىقتال چاغلار ئۆتتى. بۇ يەردىكى خاقانى چىڭنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرغۇچە كۆپ ھەرەج تارتتى. ئۇيغۇرنىڭ قائىدىسى بويىچە، مېۋە ـ چىۋىنىڭ باش بۇرنىنى يۇرتىنىڭ ئۇلۇغلىرىغا ئېغىز تەگكۈزىدىغان ئىشمۇ بار. بوپتۇ، بۇمۇ بىر خەيرلىك ئىش ئىكەن. ئىمىن ۋاڭ ئوردا نامىدىن، ۋاڭ ـ بەگلەر نامىدىن گۇاجۇ مەھكىمىسىگە مەكتۇپ يۇتۇپ، تامغا بېسىپ، ناسىردىن ئەۋەتتى.

ئەتىسى ئۇلۇغ ئاشۋاقتى مەزگىلى بىلەن گۇاجۇ مەھكىمىسىدىن ئەمەلدارلار قوغۇن سەيلىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال يەرلىك بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قوغۇنلۇقنىڭ ئىچىق بېشلىرىدا يۈرۈپ، ساينىڭ تېشىدەك چۇشۇپ كەتكەن قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ھەيران قىلىشتى. ئاندىن بىرقانچە توپ قەدىمىي قارىياغاچنىڭ سايىسىغا سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىدىكى كۆرپىلەردە ئۆزلىرىنى يەلپۈشۈپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى.

داستىخان سېلىندى. شاپىبەگنىڭ ئوغۇللىرى تاڭ سەھەردە ئۈزۈپ، سالقىن يەرگە قويۇپ ئۈستىگە ئوت ـ چۆپ يېپىلغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن كۆتۈرۈشۈپ سورۇنغا

ئەكىلىشتى.

خالىق بىلەن شاپىبەگ ئۆزلىرى پىچاق تۇتۇپ قوغۇنلارنى تىلىشقا باشلىدى. ئالىم خوجا، توختى مامۇت، ئابدۇرېھىم پەرەڭ، هاشىم بۆرە، هاسان تايغان، ئەسئەت قۇلاق قاتارلىقلار ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. يىگىتلەردىن بىرقانچىسى ئىككى گەزدەك ياغاچقا داستىخان چوڭلۇقىدىكى رەختنى يۆگەپ، مېھمانلارنى توختىماي يەلپۈمەكتە. يىگىتلەردىن ئۈچ ـ تۆتى قوغۇنلارنىڭ نامىنى ئاتاپ، تاۋاقلاردا داستىخانلارغا نۆۋەت بىلەن تىزماقتا.

ــــ مانا بۇ بەگزادە قوغۇن، مانا بۇ سىڭگىمنىڭ ئاق قوغۇنى، مانا بۇ چىكەن تۇمشۇق ئاقچى، ماۋۇسى ئايىسخان كۆكچى، مانا ماۋۇ پوستى پىياز، ماۋۇ تاۋاقتىكىسى مىجگەن قوغۇن، ماۋۇ قوغۇننى باۋۇدۇن دەيمىز. بۇنى چىشى يوقلار يەيدۇ ...

ئوردا تىلماچى بۇ قوغۇنلارنىڭ نامىنىڭ بەزىلىرىنى خەنزۇچىغا ئۆرۈپ ئېيتىپ بېرىشكە ئامالسىز قالدى. ئۇ شاپىبەگنىڭ:

ــــ مېھمانلار هەر بىر خىل قوغۇندىن بىر تىلىمدىنلا تېتىپ يەڭلار ! ــــ دېگەن گېپى بىلەن تەرجىمە قىلىشتىن قۇتۇلۇپ، پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈشكە ئىمكان تاپتى، دېمىسىمۇ، ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى سەكسەن خىلدىن ئوشۇق قوغۇننىڭ ئاران ئون نەچچە خىلىلا بۇ يەرگە تېرىلغانىدى. ئاشۇ قوغۇنلارنىڭ نامىنى تەرجىمە قىلىشمۇ بۇ تىلماچقا مۇشكۇل ئىش ئىدى.

تىلماچنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزغۇسى كەلگەندەك، چېگرا قوغداش سانغۇنى يۇن شى گەپ ئېچىپ قالدى:

ــــ مەن ئىلگىرى خاقانى چىڭ ئوردىسىدىكى بىر يازلىق زىياپەتتە يېگەن قوغۇنلارنى «قومۇل قوغۇنى» دېگەنىدىغۇ؟ ئەمدى بۇ يەردە قوغۇننىڭ هەر خىل نامى بارلىقىنى ئاڭلىدىما، بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

ئالىم خوجا مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى:



— قوغۇن ـ تاۋۇز دېگەن ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ھەممىسىدىلا تېرىلىدىغان يېمىش. ھەر بىر يۇرتتا داڭلىق قوغۇنچىلار بار ھەم ئۇلار يېتىشتۈرگەن ئالاھىدە تۈرلەر بار. قومۇل بېيجىڭغا يېقىنراق بولغاچقا، دەسلەپتە قومۇل تارخانبېگى خاقانى چىڭغا سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە قوغۇن ئېلىپ بارغان. شۇ سەۋەب بىلەن ھەممىلا قوغۇن «خامىگۇا» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە! — چېگرا قوغداش سانغۇنى ھەيرانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

قوغۇن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن تاۋۇز تىلىندى. تاۋۇزلارمۇ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

— مانا ماۋۇ تۇرپان ئاق تاۋۇزى، مانا بۇ سېرىق ئەت تاۋۇز، مانا ماۋۇسى قارا شاپاق تاۋۇز، مۇنۇ تاۋاقتىكىسى كۆك تاۋۇز، ماۋۇ قىزىل ئۇرۇقلۇق تاۋۇز، ماۋۇسى ئالا تاۋۇز، مۇنۇ تاۋاقتىكىسى قوزىۋاي تاۋۇز، ماۋۇ تاۋاقتىكىسى قاراچىپار تاۋۇز...

تاۋۇزلارنىڭ نامى تىلماچقا ئاسانغا توختىدى. بىراق، ئۇ مېھمانلارنىڭ گېپىنى يەرلىكلەرگە، ساھىبخانىنىڭ گېپىنى مېھمانلارغا ئۆرۈپ بېرىمەن دەپ، قوغۇن ـ تاۋۇز يېيىشكە چولىسى تەگمىدى.

چېگرا سانغۇنىنىڭ قىزى يۇن مېيمۇ ئاتىسى بىلەن بىللە بۇ قوغۇن سەيلىسىگە كەلگەنىدى. ئۇ كەلگۈچە يول بويى ناسىر بىلەن يېرىم گەپلىشىپ، يېرىم ئىشارەت بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇ بۇ يەردە شىرىن ـ شېكەر قوغۇن ـ تاۋۇزنى چاغلىماي يەپ سېلىپ، قورسىقى چىڭقىلىپ كەتتى. ئۇ ھېچبىر تارتىنىپ تۇرمايلا ناسىرغا ئىشارەت قىلىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇۋىدى، ناسىر كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭغا سورۇندىن خېلىلا نېرىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشنى ئىما قىلىپ ئۇقتۇردى.

مېھمانلار بىلەن يەرلىكلەر ئۇياق ـ بۇياقتىن سۆزلەشمەكتە.

تىلماچ ئوتتۇرىدا تىنماي تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرمەكتە.
گۇاجۇنىڭ باش ۋالىيسى لىيۇ يۇيى ئىمىن ۋاڭدىن سورىدى:
— يۇقىرالىرىڭىز بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدىغاندەك تۇرامدۇ؟
— رىزقىمىز قەيەرگە چۈشسە، شۇ يەر يۇرتۇمىز، دەيدىغان گەپ بار، ۋالىي، — دېدى ئىمىن ۋاڭ گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ، — بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش - ياشاش ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن بۇ يەرلەرگىمۇ كۆنۈپ كېتىمىز.
تىلماچ ئىمىن ۋاڭنىڭ سۆزىنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۆرۈپ بەردى.
— ياشاش ئالاھىدىلىكىمىز دېگىنىڭىزنى ئوچۇقراق چۈشەندۈرگەن بولسىڭىز؟
— ياشاش ئالاھىدىلىكىمىز دېگىنىمىز، — ئىمىن ۋاڭ كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ، سۆزنى دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى، — ئېتىزلىرىمىزغا قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ مېۋە - چىۋىدىن ئايرىلمايمىز، ھويلا - قورۇيىمىزنىڭ ئالدى - كەينىنى گۈللۈك، باراڭلىق، باغ قىلىمىز. ئىش - ئەمگەكتىن بوشىغاندا ناخشا - ئۇسسۇل، بېيىت - قوشاقلار بىلەن كۆڭۈللىرىمىزنى ئاۋۇتىمىز، ئوۋ - شىكارغا چىقىپ تۇرىمىز. سودا - سېتىق بىلەن يۇرت ئارىلاپ كۆرىمىز. لېكىن، بۇ ئىشلارغا جاھان تىنچ بولسا بولىدۇ.
— راست ئېيتىسىز، بۇ ئىشلارغا جاھان تىنچ بولۇشى كېرەك. بىز خەنزۇ خەقنىڭ سىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىمىزمۇ بار ئىكەن، — دېدى باش ۋالىي لىيۇ يۇيى، — بىز مېۋە - چىۋىدىن كۆرە سەي - كۆكتاتقا ئېتىبار بېرىمىز. تەۋەككۈل قىلىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىشنى ئانچە ياقتۇرمايمىز. لېكىن، بىزدىمۇ يۇرۇشلەشكەن سودا - سېتىق ئىشلىرى بار. مەسىلەن، يىپەك سودىسى، تۇز سودىسى، چاي سودىسى، فارفۇر چىنە - قاچا سودىسى دېگەندەك. بۇنىڭ تاشايىنىدا دېڭىز - دەريالار ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان سودىمۇ ھەم بېلىقچىلىق كەسپىمۇ بار.

تىلماچ ئىككى تەرەپنىڭ گېپىنى ئۆرۈيمەن دەپ ئاچلا قالدى. بىراق، ئاخىرىدا تاۋاق - تاۋاقلاردا پاقلان گۆشى كەلتۈرۈلگەندە، تىلماچقا ئايرىم تاۋاقتا گۆش تارتىلدى. چۈنكى، شاپىبەگ تىلماچىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى.

مېھمانلار چۈشتىن كېيىن سالقىن چۈشكەندە، شورپا قۇيۇپ ئېتىلگەن پۇرچاق ئېشىنى ئىچىشتى. سۇيى قاپقارا چىققان پۇرچاق ئېشى ئاپقۇر چىنىدا چېگرا قوغداش سانغۇنىنىڭ قىزى يۈن مېيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، ئۇ ئاش قاپقارا رەڭگى بىلەن ئۈنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدىمىكىن، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئاشنى ئىچىشكە ئۈنىمىدى، يېنىدا ئولتۇرغان ناسىر ئۆزى باشلاپ بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ، ئاغزىنى تەمشىپ، ئاشنىڭ مەززىلىكلىكىنى ئىما قىلىپ ئۇقتۇرۇۋىدى، يۈن مېي ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاران تەستە بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ كۆردى - دە، ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئاپقۇر ئىچىۋەتتى. بۇ خۇددى «بىلدى، يېپىشتى» دېگەنىنىڭ ئۆزى بولدى. سورۇندىكىلەر بۇ سەبىي قىزنىڭ قىلىقىغا كۈلۈشۈپ كەتتى.

مېھمانلار يانغۇچە شاپىبەگ چېگرا قوغداش سانغۇنىغا بىر ئاتقا ئىككى تاغار قوغۇن - تاۋۇز، باش ۋالىيغا بىر ئاتقا ئىككى تاغار قوغۇن - تاۋۇز ئارتىپ، ناسىرنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، سانغۇن ئۆزىنىڭ لەشكەرگاھىغا بىر قانچە ھارۋا قوغۇن - تاۋۇز زاكاز قىلدى. باش ۋالىمۇ مەھكىمىسىگە زاكاز قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئەنشى بازىرىنى قوغۇن - تاۋۇز بىلەن تەمىنلەشنى ئېيتىپ، خوشلاشتى.

# ئون بىرىنچى باب

## ئەنشى بازىرىدا

شاپىبەگنىڭ دەۋەت قىلىشى نەتىجىسىدە بىرمۇنچە ئائىلىلەر بىر بۆلۈك يېرىگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىغانىدى. ئەجىرىگە لايىق هالدا قوغۇن - تاۋۇزمۇ ئوبدانلا ئوخشىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قىشلىق ئۇچۇن قاق سېلىپ قۇرۇتۇشى كېرەك، يەنە بىر قىسمىنى يېقىن ئەتراپلارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇل قىلىشى كېرەك.

چېگرا قوغداش سانغۇنى يۇن شى بىلەن گۇاجۇنىڭ باش ۋالىيسى ليۇ يۇيىلار ئۆز مەهكىمىلىرىگە بىر تۈركۈم قوغۇن - تاۋۇزنى بۇيرۇتما قىلغاندىن كېيىن، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، بۇ كۆچمەنلەرنىڭ شېكەردەك تاتلىق قوغۇن - تاۋۇزلىرىنىڭ داڭقى ئوبدانلا چىقتى. شاپىبەگ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ناسىر باشلىق، قولۇم - قوشنىلارنىڭ باللىرىدىن مىجىت، ئەهەد، رۇسۇل، سابىت، بىلال قاتارلىق سەككىز - ئون ياشنى تەشكىللەپ، ئەنشى بازىرى، گۇاجۇ قاتارلىق جايلارغا هارۋا - هارۋىدا قوغۇن - تاۋۇز ئاپىرىپ سېتىشقا تەشكىللىدى، بۇلارغا ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمانمۇ ياندىشتى.

ئون بەش - يىگىرمە كۈن ئىچىدىلا قوغۇن - تاۋۇزلار سېتىلىپ بولدى. سۇلايمان، ناسىر باشلىق سەككىز يىگىت قوغۇن - تاۋۇز بېسىپ كەلگەن هارۋىلارنى هارۋىكەش باللاردىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزلىرى مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىنى دەنجا① لارغا

① دەنجا ـــ خەنزۇچە، ئۆتەڭ، بازارلاردا ئات - هارۋىلارنى قويىدىغان مەخسۇس ئورۇننىڭ ئىگىلىرىنى شۇنداق ئاتىشىدۇ.

تاپشۇرۇپ، بازار ئارىلىدى.

ئەنىشى بازىرى قايناق بازارلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ بازاردا خۇيزۇ، خەنزۇ، تىبەتلەر ئارىلىشىپ ياشايتتى. بۇ بازاردا ئات، چارۋا مال سودىسى، يۇڭ ـ تېرە، تۇيت سودىسى، يىپەك رەخت، چاي، فارفۇر قاچىلار سودىسى، ھەتتا قاشتاش سودىسىمۇ قىلىناتتى.

بازارنىڭ كوچىلىرى كەڭرى ئېلىنغان. ئىمارەتلىرى كەيفىڭ، لوياڭ، چاڭئەن شەھەرلىرىدىكىدەك كۆك خىش بىلەن ئازادە سېلىنغان، ئۈستى يانتۇ شەكىلدە، ئىمارەتنىڭ قالپاقنىڭ ئۇچىدەك بۆرتۈپ چىققان گىرۋەكلىرىدە شىر ـ ئارسلان، مايمۇنلارنىڭ كىچىك ـ كىچىك ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان، قوش قوۋۇقلۇق يوغان دەرۋازىلىرى قىزىل سىرلانغانىدى، بەزى ئىمارەتلەرنىڭ دەرۋازىسى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى كىچىك سۇپىغا ھەيۋەتلىك شىر ھەيكىلى ئورنىتىلغانىدى. بەزى ئوچۇقچىلىق جايلاردا قۇببىلىك ئىمارەتلەر بولۇپ، قۇببىنىڭ ئۈستىگە تۆمۈردىن ئاي ـ يۇلتۇز چىقىرىلغانىدى. قارىماققا بۇنداق ئىمارەتلەر خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتلىرىدەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر يىگىتلەر گەزمال بازىرى، مىلىچمال بازىرى ۋە چارۋا مال بازىرىنى ئارىلاپ، ئەمدى ئاشپۇزۇللار جايلاشقان رەستە دوقمۇشىغا كەلگەندە، كۈتمىگەن ھالدا يۇن مېي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ناسىرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ـ بۇنى سورىغىلى تۇردى. بۇ تۇرگۇن قىزنىڭ بىر مىجەزى ئوغۇل بالىدەك ئىدى ــ ئۇ ھېچبىر ھېيىقمىپ، ئەيمەنمەي تۇرمايتتى. ناسىر بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ تارتىنماي تۇرمايلا ناسىردىن ئۇنى ـ بۇنى سورىدى:

ــ ئەنىشى بازىرىغا قاچان كەلگەنىدىڭلار؟

ناسىر بىرەر ئايغا يېقىن قوغۇن سېتىش جەريانىدا خەنزۇچە سۆزلەشنى بىرەر كۇنمۇ توختىتىپ قويمىغانىدى. بوش قالغان چاغلىرىدا ساراي غوجايىنى بىلەن بىر هازا سۆزلىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، بۇگۇن ئانچە دۇدۇقلىمايلا:

— بىر ئايدەك بولدى بۇ ئەنشى بازىرىدا قوغۇن سېتىپ يۇرگىلى. ئۆزىڭىز بىرەر قېتىممۇ كۆرۇنمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

يۇن مېي زىلۋا، ئاقپىشماق، يۇزى تۇخۇمسىمان يۇمىلاق كەلگەن، قارا قاش، مەڭزىدە زىنىخى بار، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، ئوچۇق - يورۇق، ئوتتۇرا بوي، ئەمدىلا ئون سەككىزگە قەدەم قويغان چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ هال رەڭ يىپەكتىن ئۇستباش كىيگەنىدى.

— لەنجۇغا هامامنىڭ قىزىنىڭ تويىغا بېرىپ كەلدىم، سىلەرنىڭ قوغۇنلۇقۇڭلاردىن يانغانىنىڭ ئەتىسىلا يولغا چىققانىدۇق، تويىنى تۇگىتىپ تېخى تۇنۇگۇن قايتىپ كېلىۋىدىم. ئۆزۇڭلار ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپ تىنچلىق سورىدى يۇن مېي.

— ئوبدان. بىز گۇاجۇ، ئەنشى بازارلىرىدا قوغۇن - تاۋۇز سېتىپ يۇردۇق، — ناسىر بىلەن يۇن مېينىڭ خەنزۇچە سۆزلەشكىنىگە قىزىققان ناسىرنىڭ هەمراهلىرى بىردە ناسىرغا، بىردە يۇن مېيغا هەۋەسلىنىپ قارايتتى.

— سىلەرنى ئۆيگە باشلاي؟

— رەهمەت، سانغۇنىنىڭ قىزىنى مالال قىلىشقا هەددىمىز ئەمەس ! — دېدى ناسىر چېقىشىپ.

— مۇشۇنداق گەپنى ئىككى - ئۇچ قېتىم دېدىڭىز، ناسىر، — دېدى يۇن مېي رەنجىگەندەك قىياپەتتە، — سىلەرمۇ ۋاڭ، بەگلەرنىڭ بالىلىرىغۇ؟ — ئۇ سۇلايمانغا قارىدى.

— سىز بىلەن چېقىشىپ قويغىنى ناسىرنىڭ، — دېدى سۇلايمان.

— ئەمىسە، سىلەرنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ مېهمان قىلاي،

ئەمدى تۈزۈت قىلساڭلار مەن راستلا خاپا بولىمەن جۇمۇ؟ — يۈن مېي نازلىنىپ ناسىرغا قارىدى.

يىگىتلەر بىر - بىرىگە قاراشتى. يۈن مېي چېچەن قىز ئىدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەكلا:

— ئەنسىرىمەڭلار، مېنىڭ ئاپامنىڭ خۇيزۇ، بۇ بازاردا ئاپامنىڭ ئىنىسى ئاچقان ئىككى قەۋەتلىك بىر ئاشپۇزۇل بار، سىلەرنى ئاشۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئايرىم خانىسىدا مېھمان قىلاي. ئاپام مۇسۇلمانلارچىلىقتا بەكمۇ ئېتىبار بېرىدۇ، — دېدى.

ناسىر ئالدىنقى قېتىم يۈن مېيلارنىڭ چوڭ قورۇسىغا قوغۇن - تاۋۇز چۈشۈرگىلى كىرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاق بۆك كىيگەن مۇلازىم ئەر چاي كەلتۈرۈۋىدى، ئۇ ئىچمىگەنىدى. ئۇ مۇلازىممۇ ناسىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپ: «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇرمان» دېۋىدى، ئاندىن ئۇ ھەم ھەيرانلىق، ھەم قىزىقىشتا چاينى ئىچكەنىدى. شۇڭا، ناسىر بۇگۈن ئىككىلىنىپ تۇرمايلا يىگىتلەرنى باشلاپ، يۈن مېينىڭ كەينىدىن ئاشپۇزۇلغا كىردى.

ئاشپۇزۇل چوڭ ھەم ئازادە بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان ھەم ئىككىنچى قەۋىتى ئايرىم - ئايرىم خانىلار ئىدى. يۇمىلاق شىرە ئۈستىگە قىزىل شەلپەر يوپۇق يېپىلغان، پەنجىرە تۈۋىگە ئىككى دانە قەپەس ئېسىقلىق بولۇپ، تۇمشۇقى سېرىق، بەدىنى قارا، قارىغوجىسىمان قۇش ئايرىم - ئايرىم قويۇلغانىدى. ئايرىمخانىنىڭ كىچىك - كىچىك كاتەكچىلىك پەنجىرىسىدىن خانا ئىچىگە شامال كىرىپ تۇراتتى.

يىگىتلەر يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدىشىپ، ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى. ئۈستەلگە بىردەمدىلا بېلىق، قىزارتىلىپ پىشۇرۇلغان كالا گۆشى، ئارىدەك قىسقۇچلىرى بار قىزغۇچ نەرسە (ئەمەلىيەتتە، قىسقۇچپاقا)، بورۇتلىرى ئۇزۇن، ئۇششاق پۇتلىرى بار ئەگرى قۇرت (بۇ راك ئىدى)، تۆگە قۇمىلىقىدەك يۇمىلاق نەرسىلەر (ۋەنزە)، جانان تەخسىلەردە رەڭگا - رەڭ قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. يىگىتلەر كۆزلىرىنى

پارقىرىتىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— يەڭلار، ئىچىڭلار، بەھۇزۇر ئىلىڭلار! — دېدى يۇن مېي يىگىتلەرگە قاراپ.

يىگىتلەر يا چوكا بىلەن يېيىشنى، يا قولى بىلەنلا ئېلىپ يېيىشنى بىلەلمەي، تېڭىرقىغان هالدا بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ — دېدى يۇن مېي تەئەججۈپلىنىپ.

— نان - پان، چاي - پاي دېگەن نەرسىلەر يوقمىدۇ بۇ ئاشپۇزۇلدا؟ — دېدى ناسىر شىرەدىكى نەرسىلەرنى «يېمەيتتۇق» دېيىشتىن ئەيمىنىپ.

يۇن مېي بىر مۇلازىمغا بىر نېمىلەرنى تاپىلىۋىدى، هايال ئۆتمەيلا ھېلىقى مۇلازىم پەتنۇستا چىنە - چەينەك كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەمراھى بىر چوڭ پەتنۇستا يۇتازا كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىرەگە — قورۇمىلار ئارىسىغا يېيىپ قويدى. يىگىتلەرنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. ئۇلار يۇتازىنى ئېلىپ تېتىپ كۆردى، يۇتازا ھەم يۇمشاق، ھەم مەززىلىك ئىدى. يىگىتلەر يۇتازىنى ئىككىدىن - ئۈچتىن يەۋەتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ، بەز يېگەن مۈشۈكتەك يەنە جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— يەڭلار قورۇمىلاردىن، ماۋۇ كالا گۆشى، ئاۋۇسى بېلىق، ھەممىسى مۇسۇلمانلار يەيدىغان نېمىلەر، ئېلىڭلار! — دېدى يۇن مېي.

— بىز مۇنداق قۇرت - قۇمۇرتقىلارنى يەپ كۆرمەپتىكەنمىز، — دېدى سۇلايمان راست گەپنى قىلىپ.

يۇن مېي سۇلايماننىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ، ئۆزى ھەر بىر قورۇمىنى باشلاپ يەپ كۆرسەتتى. ئۇ بۇ تۇرپان دىيارىدەك قۇرغاق رايوندىن كەلگەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ دەريا - دېڭىزلاردا ياشايدىغان جانلىقلارنى ۋە مۇنداق قورۇمىلارنى يېمەيدىغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟

ناسىر باشلاپ قورۇمىلارغا چوكا سالدى، ئۇ دەسلەپ بېلىقنى،

ئاندىن راكنى تېتىپ كۆردى. ئۇ گەرچە يۈن مېينىڭ يېگىنى بويىچە بىلىقنى ناھايىتى ئاۋايلاپ يېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇششاق قىلتىرىقلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا سانجىماي قويمىدى. راكنىڭ قاسراقلىرىنى پاكىز تازىلاپ يېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇششاق پۇتلىرى يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىنى غىدىقلىماي قويمىدى...

يۈن مېي بۈنداق كەيپىياتنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى ـ دە، بىر مۇلازىمنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. مۇلازىم بىر دەمدىلا پەتنۇستا ئادەم بېشى چوڭلۇقىدىكى ئىككى قارا رەڭلىك كومزەكنى ئېلىپ چىقتى. كومزەكنىڭ ئاغزى قىزىل رەخت بىلەن ئېتىلگەنىدى. يۈن مېي پەتنۇستىكى جاملارنى ھەر بىر يىگىتنىڭ ئالدىغا بىردىن قويدى ۋە كومزەكنىڭ ئاغزىدىكى قىزىل رەخت پارچىسىنى يېشىپ ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن جاملارغا خۇددى سۇدەك نەرسىنى قۇيۇشقا باشلىدى. قۇيۇلغان نەرسىدىن ئۆتكۈر پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ، «جۇن» دېگەن ئىچىملىك، بۇ يەردىكى خەلقلەر مۇشۇنى ئىچىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشىدۇ. قېنى يىگىتلەر، سىلەرمۇ ئىچىپ كۆرۈڭلار! — دېدى يۈن مېي يىگىتلەرگە قاراپ.

— بۇ «جۇن» دېگىنىڭىز قانداق نەرسە؟ — ناسىر يۈن مېيدىن سورىدى.

— بۇ نەرسە سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا يوق ئىكەن ـ دە؟! بۇنى بۇغداي، قوناق، گۈرۈچتىن ئىشلەيدۇ. ئىچسە كۆڭۈلنى خوش قىلىدۇ.

— مەست قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— ئازراق ئىچسىڭىز ئانچە مەست قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، تاماق بىلەن يەپ ـ ئىچسىڭىز ئىشتىھانى ئاچىدۇ، — دېدى يۈن مېي ۋە ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ جامدىكى جۇننى گۇپپىلا قىلىپ ئىچىپ، ئۇنىڭ تېگىنى يىگىتلەرگە كۆرسىتىپ قويدى.

يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بەزىلىرى «قىز بالا ئىچكەن

نەرسىنى بىز يىگىت تۇرۇپ ئىچەلمىسەك سەت تۇرمامدۇ» دەپ ئويلىدى. بەزىلىرى «بۇ جۇن دېگىنى بۇغداي ـ قوناقتىن چىقىدىغان نەرسە ئىكەنغۇ؟» دېيىشىپ، كۆڭۈللىرىدە ئىچىشكە نىيەت قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ناسىر بىلەن سۇلايمانمۇ «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپتىكەن، قىز بالا ئىچكەن نەرسىنى بىزمۇ ئىچىپ كۆرمەيلىمۇ، دېگەن ئويغا كەلدى.

سۇلايمان يىگىتلەرگە قاراپ:

— يۇن مېي قىزنىڭ كۆڭلىنى ئايايلى، ئۇمۇ بىزنى مېھمان قىلىپ خۇش قىلسام دەپ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. قېنى يىگىتلەر ئىچەيلى! — دېدى.

ۋاڭنىڭ ئوغلى بولغان سۇلايمان ھەرگىز زەرەر قىلىدىغان نەرسىنى بىزلەرگە زورلىماس، دەپ ئويلاشقان يىگىتلەر جامدىكى جۇننى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، كۆتۈرۈۋەتتى ـ يۇ، بەزىلىرى قېقىلىپ كەتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن يۇتالماي، يانغا پۈركۈۋېتىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى، بەزىلەر خۇددى بېشىغا توقماق تەگكەندەك، كۆزلىرىدىن يۇلتۇزلار چاقناپ كەتتى...

بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ چىرايى ئاز ـ تولا قىزىرىپ، گەپ قىلىشقا مەيلى تارتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا تەخسىلەرگە چوكا سالىدىغان بولۇشتى.

يۇن مېي شۇ پۇرسەتتە جۇن توشقۇزۇلغان ئىككىنچى جامنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىدى:

— سىلەر بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، مەن سىلەرنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزىڭلارغا، مېھماندوستلۇقۇڭلارغا، ياشاشتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىڭلارغا مەپتۇن بولۇپ قالدىم، سىلەر بىلەن سىردىشىشقا، مۇڭدىشىشقا بىر پۇرسەت بولسا ئىدى، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، بازاردا سىلەر بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇچرىشىپ قېلىپ «پۇرسەت كەلدىغۇ» دەپ ئويلاپ، سىلەرنى بۇ ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كەلدىم. قېنى يىگىتلەر، دوستلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن بۇ بىر قەدەھنى كۆتۈرەيلى!

يىگىتلەردىن بىر ـ ئىككىسى ئىچمەي تۇرۇۋالدى. بولۇپمۇ سۇلايمان ئىچىشكە زىنھار ئۇنىمىدى. قالغانلىرى جاملىرىدىكى جۇننى بىراقلاپ كۆتۈرۈۋەتتى.

يۇن مېي جاملارنى ئۇچىنچى قېتىم توشقۇزدى. ئىچكىلى ئۇنىمىغان سابىت بىلەن بىلالغىمۇ جامنى زورلاپ تۇتقۇزۇپ، مۇنداق دېدى:

ـــ بۇ «جۇن» دېگەن نەرسە قورقۇنچاقنى باتۇر قىلىدىغان، بېخىلنى مەرد قىلىدىغان، قارىغۇنىڭ كۆزىنى روشەن قىلىدىغان نەرسە، قېنى ئىچىڭلار !

يۇن مېينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بىلال بىلەن سابىت «بۇ سۆز بىزگىلا قارىتىلىپ ئېيتىلدى» دەپ ئويلىدى. چۈنكى، بىلال بېخىلراق، سابىت سەل ئېھتىياتچانراق يىگىت ئىدى. «ئېشەك ئېشەككىتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەپتىكەن، دەپ بىلال بىلەن سابىتمۇ جاملىرىنى كۆتۈرۈشتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە يىگىتلەر تۆت كومزەك جۇننى ئىچىپ بولۇشتى. دەسلەپتە «قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى يەپ كۆرمەپتىمىز» دېگەنلەردىن مىجىت قىسقۇچى بار نەرسىنى، بىلىقنى، ئۈزۈن بۇرۇتلۇق راكنى، ۋەنزىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يېگىلى تۇردى. بىلالنىڭ گېپى چىقتى:

ـــ گاجۇ دېگەن يەردە تېرىقچىلىق قىلىپ قاچانغىچە شىلىلىمىزگە توپا چېچىپ ياشايمىز ـ ھە؟ ئەتىدىن باشلاپ مۇشۇ ئەنشى بازىرىغا كۆچۈپ كېلەيلى، ھەربىرىڭگە بىردىن ھويلا ـ قورۇ ئېلىپ بېرىمەن. يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىمىزنى يەلپۈپ، تەييار ئاشپۇزۇللاردا غىزا يەپ، ئويناپ ياشايلى !

ـــ ھا ـ ھا ـ ھا ! ...

ـــ ھا ـ ھا ـ ھا ! ...

يىگىتلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار بىلالنىڭ ئۆمرىدە مۇنچە مەرد ـ سېخىيلىق بىلەن تۇنجى قېتىم سۆزلىگىنىگە كۈلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ گېپى قۇلاقلىرىغا ياققىنىغا خۇشال بولۇپ

كۆلۈشتىمۇ ھېچ بىلىپ بولمايتتى.

— يۈرتىمىز تۈرپان ـ لۈكچۈنلەرگە قايتىپ كېتەيلى، جۇڭغار موڭغۇللىرى دېگەن چېقىلغاقلارنى بىرسىنى قويماي ئۆلتۈرۈپ تاشلايلى! — بۇ ئېھتىياتچان يىگىت سابىتنىڭ گېپى ئىدى.

ناسىر يۈن مېيىغا بارغانچە يېقىن ئولتۇرۇپ، يېرىمىسىنى ئىشارەت بىلەن، يېرىمىنى سۆزلەپ، قەلبىنى چۈشەندۈرمەكتە. سۇلايمان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەنگىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، ياكى خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئىدى. ئەھەد قورۇمىسى قۇرۇقدالغان چىنە تاۋاقنى دۈم قىلىپ، ئىككى تال چوكا بىلەن ناغرا قىلىپ چالماقتا. رۇسۇل چىنە تاۋاقتىن چىقىۋاتقان سادانىڭ دۈمىگە كەلتۈرۈپ ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئوينىماقتا...

يىگىتلەر ھەرەڭ ـ سەرەڭ دەسسىشىپ ئاشپۇزۇلدىن كوچىغا چىقىشتى. سۇلايمان بىلەن مىجىتنىڭ خېلى ھوشى بار، قالغانلىرى بىر ئوبدانلا لەيلەپ قېلىشقانىدى. بۇ مەست يىگىتلەر كوچىنىڭ ئۇ چېتىدىن سەنتۈرۈلۈپ بۇ بېشىغا كېلەتتى. بەزىلىرى ماتا چامچىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن، بەزىلىرى مايماق سەنەمگە دەسسىسە، بەزىلىرى ئالتاغىل ناخشا توۋلايتتى. ئۇلارغا يولۇققان ئادەملەردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، بۇ مەست ـ شوخلاردىن يانداپ ئۆتسە، بەزىبىر «بىز بۇ يەرنىڭ غوجىلىرىمىز» دېگەن ھېسسىياتتىكى قىنى قىزىقراق ياشلىرى ئۇ مەستلەرنى دولىسى بىلەن سوقۇپ دەلدەڭشىتىۋېتىپ، ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ناسىر بىلەن يۈن مېي بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېلىشمەكتە. قىزنى يۆلەپ كېلىۋاتقان يىگىتنىڭ باشقا تائىپە ئادىمى ئىكەنلىكىگە زەڭ سالغان بەزى يەرلىك پۇقرالار «چىرت» قىلىپ يان تەرەپكە تۈكۈرۈپ قويۇپ، بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئۆتۈشمەكتە...

بۇ بىر توپ مەست يىگىت شۇ ھالەتتە لەلەڭشىپ مېڭىپ، ئاتلىرىنى قويغان دەڭ تەرەپكە كېتىۋاتقىنىدا، توساتتىن ئالدى تەرەپتىن شاپىبەگ، خالىق، ئابدۇرېھىم پەرەڭ، سىپەر مانجۇ تۆتىسى چىڭ سۇلالىسى سەردارلىرى كىيىدىغان قىزىل پۆپۈكلىرى بار قالپاق كىيگەن بىر ئەمەلدارنى ئارىغا ئالغان ھالەتتە چىقىپ قالدى. خالىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوغلى ئەھەدنى تونۇپ قالدى، ئۇنىڭ لەلەڭشىپ مېڭىپ كېلىۋاتقىنىنى، ناسىرنىڭ يۈن مېي بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، خالىق بىلەن شاپىبەگ ئات سېلىپ ئالدىغا چىقىپ ئەھەد بىلەن ناسىرغا بىردىن قامچا سالدى. يىگىتلەر چۆچۈپ، ئاز ـ تولا ھوشىنى تېپىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاچچىقلىناي دېسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان بىلەن سانغۇننىڭ قىزى يۈن مېي بار ئىدى. شاپىبەگ بىلەن خالىق ئۆزلىرىگە ھاي بېرىشتى. ئابدۇرېھىم پەرەڭ بىلەن سىپەر مانجۇ يۈن مېي قىزنى ئاتقا مىندۇرۇپ، سانغۇننىڭ مەھكىمىسى ئالدىغا ئەكىلىپ دەرۋازىۋەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتتى. خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ «ناسىر، ناسىر...» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى.

يول بويى شاپىبەگ خالىققا شىكايەت قىلىپ ماڭدى:

ــ مانا كۆردۈڭمۇ خالىق، بۇ ئوغۇل بالا دېگەن بالاغەتكە يەتكەندە ئاتا ـ ئانىنىڭ سۆزىنى دېگەندەك ئاڭلاپمۇ كەتمەيدىكەن. مانا بۈگۈن بۇلار كەيپ قىلىپ، كوچىلاردا لەلەڭشىپ يۈرۈشۈپتۇ. ھاراق دېگەن نىجىس بىزلەر ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ يېقىن يولىغان نەرسە ئەمەس. قارا بۇ نائەھلىلەرنى! ئوغۇل بالا دېگەن بالاغەتكە يەتكەندە چىڭ تۇتمىساڭ بولمايدۇ. ئۇلار مۇشۇ يېشىدا بەئەينى قولدىكى قۇشقاچتەك، چىڭ تۇتساڭ دىمىقىپ قالىدۇ، بوش تۇتساڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇچسىمۇ مەيلى، يامان يېرى، ئۇچسا، چۈشىدىغان يېرىنى بىلەلمەيدۇ. ھېلىمۇ

ياخشى، بىز ۋاقتىدا يوْن شى سانغوْندىن بۇ خەنزۇ مەشقاۋۇلنى سوراپ، ياردەمگە ئېلىپ كەلدۇق، بۇ بەگباشلارنى ۋاقتىدا چېرىك مەشقىگە سېلىپ، ئۇرۇش قىلىش ماھارەتلىرىنى ئۆگەتمەيدىغان بولساق، ئويۇنخۇمار، بوشاڭ بىر نېمىلەردىن بولۇپ چىقىشىدۇ ...
شاپىبەگ يول بويى قاقشاپ كەلدى.

* * *

ئەسلىدە نەچچە كۈن ئىلگىرى ئىمىن ۋاڭ بەگلەر كېڭىشىنى چاقىرىپ، ھەر بىر قەلئەدىكى بېجىرىم ئەر ـ يىگىتلەرنى خىللاپ، ئىلگىرىكى چېرىكلەر ئاساسىدا قوشۇن تەشكىللەشنى، بۇ قوشۇنغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا قوغداش سانغۇندىن ئۇرۇش سەنئىتى ئۆگىتىدىغان مەشقاۋۇل تەكلىپ قىلىشنى، ئابدۇرېھىم پەرەڭ چېگرا قوغداش سانغۇنى تۇرۇشلۇق مەھكىمىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى، ئىلغارراق قوراللار بولسا تەقلىد قىلىپ ياساپ، قوشۇننىڭ قورال ـ يارىغىنى تەل قىلىشنى، ناۋادا پۇرسەت پىشىپ يېتىلسە، يۇرت تامان لەشكەر تارتىپ، جۇڭغار چاپقۇنچىلىرىنى تۇرپان ـ لۈكچۈندىن قوغلاپ چىقىرىپ، يۇرتنى ئەمىن تاپتۇرۇپ، پۇقرالارنى ئەسلىي يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلىشقانىدى. چېگرا قوغداش سانغۇنى ئىمىن ۋاڭ ئەۋەتكەن بەگلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھەربىي تەمىنات ئامبارلىرىنى ئېچىپ، قورال ـ ياراغلىرىنى كۆرسەتتى، ئاخىرىدا ۋاڭ فامىلىلىك بىر مىڭبېشى مەرتىۋىسىدىكى مەشقاۋۇلنى ئۇلارغا قوشۇپ بەرگەنىدى.

ھەر بىر قەلئەدىن ئىككى يۈزدىن ئەر ـ يىگىت رويخەتكە ئېلىنىپ ئىلگىرىكى بەش يۈز نەپەر چېرىك بىلەن بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەندى. بۇ قوشۇندىكىلەر ھەر

ھەپتىدە ئۈچ كۈن ئەمگەك، ئۈچ كۈن مەشىق، بىر كۈن ئارام، يەنى جۈمە كۈنى ئارام ئالىدىغان قىلىپ بەلگىلەندى. خالىق مىڭبېشىلىقتا، سۇلايمان ياندىش ئەمىرلىككە، ۋاڭ لىن بىلەن سىپەر مانجۇ مەشقاۋۇللۇقتا، هاسان تايغان چاۋۇش بەگلىككە①، ئابدۇرېھىم پەرەڭ پۈتكۈل قوشۇننىڭ قورال ـ ياراغ، تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدى. ناسىر، ئەھەد، رۇسۇل، مجيت قاتارلىق ياش ئەزىمەتلەر يۈزبېشىلىققا تەيىنلەندى.

ۋاڭ لىن مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن مەشقاۋۇل بولۇپ، ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، بەدىنى بېجىرىم، ساقال ـ بۇرۇتى شالاڭراق، ئاچچىقى يامان، ئۆز سۆزلۈك، ئەمما باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر كۈنلۈك مەشىقنىڭ ئالدىنقى يېرىم كۈنىدە لاياقەتلىك بىر لەشكەر بولۇش ھەققىدە سۆزلەيتتى. چۈشتىن كېيىن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە جانبازلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتەتتى. ئوردا تىلماچى ھۆسەن يېنىغا ناسىرنى ياندىشتۇرۇپ، ۋاڭ لىن مەشقاۋۇلنىڭ سۆزلىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ بېرەتتى. كېيىنچە بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ناسىر يالغۇزلا چىقىدىغان بولدى. سىپەر مەشقاۋۇل چېرىكلەرگە ۋاڭ لىن مەشقاۋۇل ئۆگەتكەن جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆز يۇرتىنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ سىڭدۈرۈپ ماڭدى.

ۋاڭ لىن مەشقاۋۇل چېرىكلەرگە ئالدى بىلەن بەش شەرتنى سۆزلىدى: بىرىنچىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى پادىشاھنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىردەك قىلىش، ئۇلارنى پادىشاھ ئۈچۈن جېنىدىن كېچىدىغان، پادىشاھ ئۈچۈن ياشايدىغان قىلىش، ئەلنىڭ بېشىغا ئاپەت ـ كۈلپەت كەلگەندە خېيىم ـ خەتەردىن قورقماي، پادىشاھ بىلەن بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولۇش؛ ئىككىنچىسى، مۇھىت شارائىتى، يەنى لەشكەر بولغان

① چاۋۇشبەگ — تەرتىپ ـ ئىنتىزامبېگى.

ئادەم كىچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقىنى، ھاۋانىڭ ئوچۇق ـ تۇتۇقلۇقىنى، قىش ـ يازنىڭ ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك پەسىللەردىكى ھاۋا شارائىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇش؛ ئۇچىنچىسى، يەر شارائىتىنى پۇختا بىلىش؛ تۆتىنچىسى، لەشكەر يېتەكچىلىرى، قوماندانلار قابىل ۋە پاراسەتلىك، سادىق، مېھرىبان، باتۇر، كۆيۈمچان، سۇرلۇك بولۇش؛ بەشىنچىسى، تەرتىپ ـ ئىنتىزام قاتتىق بولۇش.

كېيىنچە ۋاڭ لىن مەشقاۋۇل سۇنزىنىڭ ھەربىي تاكتىكىسىدىكى بەزى نۇقتىلارنى، مەسىلەن، ھۇجۇم قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، مەشرىقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ مەغرىبتىن سوقۇش، ئۆزىنىمۇ ھەم ئۆزگىنىمۇ بىلىش، راست بىلەن يالغاننى تەڭ ئىشقا سېلىپ «توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» ئۇسۇلىنى قوللىنىش، كېچىدە تېگىش قىلىش، دالادا ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەننى پاراكەندە قىلىش، كۆپ كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى يوقىتىش... دېگەندەك ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۇرۇش قىلىش تەدبىرلىرىنى، تاكتىكىلىرىنى، ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى جانلىق سۆزلەپ بەردى.

سىپەر مەشقاۋۇلمۇ چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىتتىدا يۈزبېشى بولۇپ ئىشلىگەن بولغاچقا، شۇنداقلا ئىمىن ۋاڭ بىلەن جۇڭغار چېرىكلىرىگە توسۇپ زەربە، قايتۇرما زەربە، قوغلاپ زەربە، بۆكتۈرمە قىلىپ زەربە بېرىشلەردە كۆپ قېتىم ئۇتۇق قازانغان پېشقەدەم چېرىك بېشى ھەم مەشقاۋۇل بولغاچقا، ۋاڭ لىن مەشقاۋۇل سۆزلىگەن ئۇرۇش ماھارەتلىرىنى ئاساسەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى ئاساسىدا لەشكەرلەرگە جەڭ ماھارەتلىرىنى قانداق تەتبىقلاشنى تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ جانلىق چۈشەندۈردى.

ئايلار، يىللار بىر ـ بىرىنى تېز ـ تېز قوغلىشىپ كەينى ـ

كەينىدىن ئۆتتى. چيەنلۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1737 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ دەرىجىلىرىنى بېكىتتى. چيەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى (1754 ـ يىلى) چىڭ ئوردىسى گۇاجۇ بەش قەلئەدىكى ئۇيغۇرلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ زەنگى، جارا ئىبرچىن، يانداش ئەمىر، شىرمەت چەۋەندازلار بېشى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، خۇددى قومۇلنىڭكىگە ئوخشاش قىلدى①.

چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ئىمىن ۋاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە قوشۇن باشلاپ ئىلىغا ئاتلاندى.

① «قومۇل ـ تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 259 ـ بەت.

# ئون ئىككىنچى باب

# شېرىن دۈشمەنلەر

مىلادىيە 1745 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان سېرىنىنىڭ ئۆلۈشى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش مۇقەددىمىسىنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ خانلىقنىڭ تەختى بىر تۈركۈم قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئۆز نەپسىنى دەپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋاھالەنكى، غالدان سېرىنىنىڭ ئاتىسى سىۋان ئارابدانمۇ ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنى قەستلەش جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى دائىملىق ئىشلارنىڭ بىرىسى ئىدى. بۇ نۆۋەت غالدان سېرىن ئۆلگەندە، بۇ ھالەت يەنە تەكرارلاندى. سىۋان دورجى نامجالنى تەختتىن چۈشۈردى، 1753 ـ يىلىغا كەلگەندە خۇيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسانانىڭ قوللىشى بىلەن، تارباغاتاي سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانى داباچى ئىلىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، لامدارجانى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى. 1754 ـ يىلى ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشى جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى تېزلەتتى. بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەھدىتىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى پۇرستى بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» چارىسىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى داباچىنى قوللىغان ئامۇرساناغا «قوش چىنۋاڭ» لىق ئوتۇغات ۋە «شىمالنى

تىنچىتقۇچى باتۇر سانغۇن» دېگەن نامنى بېرىپ، سانغۇن بەندى، يۇڭ چاڭ ۋە سارلى قاتارلىقلار بىلەن بىللە داباچىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى[①]. ئىمىن ۋاڭ چىڭ ئوردىسىنىڭ پەرمانى بويىچە، جازا يۈرۈشى قىلغان قوشۇننى باشلاپ، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن كۆنىپېتىشقا — ئىلى دىيارىغا قاراپ يول ئېلىشقا تەييارلاندى.

* * *

مىلادىيە 1755 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

قىش پەسلى تۈگەي دەپ قالغان مەزگىل، سوغوق شامال چىقمۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بەزى كۈنلىرى جەنۇب تەرەپتىن ئىللىق باھار شامىلى غۇيۇلداپ چىقىپ قالاتتى ـ دە، ئادەمنى شۈمشەيتىدىغان سوغۇق ھاۋا بىردەمدە غايىب بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى سوغۇق ھاۋا ئادەمنىڭ غولىنى قورۇپ تۇراتتى.

بۈگۈن سەھەردىلا گۇاجۇدىكى بەش قەلئە پۇقرالىرى خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىلەردەك ئويغىتىن ـ بۇياقىقا ئالدىراش ئۆتۈشمەكتە ئىدى. ئالدى بىلەن چېدىر، قازان ـ قومۇچ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ بوغۇز بېسىلغان ھارۋىلار قەلئەدىن چىقىپ، كۆنىپېتىشقا سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى يولغا چۈشۈپ، غاچۇر ـ غۇچۇر ئاۋاز چىقىرىشىپ، سەپ تارتىپ مېڭىشتى. ئارقىدىن ئاتلىق چېرىكلەر يۈزلۈكلەر بويىچە رەت ـ رېتى بىلەن يولغا چۈشتى. ئاپپاق لېچەك سالغان مومايلار ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ھورى قالمىغان كۆزلىرىنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىنى سۈرتۈشۈپ، ئۇزاق سەپەرگە ماڭغانلارغا خېلىغىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشىپ قاراشتى. بوۋايلار ھاسىلىرىنى قولتۇقىغا

① «17 — 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 292 — 294 ـ بەتلەر.

قىستۇرۇۋېلىپ، ئورۇق قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلىشاتتى. ياش چوكانلار بالىلىرى بىلەن تەڭلا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، سەپەرگە ئاتلانغانلارغا خوش ئېيتماقتا. توكلىرى پاخپايغان ئىتلار يولنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە ئەگىشىپ بېقىپ، بىردە كېتىۋاتقان ئاتلىقلارغا، بىردە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ تۇرغان دۆڭلۈكلەردىكى ئادەملەرگە قاراپ ـ قاراپ قويۇشتى ـ دە، ئاخىر مەھەللىگە قايتىشنى توغرا تاپتى بولغاي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قۇيرۇقىنى پەسەيتىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مەھەللىگە يېنىشتى.

ئىمىن ۋاڭ بوگۇن بىرەر مىڭدەك ئاتلىق لەشكىرىنى باشلاپ، كونا يۇرتى تۇرپان ـ لۇكچۇن تامان، ھەتتا ئۇنىڭمۇ خېلى نېرىسىغا بېرىشقا سەپەرگە ئاتلانغانىدى. پەرمان بويىچە، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن بوگۇن كەچتە بەلگىلەنگەن جايدا ئۇچرىشىشى كېرەك ئىدى.

«بۆرە» ① ۋەزىپىسىدىكى چېرىكلەرگە باش بولغان ناسىر خېلى يەرگىچە ئارقىغا قاراپ ـ قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى ۋە ئاتىسى شاپىبەگنى بوگۇن ئەتىگەندە بالىچاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى خېلى ئۇزاققىچە خوشلىشىپ يولغا سېلىپ قويغانىدىغۇ؟ ئۇ يەنە نېمىگە تارتىشىۋاتقاندۇ؟ ناسىر شۇ تەرزدە كېتىۋاتاتتى. ياندىشىپ كېلىۋاتقان ئەھەد ئۇنىڭ بىردەم ـ بىردەم كەينىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ:

— ماڭغۇڭ كەلمەيدىغۇ ئاغىنە، ئوغلىقى قالغان ئۆچكىدەك كەينىڭگىلا قارايسەنغۇ ؟ — دېدى.

— ھىم، — ناسىر باشقا گەپ قىلمايلا يەنە ئارقىغا قاراشقا باشلىدى.

— بوينۇڭغا بەز چۇشۇپ قالىدۇ ئۇنداق بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراۋەرسەڭ، ئايرىلىشقا قىيمايدىغان ئادەم كېچىچە ئوبدان

① بۆرە — خاننى قوغدىغۇچى چېرىكلەر.

مۇڭداشساڭ بولمامدۇ؟ — ئەھەد خۇددى بىزەڭ چىۋىندەك، ناسىرغا يەنە تېگىش قىلدى.

تۆت - بەش چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن كۇنچىقىش ياقتىن ئىككى ئاتلىق بولۇشچە ئات چاپتۇرۇپ ئۇلار تامان كېلىۋاتاتتى.

— كەلدى، — دېدى ناسىر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئەھەدمۇ كېلىۋاتقانلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەيلا، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ناسىر بىلەن بىللە يولنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇردى.

ئۇچىسىغا قاما تېرىسىدىن جۇۋا، بېشىغا قېلىن يۇڭدىن توقۇلغان ياغلىق ئارتقان بىر ئايال مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئەر كىشى بىلەن بىللە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— كېچىكىپ قالدىم، كەچۈرۈڭلار ! — چېپىپ كەلگەن ئايال قىرىق ياشلار چامىسىدا ئىدى، ئۇ ھەر بىر گەپ قىلغاندا ئاغزىدىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇراتتى.

— ھوي، بۇ يۇن مېي قىزغۇ؟ — ئەھەد يۈگۈرۈپ كېلىپ كۆرۈشتى.

— قىز دەيسىزغۇ، تۆت باللىق بولۇپ بولدۇم، — يۇن مېي ئەھەد بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— سىز بىزگە مەڭگۈگە قىز سۈپەت كۆرۈنىسىز، — دېدى ناسىر يۇن مېينىڭ سەل ياداڭغۇ چىرايىغا قاراپ.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، بىر - بىرىمىزنىڭ قەلبىدە تائەبەدكىچە ئېچىلمىغان غۇنچە پېتى تۇرغايمىز، — يۇن مېينىڭ بۇ گېپى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى.

بۇ گەپ يىگىرمە يىللاپ يۈرەكنىڭ چوڭقۇر يېرىدە گوياكى كۆل ئاستىدىكى چوغدەك ساقلانغان مۇھەببەتلىك، ھەسرەتلىك، نادامەتلىك كەچمىشنىڭ خۇلاسىسى ئىدى...

ناسىر يۇن مېيلارنىڭ ئۆيىگە دەسلەپتە قوغۇن سەيلىسىگە تەكلىپنامە ئېلىپ بارغاندا، شوخ، تېتىك قىز يۇن مېيگە كۆزى

چۈشكەنىدى. تۇرگۇن قىز يۈن مېي بۇرۇنتى يېگىدىن خەت تارتقان، مۇرىسى كەڭ، قوشۇما قاش، ئېگىز بوي، قوي كۆزلۈك، بۇرنى ئېلىپتەك تۈز كەلگەن، بېشىغا گۈللۈك بۆك كىيگەن بۇ ئىللىق چىراي يىگىتكە باشقا مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن دېمەستىنلا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇنى تۇنجى كۆرگەندىلا ئۇمۇ ــ بۇمۇ دەپ گەپ سورىغان يۈن مېي ناسىرنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپلا تۇرۇشىدىن كۈلۈپ تېلىقىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ناسىر خەنزۇچە گەپنى تۈزۈكرەك بىلمەيتتى. ئەتىسى يۈن مېي ئاتىسى بىلەن قوغۇن سەيلىسىگە كەلدى. شۇ سورۇندا ئۇ قوغۇن ــ تاۋۇزنى جىق يەۋېلىپ قورسىقى ئېسىلىپ ــ كۆپچۈپ كەتكەندە، كۆزىگە ئەڭ يېقىن، ئىللىق كۆرۈنگەن ئاشۇ ناسىرغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ناسىر ئۇنىڭغا خالىي جاينى كۆرسىتىپ قويدى. يانغۇچە ناسىر يەنە ئىككى تاغار قوغۇننى ئاتقا ئارتىپ، يۈن مېيلارنىڭ تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ بەردى. مۇلازىملار قوغۇن ــ تاۋۇزنى توشۇماقچى بولىۋىدى، يۈن مېي ئۇلارغا توشۇتماي، ناسىرغا ئىشارەت قىلىپ يۈرۈپ، ئىككىسى بىللە بىردىن ــ بىردىن ئاشخانا لازىمەتلىكلىرى قويۇلىدىغان ئۆيگە توشۇۋەتتى. يۈن مېي ئۆيدىن يىپەك قول ياغلىقىنى ئېلىپ چىقىپ، ناسىرنىڭ يۈز ــ بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى ئۆز قولى بىلەن سۈرتۈپ قويدى، ناسىر شۇنچە قورۇنسىمۇ، يۈن مېي ئۇنى بامبۇكتىن ياسالغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا ئەلا سۇپەتلىك لۇڭجىڭ چېيىنى دەملەپ ئەكەلدى، ئاتىسى يۈن شى سانغۇن بىلەن ئاپىسى ما يۇلەن خانىم «بالاڭنىڭ ئويۇنىشىغا باق، قازاننىڭ قايىنىشىغا» دېگەندەك، هويلىنىڭ بىر چېتىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئەركە قىزنىڭ يات تائىپىدىن بولغان بىر يىگىتكە هېيىقماي يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قالغانىدى. كېيىنكى قېتىمدا يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن، يۈن مېي لەنجۇدىن قايتىپ كېلىپ، رەستىدە ناسىرلار بىلەن دەلمۇدەل ئۇچرىشىپ

قالغـاندا، ئۇلارنى ئـاشپۇزۇلغـا باشلاپ كـىرىپ مېهـمان قىلـدى. ئۇلار جۇنىنىڭ كەيـپىدە ئىچىلىـپ ـ يېيىلىـپ، بىـر ـ بىرىنـى يۆلىشىپ كوچىغىمۇ چىقىشتى ...

ناسىر ۋە ئاغىنىـلىرىـنىڭ ھەربىي مەشـقتىن قـولى بىكـار بولـمىدى. يىل ئۆرۈلۈپ، قوغۇنلار مەي باغلاپ پىشـقاندا، ئۇ ئـەڭ چىرايلىق تورلاشقان قوغۇنـلارنى ئۈزۈپ، ساقـلاپ قويىدى. ئۇ پـات ـ پاتلا ئەنـشى بازىرى يـولىغا قـاراپ ـ قاراپ قويـاتـتى، ئۇ يـەرگـە بارغۇسى كېلەتتى. ناسىرنىڭ ئاتىسى شاپىبەگ ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتكۈچە ناسىرنى ئەنشـى بازىرىغـا قەتئىـي يولاتمـىدى. لېكىن، نـاسـىر ھـەر يـىلى ئـويىنـىغۇچ ( چىـلگـە ) پـىشقـانـدا، ئـەڭ چىرايلىقلىرىنى تاللاپ ساقلاپ قوياتـتى. ھەر كۈنـى ئۇنى بىـرەر قېتىم قـولىغا ئېلىپ، پۇراپ ـ پۇراپ قويۇپ، ئـەنشى بازىـرى يولىغـا تەلمۈرۈپ قـارايتتى. بىـراق، ئوينـىغۇچـلار پـۇرلىشـىپ كەتكۈچە يۇن مېينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى...

يۇن مېينىڭ يات تائىپە يىگىتلىرى بىلەن ھاراق ئىچىشىـپ، ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كوچىغا چىققىنى يۇن شى سانغۇنىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. لېكىن، سانغۇن ئەركە ئۆگىتىپ قـويغان قىـزى يۇن مېينـىڭ ئۇ ئىشـىنى ئانچە كۆڭـلىگە ئېلىپمـۇ كەتمـىدى. بىراق، ئاپىسى ما يۇلەن ئۇ ئىشنـى بەك ھار ئالـدى. چۈنكى، ئـۇ گەرچـە زۆرۈرىيەتتـىنلا چوڭ لـەشكەربېـشى يۇن شى سـانغۇنغـا ياتلىق قىلىنىپ شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىـن ئۆزى تەقۋادار خۇيزۇ باينىڭ قىزى بولغاچقا، يۇزى ئىچىـلمىغـان قىـزى يۇن مـېينـىڭ شـۇ قېتىـمقى ئىـشىدىـن بـەكمـۇ خـاپـا بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىسى يۇن مېيغا قـاتتىق كـۆز ـ قۇلاق بولدى ۋە بىر يىلدىن كېيىـن ئـۇنى مەجبـۇرىي ھالدا يـۇن شى سانغۇنىنىڭ كانۇيىغا چېتىپ قويىدى...

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتتـى، ناسىرمـۇ ئۆيلۈك ـ ئـوچاقلىـق بولدى، بالىلىقمۇ بولدى ھەم يېشى قىرىققا ئۇلاشتى. يۇن مېيمۇ ھەم شۇنـداق. يۇن مېيـنىڭ ئاتـىسى ئالـەمدىن ئـۆتـكەندە، يـەنـى

بولتۇر كۈزدە ئىمىن ۋاڭ ۋە بەگلەر ئۈلۈم پەتىسىگە باردى. شۇ چاغدا ناسىرمۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ قوغدىغۇچى چېرىكلىرى باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنشى بازىرىغا بارغانىدى. ئۇ يۈن مېي بىلەن ئۇچرىشىپ، پاراڭلىشىپمۇۋالدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار پات ـ پات ئۇچرىشىپ، كۆرۈشۈپ، كونا ئەسلىمىلەرنى سۆزلىشىپ تۇردى. خۇددى سۆكسۆك ئوتۇنىنىڭ چوغىدەك كۈل ئاستىغا ئۇزاق كۆمۈلگەن مۇھەببەت، دوستلۇق چوغى، تاتلىق ئەسلىمىلەرنىڭ «پۈۋۈلىشى» بىلەن، قايتىدىن ئاز ـ تولا ۋىلىلدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ لاۋۇلدىشىغا ئەمدى ئىمكان يوق ئىدى...

ناسىر ئۆزىنىڭ كۈنپېتىش تامان لەشكىرىي يۈرۈشكە ماڭدىغانلىقىنى تۈنۈگۈنلا يۈن مېيغا ئۇقتۇرغاچ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ كەلگەنىدى. يۈن مېيمۇ پايتەختكە ـــ بېيجىڭغا ئېرىنىڭ خىزمىتى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆچىدىغانلىقىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغانلىقىنى ناسىرغا بىلدۈرگەن ھەم ئەتە ئەتىگەندە ناسىر بىلەن خوشلاشقىلى بارىدىغانلىقىنى ناسىرغا ئېيتقانىدى.

ناسىر بىلەن يۈن مېينىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا، ئاشۇ ئەسلىمىلەر بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ گوياكى چېقىن چاقناندەك، قەلبىنىڭ كۆزنىكى بولغان كۆزلەردىن ۋاللىدە ئوت يانغاندەك بىلىندى. يۈن مېينىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سوغۇقتا قىزارغان مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. ئۇ باش ياغلىقىنىڭ بۇرجىكى بىلەن ياشنى سۈرتۈۋەتتى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا ناسىرغا يىپەك ياغلىقتا ئورالغان بىر تال كۈمۈش زىخچىنى ئۇزارتتى:

ـــ بۇ كۈمۈش زىخچىنى ئاتامغا ئوردىدىن ياستىپ ئەۋەتىپتىكەن، ئۇنى ھەرقانداق تائام، يېمەكلىككە تەگكۈزسىڭىز، ئۇنىڭغا زەھەر قوشۇلغان ـ قوشۇلمىغانلىقىنى شۇئان بىلەلەيسىز. ھازىر سىز ئىمىن ۋاڭنى قوغدايدىغان

قوغدىغۇچىلار باشلىقى ئىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق سەپەرگە جەڭگە ئاتلىنىپسىلەر، خان ـ پادىشاھلارنىڭ رەقىبى كۆپ بولىدۇ. ئىمىن ۋاڭغا ئوبدان خىزمەت قىلىڭ. ئۇ سىلەرنىڭ كۆيۈمچان باشپاناھىڭلار ئىكەن. ئاتامدىن قالغان بۇ تەۋەررۇكنى سىزگە قالدۇراي، ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن !

ناسىر ئۆزىنىڭ بېلىدىن ئايرىمايدىغان غىلاپلىق پىچىقىنى يۈن مېيگە سۇندى ۋە:

— سىزگە قوغۇن تىلىپ بەرگەن پىچاق مۇشۇ شۇ. قوغۇن يېمەكچى بولغاندا مۇشۇ پىچاقنى ئىشلىتىڭ، شۇ چاغدا بىزنىڭ قوغۇنلۇقنىڭ قوغۇننى يېگەندەك ھېسسىياتقا كېلىسىز، — دېدى.

جاپالىق كۈنلەردە تونۇشقان دوستى بىلەن ناسىر ئەنە شۇنداق خوشلاشتى. ئەمدى قاچان، قەيەردە كۆرۈشكىلى بولىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايتتى. يۈن مېي ناسىرلار خېلى يىراققا ئۇزاپ كەتكۈچە قول پۇلاڭلىتىپ تۇردى، ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمىنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنى بىلەن، يۈرىكىنىڭ ئاللىقاچان پەسىل قۇشىدەك كۈنپېتىش تامان ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى...

* * *

ئىمىن ۋاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇنى بولۇپ، توختاۋسىز ئىلگىرىلىدى. ئۇلار قومۇلدىن ئۆتۈپ، پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچىلەردىمۇ توختىماي چانبالىق ①، قۇتابا ②، ماناس، قاراسۇ، كۆل ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ ئىككى ئۆگۈزگە كىردى. جۇڭغارلارنىڭ تەختىنى ئىگىلىگەن داباچى شەرق تەرەپتىن چوڭ قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ،

① چانبالىق — بۇگۈنكى سانجى ئەتراپىدا.

② قۇتابا — قۇتۇبىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

ئاللىقاچان ئىلى تامان تىكىۋەتكەنىدى. ئىمىن ۋاڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ قارا بۇقا، شىۋېرتى بىلەن سايرام بويىغا چىقتى. بۇ چاغدا سايرام كۆلىنىڭ مۇزى پارچىلىنىپ ئۆيدەك، خاماندەك مۇزلار كۆل ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. كۆل ئۈستىدىن ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئوتتۇرا ساي، كۈركۈلتەك تەرەپنى يىراق كۆرگەن چوڭ قوشۇن كۆلنى ئەگىپ ئۆتۈپ، سىمپىتوزا بىلەن كەڭسايغا قاراپ پەسلىدى.

كەڭساي يولىدا قىشلىقى قار كۆچۈپ تۇراتتى. نىھايەت، چوڭ قوشۇن بۇ يەرگە يەتكەندە 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا، قارلار ئېرىگەن دۈمبەلچەكلەردە ئوت ـ چۆپلەر كۆكىرىپمۇ قالغانىدى. دۆڭلۈكلەردىكى قارى كەتكەن يەرلەر خۇددى تۆكى جۇلغىغان تۆگىنىڭ بەدىنىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كەڭساي قاپتىلىدىكى ياۋا ئالمىلار تېخىچە بىخ سۈرمىگەن بولسىمۇ، چوقىلاردىكى، جىلغا ـ جىرالاردىكى قارىغايلار بەئەينى بەگزادىلەردەك، قارامتۇل يېشىل تونلىرىغا پۈركەنگەن پېتى غادىيىشىپ تۇرماقتا.

كەڭساي ئىچىدىن چىققاندىن كېيىنكى مەنزىرە باشقىچە ئىدى: ئۆلكە يەرلەردىكى ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئاپپاق، ھال رەڭ چېچەكلىرى بىلەن زېمىنغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقان، چېچەكلىكتە سان ـ ساناقسىز ھەرىلەر غوڭۇلداشماقتا. ئاق كىگىز قالپىقىنى قىرلاپ كىيگەن تارانچىلاردىن بەزىلىرى قوش ھەيدىسە، بەزىلىرى ئوسا بولغان يەرلەرگە ئۇرۇق چاچماقتا ــ ئۆلكە يەردە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىپ كەتكەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىمىن ۋاڭنىڭ باشلىشى بىلەن ئىلى قەلئەسىگە ئورۇنلاشتى.

ئەتىسى كەلگەن مەلۇماتتىن داباچىنىڭ موڭغۇلكۈرەدىكى گېدىن تېغىغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقى ئېنىقلاندى.

بىر ئاي ئىچىدە ئۈست ـ ئۈستىلەپ بىرقانچە قېتىم جەڭ

بولدى، ئىمىن ۋاڭ يىگىتلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ناھايىتى ئوبدان ماسلاشتى. ئۇلار يەرلىك خەلقلەردىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلارنىڭ ھەمكارلىششى ئارقىسىدا، 6 ـ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن گىيدىن تېغىغا تۇشمۇتۇشتىن قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. داباچى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاز بىر قىسىم لەشكىرى بىلەن مۇزداۋان ئارقىلىق ئۇچتۇرپان تەرەپكە قاچتى. شاپىبەگ، خالىق، سىپەر مانجۇ، ئەسئەت قۇلاق، ھاشىم بۆرىلەر چىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ داباچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. ئىمىن ۋاڭ جەڭدە ئەمەس، بەلكى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىغا ئېلىپ كېتىلگەن تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قەستلىنىپ يارىلانغاچقا، ئىلىدا قالدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى:

ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرپاندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بىرەر يۈز تۈتۈندىن كۆپرەك ئاھالە ياشايتتى. ئۇلار جۇڭغارلارنىڭ مەخسۇس تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۇلار ئۇچۈن يەم ـ بوغۇز تەييارلايدىغان «ئالباتۇ»لىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئىلىغا كېيىن كۆچۈپ كەلگەن ئابدۇل چەپەر دېگەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى قاتاڭغۇر، ئېگىز بوي، تەتۈر ئۇستىخان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەم «تۇرپانلىق لەشكەرلەر كەپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ، ئىمىن ۋاڭلار چۈشكۈن قىلغان يەرگە بېرىپ: «بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، ھەرقايسىلىرى جۇڭغار چاپقۇنچىلىرىنى يوقاتقىلى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەپتىلا، خىزمەتلىرىدە بولايلى» دېگەنىدى. ئىمىن ۋاڭ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، جەڭ تۈگىگەندە چوقۇم بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئارىلىقتا ئۇ ئادەم يۈز تۈتۈندىن كۆپرەك ئاھالە ئىچىدىكى ياشانغانلارنى بىللە ئېلىپ، ئىمىن ۋاڭ ھۇزۇرىغا ئىككى قېتىم تەكلىپ قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمىن ۋاڭ تونۇيتتى. ئۇلار بىلەن ئىمىن ۋاڭ ناھايىتى ئوبدان مۇڭداشتى ـ يۇ، تەكلىپكە قارىتا يەنە جەڭدىن كېيىن بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاقساقاللار قايتىشتى.

بىر ئايلىق شىددەتلىك جەڭ ئاخىرلىشىپ، جوڭغارلار مۇز داۋان تەرەپكە قاچتى دېگەن خەۋەر تارقالغاندا، ھېلىقى ئاقساقاللار يەنە كەلدى. ئىمىن ۋاڭ لەۋزىدە تۇرۇپ، تۆت ـ بەشچە ئادەم بىلەنلا ئابدۇل چەپەر دېگەن ئاقساقالنىڭ ھويلىسىغا پەتىگە كەلدى. «يۇرتىمىزنىڭ باشپاناھى كەپتۇ» دېيىشىپ، يۇزدىن ئارتۇق تۇتۇننىڭ چوڭلىرى ئىمىن ۋاڭ ۋە بەگلەر بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىشتى. ئابدۇل چەپەر ھەممىگە داستىخان سالدى، مال سويۇپ بەگلەرنى، بولۇپمۇ ئىمىن ۋاڭنى ئالاھىدە كۈتتۈۋالدى. تۇرپانلىقلارنىڭ ئىلمىغا بىرىپ ئۆگەنگەن مېھمان كۈتۈش قائىدىسى بويىچە، ئالدى بىلەن قايماقلىق ئەتكەنچاي كەلتۈرۈلدى. ئاندىن ئۇستىگە قوينىڭ يانپېشى بېسىلغان نېرىن چۆپ كەلتۈرۈلدى. ئارقىدىن پولۇ، چۆچۈرە تارتىلدى. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھەر بىر تاۋاق ئاشقا ناسىر چاندۇرماي ھېلىقى كۈمۈش زىخچىنى سېلىپ تەكشۈرەتتى. مېھمانلار ناھايىتى ئوبدان كۈتۈلدى ـ يۇ، كەينى ـ كەينىدىن سېلىنغان داستىخان بىلەن ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتتى. مېھمانلار ئامالسىز قونۇپ قېلىشتى.

يېرىم كېچە بولغاندا ئىمىن ۋاڭ ھاجەتكە چىقتى. بالا ـ قازا ئەنە شۇ ۋاقىتتا يۈز بەردى. ئەمدىلا كۇرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن ئىمىن ۋاڭنىڭ سول بىلىكىگە شارتلا قىلىپ قىلىچ ئۇرۇلدى. يېپىنچاقلىۋالغان ئەستەرلىك چاپان يەرگە چۈشتى. ئىمىن ۋاڭ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى ۋە ئوڭ قولى بىلەن قىلىچ تەگكەن يەرنى چىڭ قامالLاپ تۇتتى، شۇ دەقىقىدە ئىمىن ۋاڭغا خۇددى ئەرۋاھتەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان ناسىر يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ، ئىمىن ۋاڭغا ئىككىنچى قېتىم قىلىچ كۆتۈرگەن ئادەمنى بىرلا قىلىچ بىلەن يەرگە يىقىتتى. ئاڭغىچە باشقىلار جىنچىراغلارنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى. ھويلىدا ۋاڭ ـ چۇڭ، يىغا ـ زار چىقىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە ئىمىن ۋاڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرمۇ ھويلىغا چىقتى. ناسىر دۇم ياتقان شۇمپەنىنى



بىرىغا ئۆرۈدى. ئۇ مېھمانلارنى ئاجايىپ مەردلىك بىلەن كۈتكەن ئابدۇل چەپەر دېگەن ئاقساقال، يەنى مۇشۇ ھويلىنىڭ غوجايىنى ئىدى.

مەھەللە ـ كويىغا ئادەم ماڭدۇرۇلدى. يۈزدىن ئارتۇق تۇتۇن باشلىقلىرى ھويلىغا يىغىلدى. ھويلىغا گۇلخان يېقىلدى. بىر تەرەپتىن ئىمىن ۋاڭنىڭ يارىلانغان بىلىكى تېڭىلدى، بىر ياقتىن ئەھۋال سۈرۈشتۈرۈلدى.

مەلۇم بولىدىكى، بۇ ئابدۇل چەپەر تۇرپان، لۈكچۈن پۇقرالىرىنى گۇاجۇغا كۆچۈرۈشكە قارشى چىققان ھەم شۇ سەۋەبتىن دارغا ئېسىلغان مەمتادۇلبەگنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئاتىسى دارغا ئېسىلغاندا «قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز!» دەپ توۋلاپلا، ئالامان ئىچىدە يوقاپ كەتكەن ئادەم شۇ ئىكەن. كېيىن ئۇ چوڭ كۆچتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىلى تامان كەتكەنلەرنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىپ، بۇ يۈز تۇتۇنلۇك تۇرپانلىقتا بىر ئامال بىلەن ئاقساقال بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى تولا قاقشاتقانىكەن. ئىمىن ۋاڭنىڭ بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ كەلگىنىنى ئۇققاندا، قىساس ئالىدىغان پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلىپ، بۇ خىيالىنى ھازىر ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئەھۋال ئېيتىۋاتقان سەيدۇللا دېگەن ئاق ساقاللىق بوۋايغا ـــ شىرەم تۇغقىنىغا ئېيتقانىكەن ھەم ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ياردەملىشىشىنى، يۈز تۇتۇندىن ئارتۇق تۇرپانلىق ئائالە ئىچىدىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئادەملەرنى يىغىپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىشىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىكەن. بۇ ياۋاش ئادەم ئابدۇل چەپەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ياردەملەشمەي دېسە تېخى، ياردەملىشەي دېسە تېخى، ئىمىن ۋاڭ ئادەملىرىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ھەم قورقۇپ، دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمىسەم دىلىم دەپ، ئىچى تىتىلداپ يۈرگەنىكەن. دېگەندەك، بۇ قارانىيەت ئاخىر قىلىدىغىنىنى قىپتۇ...

ھويلىغا يىغىلغان كىشىلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ

قارانىيەتكە لەنەت ـ نەپرەتلەر ياغدۇردى. ئۇنىڭ باللىرىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، ئۇ مەلئۇننىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى ۋە ئىمىن ۋاڭغا ئۆزلىرىنى يۇرتقا كۆچۈرۈپ كېتىشنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈشتى.
ئىمىن ۋاڭ بۇ يۈز تۇتۇندىن ئارتۇق يۇرتلۇقلىرىنى تۇرپانغا ئېلىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىپ، كېچىلەپ ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىغا جۆنەپ كەتتى.

*　　*　　*

ئېغىر يۈك بېسىلغان هارۋىلار تەلكە ئېغىزىغا قاراپ ئايغى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتاتتى. تاغ ئېغىزىغا يېقىنلاشقانسېرى ئىلىنىڭ ئالمىلىق باغلىرى، ئېگىز پېتى تاشلانغان ئېتىزلىرى، يېزا يوللىرىدىكى قاتار ـ قاتار سۆۋادان تېرەكلەر بۇ كۆچمەنلەرنى ئۇزاتقاندەك، بىر ـ بىرلەپ يىراقلاشماقتا. تاغ ئېغىزىغا كىرگەندە هاۋا بىردىنلا سالقىنلىشىپ، كىشىلەرنىڭ دىماقلىرىغا يايلاقنىڭ راھەتبەخش هاۋاسى ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.
كەڭساي ئاجايىپ سېھىرلىك بىر جىلغا ئىدى. غول ئىچىدە زۇمرەتتەك سۈزۈك تاغ سۈيى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، بۇژغۇن چاچرىتىپ ئاقماقتا. بەزى قاپتاللاردا يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن ئارچا شاخلىرى ياپيېشىل كۆرۈنسە، بەزى قاپتاللاردا ئارچا، ئېرەن، قېيىن ۋە چېتىن دەرەخلىرىنىڭ قىزىل، سېرىق، سارغۇچ، قارامتۇل غوللىرى، يوپۇرماقلىرى هەر خىل رەڭدە تاۋلىنىپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقاتتى؛ غول ياقىسىدا ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ كۈز پەسلىگە يارىشا سارغۇچ رەڭگە كىرگەن، پىشىپ تۆكۈلگەن تاش ئالمىلارنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئەتراپقا تارالغانىدى. جىلغىدىن ئۆرلىگەنسېرى قويۇق ئۆسكەن قارىغايلار تاغ باغرىنى هەم قىيالىقلارنى زىچ قاپلاپ، پۈتكۈل جىلغا يانباغىرلىقلىرىنى يېشىللىققا چۆمكىگەنىدى.

يۇك بېسىلغان هارۋىلارنىڭ يانتاختايلىرىغا تىرنا، گۇرجەك، ئارا قاتارلىق تېرىلغۇغا ئىشلىتىدىغان سايمانلار تىكىلەپ قويۇلغان، جىلغا ئىچىگە كۆن نۇرى تىك چۈشكەندە، هارۋىدىكى ياستۇقلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغانىدى. توخۇلار هارۋىغا ئەپلىك جايلاشتۇرۇلغان قەپەسلەر ئىچىدە چىللاپمۇ قوياتتى. بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇلغان كالىلار بەزىدە ئارقىدا قالغان موزايلىرىغا تارتىشىپ، تىرەجەپ تۇرۇۋالاتتى ـ دە، هەيدەپ ماڭغانلارنىڭ قولىدىكى چىۋىق دۇمبە، يوتىلىرىغا تەگكەندىن كېيىنلا قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن مۆرەپ قويۇپ يەنە ماڭاتتى. دۇمبىلىرىگە بۇدۇشقاق يېپىشتۇرۇۋالغان يۇڭلۇق ئىتلار، خۇددى دەردمەن ئادەمدەك باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ، تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىشىپ هاسىرىغان پېتى هارۋىلارنىڭ، ئات ـ كالىلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېلىشمەكتە.

يۈز تۇتۇندىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئالتە ـ يەتتە يۈزدەك ئادىمى، ئىمىن ۋاڭنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق يىگىتلىرى ۋە هەيدەپ ماڭغان كالا، قوي پادىلىرى قوشۇلۇپ زور بىر كارۋان هاسىل قىلغان بولۇپ، يۇرتى تۇرپانغا كۆچكەن بۇ ئالامان كەڭساي جىلغىسىدا ئېغىر قەدەملەر بىلەن سايرام تامان يۇقىرىلىماقتا ئىدى.

بىر يېرىم ئايدىن ئوشۇق يول يۈرگەن بۇ كۆچمەنلەر، ئىلىدىن يازلىق يىغىمنى هاپىلا ـ شاپىلا تۈگىتىپلا يولغا چىقىشىۋىدى، تۇرپاندا ئالتۇن كۈز باشلىنىپ، هېيقىقتەك ئۈزۈملەر تىلنى يارغۇدەك مەي باغلاپ پىشقاندا ئاندىن تۇرپان دىيارىغا ئۇلاشتى.

ئىلگىرى تۇرپان دىيارىدىن جۇڭغارلارنىڭ زورى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن بۇ يۈز تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئەينى چاغدا ئەمدىلا يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياشقا كىرگەن نەۋقىران ئەرلەر، تولغان چوكانلار بولغان بولسا، يىگىرمە نەچچە

يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئەللىك - ئاتمىش ياشلىق ئادەملەرگە، بەزىلىرى بوۋاي - موماي‌لارغا ئايلىنىپ قالغاندى. ئۇلار كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، كۆزلىرىدىن ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. يۇمشاق سېرىق توپىلارنى ئوچۇملىرىغا ئېلىپ ئۇزاق - ئۇزاق قاراشسا، مۇزدەك كارىز سۇلىرىنى قانماي ئىچىشەتتى... ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ئوغۇللار، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن قىزلارغا نىسبەتەن بۇ يۇرت ناتونۇش ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىلى دەريا بويلىرىدا تۇغۇلغانىدى. كۆز كۆنلىرىدىمۇ ئىلىنىڭ يازلىق ئاپتىپىدىن كۆچلۈك ئاپتىپى بار بۇ يۇرتقا كەلگەن ياش باللار بىردە قىزىق ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن ۋايىسا، بىردە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ توپىلارنى كۆزلىرىگە سۈرتكىنىگە ھەيران قېلىپ، قوللىرىنى پېشانىسىغا سايە قىلغان ھالدا، ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇشماقتا. مۇقاملىرىمىزدا «يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، يۇرتتىن - يۇرتقا كۆچمىگۈچە» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، بۇ سەبىي باللار «ئۆز يۇرت» دېگەن تۇيغۇنى ھازىرچە ئۆز تەپەككۇرلىرىغا ئېلىپ كىرەلمەيتتى!

يۈز تۈتۈندىن ئارتۇق كۆچمەننى يۇرتقا ساق - سالامەت يەتكۈزگەن ئىمىن ۋاڭ ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىغا جايلىششىنى تاپىلاپ، ئۆزى يۇرت ئىچىنى ئاتلىق ئارىلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن يارغۇل، يەمشى، تۇرپان، چاتقال، باغرى - بۇيلۇق، قاراغوجا - ئاستانىلەرنى ئارىلىدى. ئاندىن ياڭقىر، تۇيۇق، سىركىپ - لەمجىن، خاندۇ، سىڭگىم - مۇرتۇق، پىچانلارنى، لۈكچۈن ئەتراپىنى ئارىلىدى. ئىلگىرى بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرىدىغان مېۋىلىك باغلار قۇرۇشقان، قىشلىقى كۆمۈلۈپ، ئەتىيازلىقى توپىدىن چىقىرىپ باراڭلارغا ئارتىلىدىغان تەكلەر باراڭلارغا ئېسىلغان پېتى قاغجىراپ قۇرۇپ كەتكەن، شۇنچە مۇنبەت ئېتىزلارنى يانتاق، لوقاق، قومۇش، ئىجرىقلار بېسىپ كەتكەن، بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرى ئۇزاق ۋاقىت تازىلانمىغانلىقتىن،

چاۋار ـ چاتقال، ئوت ـ چۆپلەر بىسىپ كەتكەنىدى. تۇرپان دىيارىدا ئۇ يۇرت، بۇ يۇرتتا كۆچمەن قالغانلار، چوڭ كۆچتىن قېچىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلار، كېيىن قايتىپ كەلگەنلەر بولۇپ تەخمىنەن تۆت يۈز تۇتۇندەك ئادەم ئېيدىتىلانىدى. مانا مۇشۇ ئادەملەر يۇرتنى كۆكەرتىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، بولمىسا تۇرپان دىيارى كۇسۇتكە ـ چاشقانلارنىڭ، قاغا ـ قوزغۇن، ھۇۋقۇشلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالاتتىكەن ـ دە! مانا ئەمدى يەنە يۈز تۇتۇندەك ئادەم يۇرتقا يېنىپ كەلدى. «پات ئارىدا جۇڭغار موڭغۇللىرى تىنچىتىلسا، يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنلەر، گۇاجۇدىكىلەر كۆچۈپ يېنىپ كەلسە، يۇرت قايتىدىن گۈللەنسە ... لېكىن، ئاھالە كۆپەيسە بۇ يەرلەردىكى تېرىلغۇلۇقلار، ئېقىن سۇلار ھەم كارىز سۇلىرى شۇ ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىكىگە يېتىشەرمۇ؟ ... شاپىبەگلەر تېخى ئاقسۇ تەرەپتىن يانمىدى، ئۇلار يانغۇچە، ئىلگىرى شاپىبەگ گېپىنى تولا قىلىدىغان جىغانغول، قارايۇزى غوللىرىنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى.»

ئىمىن ۋاڭ يىگىتلەردىن ناسىرنى، چوڭلاردىن ھاسان تايغان قاتارلىق تۆت ـ بەشچىلا ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ، شىمال تەرەپكە ـــ تەڭرىتېغىنىڭ كۇنگەي يانباغرىغا ئات سالدى.

جىغانغول ئىلگىرى شاپىبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئون نەچچە يىللاپ لۇكچۇن ئوردىسىنىڭ جەڭ ئاتلىرىنى بايلىتىدىغان ئوتلاق قىلىنغانىدى، يازلىقى تاغقا چىقىرىلغان ئوردا ئاتلىرى بۇ يەردە بىر مەزگىل يايلىتىلىپ، ئاندىن لۇكچۇنگە قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. ئىمىن ۋاڭ ئىلگىرى ئوردا ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن بۇ تەرەپكە چىقىپ باقمىغان. تىنچ كۇنلەردىكى قىشلىق ئوۋ ـ شىكاردا دىغارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى چۆلتاغقا كىرىدىغان ئىمىن ۋاڭ، ياز كۇنلىرى پەقەت لۇكچۇننىڭ شىمال تەرىپىدىكى كۆكيارغول، ئۆرتەڭغول تەرەپلەرگىلا چىقىپ، غەربىي شىمال تەرەپتىكى قۇشبېغى غول، جىغانغول،

قارايوزى غول تەرەپلىرىگە چىقىپ باقمىغانىدى.

جىغانغول① تەڭرىتېغىنىڭ كۆنگەي باغرىدىكى ئېدىرلىقلار ئاياغلاشقان يانتۇلۇقتىكى بىر چىملىق ـ سازلىق جاي بولۇپ، چىملىقنىڭ دائىرىسى كۆنچىقىشتىن كۆنپېتىشقا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم كېلىدۇ. كەڭلىكى بىر چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ، خۇددى ئادەمنىڭ بېلىگە باغلىغان يېشىل پوتىدەك، ئېدىرلىقنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان. چىملىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر تارام جىلغا بولۇپ، بۇ جىلغىدا ئازغان، ماندار، چىگگىلىك، قىرچىنتال، جىغان، يۇلغۇن قاتارلىق ياغاچ غوللۇق ھەم سامان غوللۇق دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملەكلەر ئۆسكەن. چىملىققا بۇلاق كۆزلىرىدىن سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. غول ئىچىدە جىغان كۆپرەك بولغاچقا، كىشىلەر جىغانغول دەپ ئىسىم قويۇشقان. چىملىقتا ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك، ئاق قۇ قاتارلىق پەسىل قۇشلىرى ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرى بىرنەچچە كۈنلەر تۇرۇپ ئۆتىدۇ. قىرغاۋۇل، بۇلبۇل، قاراقۇشقاچ، چۈمكەك، كەكلىك قاتارلىق قۇشلار بۇ يەرنىڭ دائىملىق جانلىقلىرى بولۇپ، جىلغا ـ جىرالىرىدا تۈلكە، توشقان، سايلىقلىرىدا جەرەن، ئېدىر ـ تاغلىرىدا بۆرە، قاپلان، كېيىك، بۇغا، ئۇلار قاتارلىق ئوۋ ھايۋانلىرى مول ئىدى. ئېدىر پەسسىيىپ سايلىققا تۇتاشقان يەرلىرىدە شىۋاق، يانتاق، تۆگە تاپىنى، قىياق ۋە پەسرەك جايلىرىدا يەرنى يېپىپ كەتكەن كەپە دېيىلىدىغان ياۋا تاۋۇز ئۆسۈملۈكى بار ئىدى.

چىمەنلىكتە قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، بۈك ـ باراقسان دەرەخلىك غول ئادەمنى مەھلىيا قىلىپ تۇرغان بۇ بوستانلىق ھەقىقەتەن ئېسىل بىر ماكان

---

① ھازىرقى چىچان بازىرى، كىشىلەر كېيىنچە بۇ يەرنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «چىچانخۇ» دېگەن ئىسمىنىلا ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئەسلىي ئىسمى «جىغانغول».

ئىدى. بۇ يەردە ھەم باغ ئەھيا قىلىنسىمۇ، ھەم مال - چارۋا باقسىمۇ، بۇلاق سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىنسىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى.

ئىمىن ۋاڭ شاپىبەگ تەۋسىيە قىلغان بۇ ئورۇننىڭ ھەقىقەتەن ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جىلغا - جىرالىرىنىمۇ ئارىلاپ كۆردى. بەزى جىلغىلاردا ياۋا كەندىر ئۆسۈپ كەتكەن، بەزى جىرالاردىكى شوربۇلاق ئەتراپىنى قومۇش قاپلاپ كەتكەنىدى، يەنە بىر جىلغىغا كىرىۋىدى، ياۋا جىگدىلەر بۈككىدە ئۆسكەنىكەن. بۇ جىلغىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىرەك كونا بىر قۇدۇق بولۇپ، ئەينى چاغدا كىشىلەر بۇ قۇدۇق بىلەن تاشكۆمۈر چىقارغانىدى. ئىمىن ۋاڭ كۆڭلىدە بۇ تۇتىيادەك زېمىندىن سۆيۈندى. ئۇ ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۈنپېتىش تەرەپتىكى قارايۇزى غولىنى، كۈنچىقىش ياقتىكى ئازغانبۇلاق، قۇشبېغى غولىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۆڭلى - كۆكسى ئېچىلىپ قالدى. كۈن غەربكە قىيسايغاندا، ئاتلىرىنى ساي تۆۋىنىگە قويۇپ بەردى. ئاتلار بىردەم بۆرە مېڭىشىدا، بىردەم يورغىغا چۈشۈپ، كۈن تاغقا باش قويۇشقا ئاز قالغاندا، تۇراسۇزاق دېگەن يەردىكى بىر تۇتۇن قورۇسى ئالدىدا توختىدى. بۇ مەھەللىدىن ئۆتسە تاكى لەمجىن غولىغا يەتمىگۈچە باشقا جايدا ئادەم - ئىنسان ياشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئۇلار سەپەردە ھېرىپ - ئاچقانىدى. ئۆي ئىگىسى خۇددى سۈپۈرگىدەك ساقال قويغان، «سۆز كۆركى ماقال، ئەر كۆركى ساقال» دېگەندەك، بىر قۇچاق كەلگۈدەك ئاقارغان ساقىلى ئېگىز بويىغا خويمۇ ياراشقان، ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر تىمەن ئادەم ئىدى. مېھمانلار ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، ئۆيدىن ياش قۇرامى ئاق ساقاللىق ئادەمدىن سەللا كىچىكرەك بىر ئايال چىقىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى ۋە:

— خۇدايىم ئەۋەتكەن مېھمانلىرىم، بىئەدەپلىك بوپتۇ،

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشسىلا، كۆرپە سالاي، — دېگىنىچە ئۆيگە پايپاسلاپ كىرىپ ئىككى - ئۈچ دانە كۆرپىنى قولتۇقلاپ چىقىپ، مېھمانلارنىڭ ئاستىغا سالدى.

— ھارغانلا، ئاچقانلا، سىلىگە ھازىرلا ئۇسسۇلۇق كەلتۈرەي، — ئايالنىڭ گەپلىرى چۈچۈك، يېشىغا ماس كەلمىگەن قىلىقلىرى غىلجىڭ ھەم نازلىق ئىدى.

— بىزگە، بۇ تەرەپلەرگە ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىممۇ سىلىدەك مۆتىۋەر مېھمانلار ئۇدۇل بولمايدۇ. كۈن بۇگۈن قاياقتىن چىقىۋىدىكىن، ھەر قايسىلىرىدەك كاتتا مېھماننى خۇدا بىزگە ئەۋەتىپتۇ. خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر. مېھمان كەلدى — قۇت كەلدى، دېگەن گەپ ! ...

ئايالنىڭ گېپى تاتلىق، ھەرىكەتلىرى چەبدەس، كۆزلىرى ئويناق، سۆزلىرى قايناق ئىدى. ھاسان تايغان بىردە ئاق ساقاللىق ئۆي ئىگىسىگە، بىردە قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ گەپ قىلىۋاتقان ئايالغا قارايتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، ئادەم شالاڭلاپ كەتكەن بۇ يۇرتلاردا، ئۆز تائىپىسىدىن بولغان مۇنداق سالا - سۇپەتلىك، كىيىنىشلىرى پۇزۇر ئادەملەرنى مېھمان قىلىۋېلىش تۈگۈل، ھەتتا ئۇچرىتىشمۇ تەس بىر ئىش ئىدى.

ئايال كىشى ئوتتۇرىغا داستىخان راسلاۋاتقاندا، ھاسان تايغان ئۇ ئايالغا سەپسېلىپ قارىدى: ئايال قېشىغا بارماقتەك ئۇسما قويغان، ئوڭ مەڭزىگە خال چەككەن، چىمچىلاق قولىغا ئۈزۈك سالغان، ئۇچىسىغا ئوچۇق گۈللۈك چىت كۆڭلەك، قىزىل شەلپەردىن تامبال كىيگەن، بېشىدا قىزىلگۈللۈك بۆكى بار، شوخ - نايناقلىقى چىقىپ تۇرغان بىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈلگەن يۈز - چىرايى خۇددى ۋاقتى ئۆتكەن چىلگىگىلا ئوخشايتتى.

ھاسان تايغان بۇ ئايالنى قەيەردىدۇ بىر يەردە كۆرگەنلىكىنى يادىغا ئالماقچى بولۇپ تىرىشتى - يۇ، لېكىن خاتىرىسىگە

كەلتۈرەلمىدى. ئۇ ئاق ساقاللىق ئەرگە باقتى. ئۇنىڭ قويۇق ساقىلى گەرچە ئاقارغان بولسىمۇ، ئات يۈزلۈك چىرايى، يەر تېگىدىن قاراشلىرى ھاسان تايغاننىڭ ئېسىگە بۇنىڭدىن يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ يىل ئاۋۋالقى كۆچمەنلەر چېدىر تىككەن تارانچى دېگەن جايدا قاپقارا ساقىلىنى ئۆز قولى بىلەن چۇشۇرۇۋەتكەن ئاسىم قارىي كەلدى. بۇ ئادەم نەق شۇ ئاسىم قارىينىڭ ئۆزى ئىدى!

ھاسان تايغان سەگەكلەشتى. ئۇ داستىخانغا چاي ـ پاي كەلتۈرۈلگۈچە، ئورنىدىن ئاستا قوپۇپ سىرتقا چىقتى. ئاتلارنى قاڭتۇرۇقتىن يېشىپ ئالدىغا ئاز ـ تولا ئوت ـ سامان چېچىۋاتقان ناسىرغا ناھايىتى قىسقا قىلىپلا ئەھۋالنى ئۇقتۇردى ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدە سەگەك بولۇشىنى تاپىلىدى.

دېگەندەك، ئىش ئىتتىلىقىنى قىلدى. ئىمىن ۋاڭ ۋە ھاسان تايغاننى تونۇپ قالغان ئاسىم قارىي ئۆز ۋاقتىدا ئىمامىلىققا تالىشالمىغانلىقىنى ئىمىن ۋاڭدىن كۆرسە، ئالدىدىلا قاپقارا ساقىلىنىڭ چۈشۈرۈلۈپ، ئەتىسىگە سازايى قىلىنماقچى بولغانلىقىنى ئالىم خوجا بىلەن ھاسان تايغاندىن كۆرۈپ، كۆڭلىگە ئۆچ ئېلىشنى پۈكۈپ يۈرگەنىدى. ئۇلار ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىدىن قايناتقان تەييارلىۋالغان ئۆتكۈر زەھەرنى مانا بۈگۈن ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كەلگەن رەقىبلىرىنىڭ ئېشىغا سېلىپ، داستىخانغا قويغانىدى، سەگەك تۇرغان ناسىر پولۇ ئۈستىدىكى گۆشتىن بىر پارچىنى پىچاق بىلەن كېسىۋېلىپ يۆۋلەپ مۈزلىتىپ، يېنىدا تۇگۈلۈپ ياتقان مۇشۇككە بەردى. گۆشنى يۇتقان مۇشۇك ھايال ئۆتمەيلا ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتىپ، تېپىرلاپ جان بەردى. بۇنى كۆرگەن ئاسىم ئورنىدىن قوپۇپلا چىنە ـ چەينەكنى ئۆرۈپ، ھويلىنىڭ باغ تەرەپكە ئېچىلغان ئىشىككە يۈگۈردى. ئېرىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ قاچقىنىنى كۆرگەن شەرۋانىخانمۇ ھودۇققىنىچە ئېرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى پاش بولۇپ قالغانىدى!

ئاتمىش ياشلىق بۇ ئىككى شەرمەندىگە ناسىر ئىككى تاقلاپلا يېتىشىۋالدى ـ دە، تېخى باغنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ يەتمىگەن بۇ ئىككى رەسۋانى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

ھاسان تايغان ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاياغ ئىمىن ۋاڭغا چۈشەندۈردى. ئىمىن ۋاڭ چارلاشقان ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ دېدى:

ـــ توۋا! «ئاغزىدا كۈلكە ـ چاقچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق» دېگەن مۇشۇ ئىكەن ـ دە! ئەگەر سىلەر سەگەك بولمىغان بولساڭلار، مۇشۇ ناكەسلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولۇركەنمىز. ھەي، شېرىن دۈشمەنلەر! ـــ ئىمىن ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ناسىر ئۆلۈكلەرنى ئاتلاپ باغقا كىرىپ، ئۈزۈمدىن بىر سېۋەت ئۈزۈپ چىقىپ، سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە چايقاپ كېلىپ قورساقلىرىنى ئەستەرلەشتى. ئىمىن ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ھەمراھلىرىغا قاراپ: «بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان» دېگەن راست گەپ ئىكەن ـ دە! بۇ شېرىن دۈشمەنلەر ھەر جايدا بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى چوڭقۇر بىر خورسىنىپ، ئۇلار كېچىلەپ لۈكچۈنگە قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىشتى.



# ئون ئۈچىنچى باب

## ئۈچ مەكتۇپ

بۈگۈن سەھەردىلا مەشلىكبەگنىڭ كۆرەسكە ئۇنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرى يىغىلغانىدى. ئۇنىڭ غوللۇق تۇغقانلىرىدىن: ئوغۇللىرىدىن ئاق خوجا، نىياز، ھەمدۇل، شەمشىدىنلەر، ئىنىسى جورۇپ، ھاشىم، سايىم ۋە تاغىلىرى بولۇپ يىگىرمىدەك ئادەم ھازىر بولدى. ئادەتتىكى كۈنلەردە مەشلىكبەگنىڭ بۇ چوڭ كۆرەسىنىڭ يوغان دەرۋازىسى ئوچۇق تۇراتتى، دەرۋازىنى دەرۋازىۋەن چىرىكلەر باقاتتى. بۈگۈن ناشتىدىن كېيىنلا دەرۋازا ئېتىۋېتىلدى. بۇ ھال بۈگۈن بۇ يەردە مۇھىم كېڭەش بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت ئىدى.

— ئۇلۇغ بوۋام، بوۋام مارجان چوقى، ئاتام تۆمۈر خوجىلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئىلانلىقتىن ئاقتاغقىچە بولغان زېمىندا ئاغلاقچىبەگ بولۇپ يۇرت سوراپ ئۆتكەنىكەن، مانا ئۆزۈڭلار بىلگەندەك، مەن تارخانبەگ بولۇپ، ئاتا ـ بوۋامغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنىدىم، — مەشلىكبەگ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەتراپىتىكىلەرگە — ئىنىلىرى، تاغىلىرى، ئوغۇللىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. چۈنكى، ئۇلار ھەر خىل خىيالدا ئىدى: بەزىسى مەشلىكبەگنىڭ ئورنىنىڭ تەمەسىدە بولسا، بەزىسى بىرەر يۇرت ـ مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىق مەرتىۋىسى تېگىپ قالۇرمۇ دېگەن ئوي بىلەن، يەنە بەزىسى ياندىش ئەمىر بەگلىكنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا ئىدى. يەر تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشۈلدىگىنىنى تۇيۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆز سۆزلۈك بەگ چارلاشقان ساقىلىنى ئوڭ

قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن تاراشلىغاچ، سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە بىر - بىرلەپ تىكىلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ كىمگە تىكىلىپ قارىسا، ئاشۇ تۇغقىنى ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇراتتى. مەڭلىكبەگنىڭ نەشتەردەك قادالغان كۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىسىنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى مەڭلىكبەگ ئوبدان بىلەتتى، — هازىر بىر ياخشى پۇرسەت بار، — مەڭلىكبەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولدى، — جۇڭغار موڭغۇللىرى تۈگەشكىلى ئازلا قالدى. قارىغاندا، جۇڭغارلار خۇددى كەچ كۈزدىكى چىۋىندەك بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇلار مانجۇلارغا ئورۇن بوشىتىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن، ئالتە شەھەر تەرەپتە ئىسھاقىيە مەزھىپى بىلەن ئىشقىيە مەزھىپى[1]نىڭ تالاش - تارتىشى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ تۇرپان دىيارىدىكى خەلق ئۈچ بەگنىڭ ئىلكىدە، ئىمىن سوپى ۋاڭ بولۇۋېلىپ، بىر قىسىم پۇقرانى كۈنچىقىش تەرەپتىكى گۇاجۇ دېگەن يەرگە ئېلىپ كەتتى، ئېزىز خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، نۇرغۇن تۇرپانلىقنى قاراشەھەر ھەم ئۈچقا كۆچۈرۈپ كەتتى. بىردىنبىر ئۆز يۇرتىمىزدا تۇرۇپ قالغىنى مانا بىز. لېكىن، بىز ئوتتۇرىدا قالدۇق. ئىمىن سوپى باشتىلا خاقانى چىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلىپ، يىراقنى كۆرەلىگەنىكەن. ئېزىز خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خوجىسىمۇ جۇڭغار خانى داباچىنى تۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟

① 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا راسا ئەۋجگە چىققان سوپىزمنىڭ ئىككى مەزھىپى. بۇلارغا چوڭ - كىچىك خوجىلار باشچىلىق قىلغان. كېيىنچە ئەل ئىچىدە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» نامىدا ئاتالغان.

مەخلىكبەگ گەپنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى، ئۇ يەنە سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەر بىر تۇغقىنىنىڭ كۆزىگە، چىرايىغا، پىچىرلاشلىرىغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېرىنداشلىرىنىڭ تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇپ، بېشىنى بىر يەرگە قوشالمىسا «يېغى ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال. خوجىسبەگ ئەنە شۇنداق قىپتۇغۇ؟ ئۇ كونا غوجايىنى بولغان جۇڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولغاندا، بۇنىڭغا قارشى تۇرغان قېرىنداشلىرى قىلىچ كۆتۈرۈشۈپتۇغۇ؟ ئەمدى مەخلىكبەگنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغانلار» يوقمىدۇ؟

مەخلىكبەگنىڭ چوڭ ئوغلى ئاق خوجا سۆز ئالدى:

— مىنىڭچە، ئۇ گەپنىمۇ، بۇ گەپنىمۇ قويۇپ، مەنچىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلايلى، ئۇيغۇرلاردا بىر گەپ بار: «ئاپاڭنى كىم ئالسا، ئاتاڭ شۇ» دەيدىغان. مانجۇلار ھازىر پۈتۈن ئەلنى — سەددىچىنىنىڭ ئىچى - تېشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولاي دېدى. بىز ھامان شۇلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ كېتىمىز.

مەخلىكبەگ بۇ چوڭ ئوغلىنىڭ «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۇكنىڭ يېتىشىغا» قاراپ ئىش تۇتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ ئوغۇلنىڭ شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئىرغاڭلايدىغان ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئەۋرىشىم شاختەك بۇ بالا گەرچە شامال ھەم بوراندا سۇنماي تۇرالىسىمۇ، لېكىن مەخلىك خوجىنىڭ ئۆز سۆزلۈكلۈكىنى تازا تارتمىغان ئوغۇل ئىدى. مەخلىكبەگ باشقىلارغا «سىلەر نېمە دەيسىلەر؟» دېگەندەك قىلىپ قارىدى.

— مۇشۇ پۇرسەتتە، — دېدى ئىككىنچى ئوغۇل نىياز، — كۈنچىقىش تەرىپىمىزدىكى ئىمىن ۋاڭغا، كۈنپېتىش ياقتىكى خوجىسبەگكە تۇيۇقسىز چاپقۇن ياساپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى، پۇقرانى قولغا كەلتۈرمىكىمىز زۆرۈر. ئاندىن قانات - قۇيرۇقىمىزنى يېتىشتۈرۈۋېلىپ ياكى مەنچىڭ چېرىكلىرى

بىلەن ئېلىشارمىز، ياكى ئالتە شەھەر تەرەپتىكى خوجا بۇرھانىددىن قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى يوقىتىپ، ئەل ـ يۇرتنى ئەمىن تاپتۇرارمىز.

مەڭلىكبەگنىڭ بۇ ئىككىنچى ئوغلى سەل تەۋەككۇلچى، قېنى قىزىق ئوغۇل ئىدى. ئۇ ئۇچۇشنىلا ئويلاپ، چۈشۈشنى ئويلاپ كەتمەيدىغان بالا ئىدى. مەڭلىكبەگنىڭمۇ ئويىدا كۆنچىقىشقا ئاۋۋال تېگىش قىلىپ، كۆن تۇغۇشقا بىر نۆۋەت، كونا يۇرتىغا بىر نۆۋەت كۆچۈش قىلىپ ئاجىزلاپ كەتكەن ئىمىن ۋاڭنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن جىمىقتۇرۇپ، ئاندىن يىراقتىكى خوجىسبەگكە تېگىش قىلماقچىدى. ئۇ «تۇرۇپ تۇرغانلار تۇرۇپ تۇرسۇن، كېتىۋاتقانلارنى ئاۋۋال يەيلى» دېگەن ئۇسۇلنى قوللانماقچى بولغان. بىراق، بۇ خىيالنى ئىككىنچى ئوغلى بالدۇرراق ئاشكارىلاپ قويدى، خالاس. لېكىن، مەڭلىكبەگنىڭ چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ «ھىم» دەپ سادا چىقىرىپلا، باشقا بىر نېمە دېمەي، باشقىلارغا «قېنى سىلەرمۇ بىر نېمە دەڭلار» دېگەندەك بىر ـ بىرلەپ قارىدى.

مەڭلىكبەگنىڭ تاغىلىرى، ئىنىلىرى ۋە بىر نەۋرە تۇغقانلىرى ئىچىدىكى مويسىپىتلىرى بىرسى ئۇنداق، بىرسى مۇنداق گەپلەرنى قىلدى. تولىسىنىڭ گەپلىرى تۇتۇرۇقسىز، ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ياكى مەڭلىكبەگنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەلمەيدىغان گەپلەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ـ غوللۇق تۇغقانلىرىنىڭ گەپلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. مەڭلىكبەگ تۇغقانلىرىنىڭ كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى، كۆزقاراشلىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ خۇددى ئاشنىڭ پۇرچىقىنى پارلىغاندەك، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئۆز ئىچىدە غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈپ، پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭدى.

كۆپچىلىكنىڭ ھەر خىل گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەم ئاتىسىنىڭ ئويلىغىنىنى مۆلچەرلەپ ئولتۇرغان كەنجى ئوغۇل شەمشىدىن ئاخىردىراق سۆز ئالدى. بۇ ئوغۇل ئاغىلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئوقۇغان، قەشقەر، يەكەنلەرگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، گەپ ـ سۆزنىڭ تورى بار بىر يىگىت ئىدى. ئۇ مۇنداق بىر گەپنى كېڭەشكە قويدى:

ــ بىز ھازىر خۇددى كەڭ زېمىندا پەسىل ئالمىشىدىغان مەزگىلدە تۇرۇۋاتقاندەك بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز، ــ شەمشىدىننىڭ كىتاب سۆزىدەك سۆزلىرىنى سورۇندىكىلەر بەئەينى چوڭ دىنىي ئۆلىمانىڭ ۋەز ـ نەسىھىتىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىغاندەك ئاڭلىماقتا ئىدى، ــ ھازىر يېتىپ كېلىدىغان پەسىل سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. باياتىن چوڭلىرىمىز ناھايىتى بەلەن گەپ قىلدى. ئالاكام① بىلەن مالاكامۇ ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك مەنىلەر بار ئىكەن. مېنىڭچە، بىز ئالدى بىلەن مەنچىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ مەكتۇپ ئەۋەتەيلى، ئۇلارنىڭ رايىنى سىناپ باقايلى. ئاندىن ئىمىن ۋاڭ بىلەن خوجىسىبەگكىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم مەكتۇپ ئەۋەتەيلى، ئۇلارنىڭ خاھىشى قانداق، بۇنى بىلەيلى. ئۇلاردىن جاۋاب مەكتۇپ كەلگۈچە بىز ئۆزىمىزنىڭ پىلانىدىكى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرەيلى، «دوستۇڭغا مەسلىھەت سال، بىلگىنىڭنى قىل» دېگەن ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرسەك قانداق !؟

ئۇلار ئۇ بىر ئېغىزدىن، بۇ بىر ئېغىزدىن سۆز قىلىشتى، ئاخىر يەنىلا كەنجى ئوغۇل شەمشىدىننىڭ سۆزى بويىچە ئىش كۆرۈش لايىق تېپىلدى.

① تۇرپان شېۋىسىدە ئوغۇللارنىڭ كەنجىسى چوڭ ئاكىلىرىنى شۇنداق ئاتايتتى. ھازىر بۇ سۆز ئىستېمالدا ئانچە كۆرۈلمەيدۇ.

كېڭەش ئاخىرلاشتى. مەڭلىكبەگنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قايتا ـ قايتا سۆزلەپ بېرىشى ئاساسىدا، كەنجى ئوغۇل ئۈچ پارچە مەكتۇپقا قەغەز ـ قەلەم راسلىدى.

## بىرىنچى مەكتۇپ

*بۈيۈك مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ خاقانى چيەنلۇڭ خانغا:*

*مەنكى تۇرپان دىيارىنىڭ تارخانبەگلىرىدىن بىرسى بولغان مەڭلىكبەگدۇرمەن. بىزلەر ـــ بوۋام مارجان چوقى، ئاتام تۆمۈر خوجا ۋە مەن مەڭلىك ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تۇرپان دىيارىنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرۇپ كەلگەن بەگلەردۇرمىز. نىھايەتكى، بىز ھەم پۇقرالىرىمىز جۇڭغار چاپقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىنى كۆپ زامانلار تارتتۇقلەر. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەشرىقتىن قۇياش پارلاپ چىققاندەك، بۈيۈك مەنچىڭ خاندانلىقى قۇرۇلۇپ، ئۈستىمىزگە نۇر ـ زىيا، ئاپتاپ چېچىلمىشلاردۇر. شول بائىستىن، پۇقرالىرىمىز بۈيۈك مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ پۇقراسى بولماقنى، بەگلەر خاقانى چىڭنىڭ تاپۇغچى①لىرى بولماقنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئىستىمەكتىمىز. بۇ سادىق كۆڭۈل، سەمىمىي نىيەتلىرىمىزنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن مەڭلىكبەگ خاقانى چىڭنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ھۇزۇرلىرىغا سالامغا بېرىشىمىزنى مەقبۇل كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنۈپ:*

*كەمىنە مەڭلىكبەگدىن*

*چيەنلۇڭ خانىنىڭ 20 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى*

---

① تاپۇغچى ـــ قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز، خىزمەتكار.

# ئىككىنچى مەكتۇپ

*لۇكچۇن ئوردىسىغا:*

*ئىمىنبەگكە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، مەنكى تۇرپان دىيارىنىڭ كونا بەگلىرىنىڭ ئەۋلادى — تۇرپاننىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تارخانبېگى مەڭلىك بەگدۇرمەن. سىز يۇرتىمىز خەلقىنىڭ بىر بۆلىكىنى ئايرىپ كۈن تۇغۇش تەرەپتىكى گۇاجۇ دېگەن يەرگە ئېلىپ كېتىپ، پۇقرانى كۆپتىن - كۆپ سورۇقچىلىققا سالدىڭىز. پۇقرالارنى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىدىن ساقلاپ قالىمەن دېگەن نىيىتىڭىز بىزگە چۈشىنىشلىك. جۇڭغار موڭغۇللىرى بۆرە بولسا، مەنچىڭ خانلىرى قاپلاننىڭ ئۆزىدۇر. سىز جۇڭغار موڭغۇللىرىدىنمۇ ۋەھشىي بولغان يىرتقۇچىنى قاشقۇۋۇقتىن بېرىغا باشلاپ چىقتىڭىز. گەرچە مەنچىڭ چېرىكلىرى جۇڭغار موڭغۇللىرىنى تىنچلاندۇرغان بولسىمۇ، بىزگە ۋە سىزگە مەنچىڭ خانلىرىدىن ھېچبىر گۇيا① كەلمىگەي. بىزدە «ئىككى تورۇقنىڭ ئىلغاسى يوق» دېگەن تەمسىل بار. ئالدىنقىسىغۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنى شىلىپ يەپ سۆڭىكىنى قويغاندى. ئەمدىكىسى بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىزنىمۇ چايناپ پۇركۇۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، بىزنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىزدە، مەشرىق تامانىدىن بىر يەجۇج - مەجۇج دېگەن مەخلۇق كېلەرىمىش. ئۇنىڭ بىر كالپۇكى ئاسماننى، بىر كالپۇكى يەرنى سۈپۈرۈپ، ئۇچرىغاننى يۇتۇپ - يالماپ ماڭارىمىش دېيىلگەن. قىياسەنكى، مۇشۇ مەنچىڭ خاندانلىقى بەلكىم ئاشۇ يەجۇج - مەجۇجدۇر. خەيرىيەت، ئۆتكەندە، يەنى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار بۇرۇن سىز شاپىبەگنى كۇمۇش تامان ماڭدۇرۇپ، ئىبزىر خوجا ۋە ئوغلى خوجىسلارنىڭ*

① گۇيا — تۇرپان شېۋىسى، ۋاپا، ۋاپادارلىق.

*تۇرپان يۇقىرىلىرىنى قاراشەھەرگە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئۇچقا كۆچۈرمەك بولغانلىقىنى توسۇش ئۈچۈن ئەۋەتكىنىڭىزدە، ئاشۇ شاپىبەگ «بىزنىڭ نامىمىز ئۇيغۇر، ئۇيغۇر دېگەن ‹ئۇيۇماق›، ‹ئىتتىپاقلاشماق› دېمەكتۇر، بىز بۆلۈنمەي، ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەندە، مەن: «ھازىرچە ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز ئەگەشكەن خوجىمىزغا ئەگىشىۋېرەيلى، جۇڭغارلار بىلەن مانجۇلارنىڭ بىرسى بىرسىنى يەڭگەندە، شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش كۆرەرمىز» دەپ ياكى سىز تەرەپتە، ياكى ئېزىز خوجا تەرەپتە ئەمەس، بەلكى بىتەرەپ تۇرغانىدىم. مانا ھازىر مەنچىڭ خاندانلىقى كۈنسېرى ئۇلغىيىپ، كۈچى تاكى كۆكئارت① ئېتەكلىرىگىچە يەتكىلىۋاتىدۇ. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مانا ئەمدى بىز ئۇيۇشىدىغان ۋاقىت كەلدى. سىز قومۇلنىڭ تارخانبېگى يۇسۇپنى ئۇندەككە كەلتۈرۈڭ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنى قاشقۇۋۇقتىن بۇيانىغا ئۆتكۈزمەڭلار. مەن خوجىسبەگ بىلەن ئىلىدىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئالتە شەھەر تەرەپكە ئۆتكەن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى يوقىتاي. تۈركىستان زېمىنلىرى قولىمىزغا تولۇق ئۆتكەندە، سىز كۈن تۇغۇش تەرەپلەرنى، مەن كۈنپېتىش تەرەپلىرىنى سورارمىز. ناۋادا ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىمايدۇ دېگۈدەك بولسىڭىز، سىز خاقان بولۇڭ، مەن نائىب (ئورۇنباسار) بولاي. ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ مەسلىھەتلىرىمگە كۆنمەي، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويار بولسىڭىز، مېنىڭ قىزىل تىرنىقىم ئاۋۋال سىزنىڭ ياقىڭىزدا بولغۇسىدۇر.*

*سۆز تامام، ۋەسسالام.*

*تېزدىن جاۋابياندۇرغايسىز.*

*نامە ئەۋەتكۈچى: مەڭلىكبەگ*

*ھىجرىيە 1123 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى*

① كۆكئارت ـــ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

# ئۈچىنچى مەكتۇپ

*خوجىسىبەگكە دۇئايى سالام!*

*بىزلەر مەڭلىكبەگدۇرمىز. نامە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بىزلەرنىڭ زېمىنلىرىمىزنى ئىلگىرى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئات تۇياقلىرى دەسسەپ ـ چەيلىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە مانجۇلارنىڭ ئات تۇياقلىرى دەپسەندە قىلماقتا. بۇنىڭدىن مۇقەددەم بىزلەر جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئالباتۇلىرى بولغان بولساق، ئەمدى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ يېپىشى ئۈچۈن بۇغداي، ئاتلىرى ئۈچۈن ئارپا ـ سۇلۇ تېرىپ بېرىدىغان تارىغچى (دېھقان) بولۇرمىز. ھالىمىز بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلماقلىقتۇر. سىزمۇ سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۇكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، كونا خوجىڭىز بولغان جۇڭغار خانلىرىنىڭ ۋارىسى ـــ داباچى خاننى مەنچىڭ چېرىكلىرىگە تۇتۇپ بېرىپسىز. جۇڭغارلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ھامان سىزدىن ئۆچ ـ قىساس ئالماي قويمايدۇ. كونا خوجىسىغا گۇيا قىلمىغان ئادەمنى مانجۇ ھۆكۈمدارلىرى ياقتۇرارمۇ؟ سىز بىلەن بىز تۇرپان دىيارىنىڭ ئەسلىي كونا بەگلىرىنىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادى، ئىنباسار بەگلەرمىز. تەسەۋۋۇرىمىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تارقىتىپ يۈرگەن بىر ئاددىي ئادەم ئىمىن سوپى لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى تارتىۋېلىپ، ۋاڭ ـ بەگ بولۇۋالدى. جىم تۇرساق ئەتە ـ بەش كۈندە بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا چىققۇسى. كونىلارنىڭ «جىممىدە تۇرسام دۆڭ دەمسەن، گەپ قىلمىسام مۆڭ دەمسەن؟» دېگىنىدەك بىر ئىش بولمىسۇن. «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دەپتىكەن، جىم تۇرمايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلەن بىزنىڭ ئەسلىي يۇرت ـ ماكانىمىز تۇرپان دىيارى. سىز جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ زورلىشى بىلەن كىندىك قېنىڭىز تۆكۈلگەن ماكاننى تەرك ئېتىپ، يىراق يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپسىز. سىز ئۆز يۇرتىڭىز تەرەپكە سۈرۈلۈڭ، بىز بىرلىشەيلى، بولمىسا بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، ئايرىلغاننى ئېيىق، دېگەندەك بىر ئىش*

*بولۇپ قالمىسۇن. مەن بىلەن بىرلىشىشكە مەيلىڭىز تارتمىسا مەيلى. «چوڭ قىزىڭىزنى بەرمىسەڭ، كىچىك قىزىڭ قاش ئاتىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن مەشرىق تەرەپتىن ئۆزۈمگە ھەمدەمچى تېپىۋېلىشىممۇ مۇمكىن. «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» بولۇپ قالمىغاي. ئويلىنىپ تېزدىن جاۋاب ياندۇرۇڭ.*

*مەڭلىكبەگدىن.*

*ھىجرىيە 1123 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى*

ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىلتىماسقا جاۋابەن يارلىق كەلدى. يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«تۇرپان ھازىرچە مۇقىم ئەمەس. مەڭلىك ئۆز يېرىنى ياخشى باشقۇرۇپ تۇرسۇن. بۇ قېتىم ئىنىسى ياكى ئوغۇللىرىدىن بىرسىنى بېيجىڭغا ئەۋەتسۇن، ئۆزى ۋاقتىنچە سالامغا كەلمىسۇن. بىر ـ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ خۇسۇستا قايتا ئىلتىماس سۇنسۇن».

مەڭلىكبەگ يارلىققا بىنائەن ئۆزى ۋاقتىنچە بېيجىڭغا بارمايدىغان، ئۆزىگە قاراشلىق ئاۋامنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. چوڭ ئوغلى ئاق خوجىنى چيەنلۇڭ خانغا مۇناسىپ كەلگۈدەك ئېغىر سوۋغا ـ سالام بىلەن ھايال ئۆتمەيلا بېيجىڭغا مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا يولغا سالدى.

خوجىبەگ ۋەزىيەتنى ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. ئۇ خۇپسىيانە ھالدا ئىلىغا، تۇرپانغا، قومۇلغا، مەڭلىكبەگنىڭ يەرلىرىگە، قەشقەر، يەكەن تەرەپلەرگە ئەھۋال ئىگىلىگىلى ئايرىم ـ ئايرىم ئادەم ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا ئۇچتۇرپاننىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىپ، ئۆزىنى پۇختىلاشنى ئەلا بىلىپ، جىم يېتىۋالدى. مەڭلىكبەگ كەينى ـ كەينىدىن سىلىق ـ سىپايە گەپ بىلەن، پوپوزا ـ تەھدىتلىك گەپلەر بىلەن قايتا ـ قايتا مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، خوجىسبەگ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، «ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسى»دەك يوقاپلا كەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## كونا ماكانغا قايتىش

چىيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى يېڭىدىن ئەمەلگە تەيىنلەنگەن گەنسۇنىڭ پەرمانبەردارى مىڭ دې چىيەنلۇڭ خانغا ئۇزۇن بىر مەلۇماتنامە سۇندى. مەلۇماتنامە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«تەكشۈرۈشىمىزچە، گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە تۇرپان دىيارىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەن. يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى بۇيۇك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گۇاجۇغا بەش قەلئە سېلىنىپ، بۇ ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇنىڭغا يىگىرمە يىلدىن ئېشىپتۇ، ئەنشى، گۇاجۇ ئەتراپىدىكى يەرلەر پۈتۈنلەي سۇلى دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىكەن. بۇ ئەتراپلاردا بوران كۆپ، يامغۇر ئاز، دەريا سۈيى دائىم ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوسۇلى ئۇدا كېمىيىپ، كۈندىلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ئاران ـ ئاران قامداپ كەپتۇ. يۇڭجېڭنىڭ 12 ـ يىلى قۇرغاقچىلىق تۈپەيلى ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەچكە، ئۇلارغا بىر مىڭ بەش يۈز دادەن ئاشلىق ئىنئام قىلىنغانىكەن. يۇڭجېڭنىڭ 13 ـ يىلى يەنە بىر تۈمەن ئىككى مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئۇرۇقلۇق ھەم ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز بېرىلگەنىكەن. ئاشلىق توشۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتە سەر كۈمۈشتىن ئارتۇق بولغانىكەن. چىيەنلۇڭنىڭ 3 ـ يىلى يارلىققا بىنائەن بۇ تۆردىكى كۈمۈش، ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن. چىيەنلۇڭنىڭ 15 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە ئوزۇق

يېتىشمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئالتە مىڭ دادەن ئاشلىق قەرز بېرىلگەن. قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، كېيىنچە بۇ ئاشلىق يەنە كەچۈرۈم قىلىنىۋېتىلگەن. تېخى بۇلتۇرلا يەنە تۆت مىڭ دادەن بۇغداي قەرز بېرىلدى. بۇ ئۇيغۇرلار گۇاجۇ تامان كۆچكەن يىلى قىشلىقى قومۇلنىڭ تارانچى دېگەن يېرىدە قىشلىغاندا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاشلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ھازىرغىچە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاشلىق ئىككى تۈمەن ئۈچ مىڭ بەش يۈز دادەندىن ئېشىپتۇ. تەكشۈرۈپ تەھقىقلەشكە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا سەككىز مىڭ بىر يۈز نوپۇستىن كۆپرەك ئىكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر تۈمەن ئىككى مىڭ بىر يۈز نوپۇسقا يېتىپتۇ. كەلگۈسىدە نوپۇس سانى بارغانسېرى كۆپەيسە، مۇقەررەر ھالدا ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ ... مانا ھازىر تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ بۇيۇك چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئورۇنلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەردە ئاچىدىغانغا يەر، ئورۇنلىشىشقا ئورۇن بولسىلا، خىراجەت ئاجرىتىپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان تۈزۈك، يەنى جاساقبەگ ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرى بولغان تۇرپان، لۈكچۈنلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر»①.

چيەنلۇڭ خان بۇ ئۇزۇن مەلۇماتنى كۆرۈپ ئۇزاق ئويلاندى: ئەجەبا، بۇ كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇنچىلىك جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپمۇ ئوردىغا قىلچىمۇ ۋايساپ كەلمەپتۇ. يەنە تېخى بۇلتۇر مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى بولۇپ ئىمىن ۋاڭ غەربىي يۇرتقا لەشكەر تارتىپتۇ. ئىمىن ۋاڭ ھەقىقەتەن ساداقەتمەن بەگ ئىكەن. شۇڭىنىسى، مەلۇماتنامىگە قارىغاندا، چېگرا قوغداش سانغۇن مەھكىمىسى ھەم گەنسۇنىڭ مەمۇرلىرى بۇ كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا خېلى جىق ئاشلىق، سايمان -

① جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان: «قارا دىۋان تاپشۇرۇۋالغان مەلۇماتنامىلەر» مىللەتلەر تۈرى، 1075 - جىلد.

جابدۇق ياردەم قىپتۇ ـ يۇ، لېكىن كۆچۈپ كەلگەنلەر يالجىماپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلار ئورۇنلاشقان يەرلەرنىڭ شارائىتى ھەقىقەتەن ناچار ئوخشايدۇ، ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئۇيغۇرلار غەيرەتلىك، چىدامچان خەقلەر ئىكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىۋەرسە، ئۇ ئۇنۇمسىز يەرلەر ئۇلارنى بېقىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئۇلار دائىم غۇربەتچىلىكتە ئۆتمۇۋەرسە، بۇمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە چېگرانى قوغداشقا يەنە شۇ يەرلىك ئادەملەر بولمىسا بولمايدۇ...

چيەنلۇڭ خاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن گەنسۇنىڭ پەرمانبەردار بېگى مىڭ دې ئىمىن ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئىمىن ۋاڭ بۇ بەگنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۇتۇۋالدى.

قوبۇلخانىدا مىڭ دې بەگ ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ شاپىبەگ، خالىق مىڭبېشى، ئالىم خوجا قاتارلىق بەگلىرى بىلەن ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭلاشقاچ، پات ـ پات ئىمىن ۋاڭغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپتى، ئىمىن ۋاڭ ئاتمىش ياشلار چامىسىدا كۆرۈنىدى. ئۇ تىمەن، قاۋۇل ئادەم ئىدى. گەرچە ساقال ـ بۇرۇتىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاقارغان بولسىمۇ، تۇرقى بېجىرىم كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىنىڭ تورى بار، سالماق، ئېغىر ـ بېسىق مىجەزدىكى يولباشچى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن مىڭ دې بەگ گەپنىڭ تېمىسىنى تۇرپان، لۇكچۇنلەرنىڭ ئەھۋالىغا يۆتكىدى:

— ئىمىن ۋاڭ جانابلىرى، سىلى يېقىندىلا كونا يۇرت ـ ماكانلىرى تەرەپكە ئۆتۇپ كەلدىلە، يۇرتىنىڭ باغۇاراڭلىرى، ئېتىز ـ ئېرىقلىرى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— يۇرت ئىچىدە ئادەم يوق دىيەرلىك بولغاچقا، باغىۋاراڭلار پەرۋىشسىز قاپتۇ. ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئوت ـ چۆپ، قۇم بېسىپ تۇرۇپتۇ، — ئىمىن ۋاڭ مىڭ دې بەگنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ كونا يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانلىقىنى ئاز ـ تولا پەملىگەنىدى.

— سىزلەر بۇ گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەنگىمۇ خېلى ۋاقىت

بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ ــ مىڭ دې بەگ شاپىبەگكە قارىدى.
ــ شۇنداق، بۇ يىل يىگىرمە ئۈچ يىل بولدى.
ــ قېرىنداشلىرىڭىز بۇ يەرلەرگە كۆنۈپ قالغاندەكمۇ؟
ــ راست گەپنى ئېيتقاندا، ــ دېدى شاپىبەگ ئىمىن ۋاڭغا ۋە باشقا بەگلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ــ تازا كۆنۈپ كېتەلمىدى، ــ دېدى.
ــ ئۇنداقتا قېرىنداشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونا يۇرتلىرىغا كەتكۈسى بار ئوخشىمامدۇ؟
ــ بىزدە «بۆرە بالىسى تاغقا قاراپ هۇۋلايدۇ» دېگەن گەپ بار، مىڭ دې جانابلىرى، ــ بۇ خالىق مىگىبېشىنىڭ گېپى ئىدى.
ــ راست، راست، هەر كىمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يېرى قەدىرلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ــ مىڭ دې بەگ خالىق مىگىبېشىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.
ــ هازىر تۇرپان تەرەپلەر تىنچىپ قالدىغۇ دەيمەن؟ ــ مىڭ دې بەگ ئىمىن ۋاڭدىن سورىدى.
ــ شۇنداق، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى غەربكە لەشكەر تارتقاندىن كېيىن، قومۇل، تۇرپان تەرەپلەر تىنچىپ قالدى. چىڭ قوشۇنلىرى هازىر ئالتە شەهەر تەرەپتە پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ ئىمىن ۋاڭ مىڭ دې بەگنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىغا يارىشا گەپ قىلدى.
ــ چىڭ قوشۇنلىرىنى كۆنىپتىمىش ياقتا سىلى باشلاپ باردىلاغۇ دەيمەن ئىمىن ۋاڭ جانابلىرى، ئۇ يەرلەرنىڭ هەقىقىي ئەهۋالى زادى قانداقراق ئىكەن؟ ــ مىڭ دې بەگ ئىچكىرىلەپ سورىدى.
ــ مەن يارلىقتا بىنائەن ئۆتكەن يىلى ئىلى تەرەپكە لەشكەر تارتىپ باردىم. قايتىشىمدا تۇرپان دىيارىنى ئارىلاپ چىقتىم. ئۇ يەرلەردە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ سايىسىمۇ قالماپتۇ، پۈتكۈل تۇرپان، لۈكچۈن دىيارىدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بولۇپ تۆت يۈز تۈتۈن ئادەم بار ئىكەن. مەن ئىلىدىن يۈز تۈتۈن تۇرپانلىقنى قايتۇرۇپ

كەلدىم. تۇرپاندا جەمئىي بەش يۈز ئۆيلۈك پۇقرا بار بولدى. لېكىن، تۇرپان، لۈكچۈندىكى يۇرت ـ مەھەللىلەر ئۇزۇلمەي ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ۋە كۆچۈش دەستىدىن ۋەيران بولۇپ، سورۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق ئون ئالتە ئورۇندا تېرىلغۇ ئېتىزلىرىمۇ خېلى بار ئىكەن، — ئىمىن ۋاڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— ھازىر سىلىگە نىسبەتەن، — دېدى مىڭ دي بەگ ئىمىن ۋاڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — كونا يۇرت قەدىرلىكرەكمۇ ياكى مۇشۇ گۇاجۇدىكى يېڭى ماكان قەدىرلىكمۇ؟

ئىمىن ۋاڭ مىڭ دي بەگنىڭ گېپىنى بىر دەقىقە ئويلاندى ـ دە، ئاندىن:

— ئۇيغۇرلاردا «ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا، كىشى يۇرتى — ئۆگەي ئانا» دەيدىغان ماقال بار. لېكىن، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھىممەت ـ شاپائىتى بىلەن يۇرتلار پاسىلسىز بولدى. پاسىلسىز يۇرتلارغا نىسبەتەن بىز ئەمدى ئۇ يۇرت مۇنداق، بۇ يۇرت مۇنداق دەپ يۈرمەيمىز. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئىلگىرى مانجۇلار، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تائىپىلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ياشاپ، ھەرقايسىسى ئۆز دائىرىسىدە تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، كىم كۈچەيسە شۇ ھۆكۈمران بولغان، سەددىچىننىڭ شەرقىي قوۋۇقى① تېشىدا بىر تائىپە، سەددىچىننىڭ ئىچىدىكىلەر بىر تائىپە، قاشقوۋۇق② نىڭ سىرتىدىكىلەر بىر تائىپە بولۇپ، ھەر خىل دىن، ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەت، ھەر كىم ئۆزىنىڭ تۆرۈ ـ قائىدىسى بويىچە ياشاپ كەلگەنىدى. مەنچىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، سەددىچىننىڭ ئىچى ـ تېشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلقلەرنى ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆزئارا

---

① شەرقىي قوۋۇق — شەنخەيگۇەننى دېمەكچى.
② قاشقوۋۇق — جيايۈگۇەننى دېمەكچى.

ئۆگىنىدىغان، پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مۇھىتنى ياراتتى. بۇرۇن خەقلەر خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك، ئاسماننى پەقەت قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىكلا بار دەپ ئويلايتتى. مانا ئەمدى چوڭ بىرلىككە كەلگەن ئەلدە يۇرتلارنىڭ پاسىلى يوق، چوڭ بىرلىشىش ئەلنى قۇدرەت تاپتۇرىدۇ. شۇڭا، بىز هازىر: ئۇ يۇرتمۇ مېنىڭ يۇرتۇم، بۇ يۇرتمۇ مېنىڭ يۇرتۇم، قىزىل چوكىدا تاماق يېسەم، تاقاشماس مېنىڭ بۇرۇتۇم، دەپ يۇرىدىغان تۈيغۇغا كېلىپ قالدۇق!

— ها ـ ها ـ ها! ئەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئىمىن ۋاڭ، سىزگە قول قويدۇم، قايىل بولدۇم! — مىڭ دې بەگ ئىمىن ۋاڭنىڭ مۇئامىلىدىكى چېۋەرلىكىگە، گەپ ـ سۆزلىرىنى چوڭقۇر مەنىلىك، چۈشىنىشلىك قىلغانلىقىغا ھەقىقەتەن قايىل بولغانىدى.

* * *

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. مىڭ دې بەگ بىلەن ئىمىن ۋاڭ ئاشۇ تەرزدىكى سۆھبەتنى يەنە بىرقانچە قېتىملاپ ئۆتكۈزدى. ئاخىر، چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار كونا يۇرتى تۇرپان، لۈكچۈن تامان سەپەرگە ئاتلاندى.

گۇاجۇدىن تۇرپان تامان كۆچكەن ئۇيغۇرلار جەمئىي ئىككى مىڭ تۆت يۈز ئەللىك ئىككى تۈتۈن بولۇپ، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلاردىن جەمئىي سەككىز مىڭ بەش يۈز يەتمىش سەككىز ئادەم كۆچتى. ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم گۇاجۇدا قالدى.

ئومۇمىي كۆچكەن ئاھالىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئون ئائىلە ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ تۈتۈننىڭلا ھارۋىسى، ئات ـ ئۇلاغلىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزئارا سەپلەشتۈرۈلۈپ، يۇرت ـ يۇرتلار بويىچە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ كۆچۈشتى.

كۆچمەنلەر يەتتە توپقا بۆلۈنۈپ، كەبىسە 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقىشتى. چوڭ ياشلىقلار بىر خىل تەلپۈنۈش ئىچىدە، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بىر خىل ئىنتىلىش ئىچىدە مەغرىب تامان ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى...

# ئون بەشىنچى باب

## مەگىلىكبەگنىڭ توپىلىڭى

گۇاجۇدىن كونا ماكانى بولغان تۇرپان، لۇكچۇنگە كۆچكەن خەلقنىڭ ئات ـ ئۇلىغىنىڭ تۇيىقى تېخى سوۋۇماي تۇرۇپلا، مەگىلىكبەگنىڭ ئىمىن ۋاڭغا يازغان مەكتۇپى يېتىپ كەلدى. مەكتۇپ تەھدىتلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغانىدى. ئىمىن ۋاڭ ياكى مەگىلىكبەگكە قوشۇلۇپ مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك، ياكى بولمىسا مەگىلىكبەگنىڭ قىلىچىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچى بىر يول يوق ئىدى! ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن، تېخى كونا ماكانلىرىدىكى ئۆيلىرىنىڭ مورىسىدىن ئەمدىگىنە ئىس چىقارغان ئادەملەرگە نىسبەتەن يېڭىدىن ئۇرۇشقا دۇچ كېلىش ناھايىتى ئېغىر بىر ئىش ئىدى. بۇ بىر چوڭ سىناق ئىدى. خۇددى «يېڭىدىن غەزەل چىقتى، ئېيتالماي جېنىم چىقتى» دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتاتتى...

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىمىن ۋاڭ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، مۇۋاپىق بىر چارە تاپالمىدى. ئۇ مەگىلىكبەگنىڭ بۇ قىلىقىغا بەكمۇ ئاچچىقلاندى: «يېغا ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەن مۇشۇ ئىكەن ـ دە! يات تائىپىدىن بولغان مانجۇلار، خەنزۇلار چېغىدا «بىر ئەلنىڭ پۇقرالىرى بىز» دەپ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە بۇ تۇرپان، لۇكچۇنلۇكلەرنى گۇاجۇغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ «يىقىلغانغا يۆلەك بول، يىرتىلغانغا ياماق بول» دېگەندەك ئىش قىلدى. ۋەتەنداش دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكقۇ ؟! بىلىسە، بۇ مەگىلىكبەگ دېگەن بىز بىلەن بىر

قېرىنداش، يۇرتداش، دىنداش بولغاندىن كېيىن، ئالدىمىزغا كېلىپ «ئۆلگەن بولسا ئېگىكىنى تاڭاي، تىرىك بولسا يارىسىنى تاڭاي» دېيىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە، «ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ، ئەسكى تامدىن قوقاق» دېگەندەك بىر ئىش قىلىۋاتىدۇغۇ بۇ مەڭلىكبەگ! «غالجىر خۇدانى تونۇماس، ئىت هارامنى» دەپتىكەن چوڭلار. مۇشۇ تۇرقىدا بۇ مەڭلىكبەگ دېگەن بەئەينى غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى بوپتۇ. غالجىر ئىتنى ئۇرۇش كېرەك!

ئىمىن ۋاڭ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى ـ يۇ، مەڭلىكبەگكە دەماللىققا ياندۇرۇق مەكتۇپ ئەۋەتمىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، يەنە ئازراق ۋاقىت كۈتۈپ تۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭغىچە، «پالتا كۆتۈرۈلگۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ» قىلىپ، كۆچۈپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ سەل ـ پەل هاللىنىۋېلىشىنى كۈزلىگەنىدى. ئىمىن ۋاڭ مەڭلىكبەگكە نىسبەتەن «كۈتۈپ تۇرۇش» چارىسىنى قوللانغاچ، «بىر سىرلىق بول، سەككىز قىرلىق بول» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ سەرۋاز ـ لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سالدى. مەڭلىكبەگ ئۇنى ساقلاپ تۇرمىدى.

ئارىدىن تۆت ـ بەش كۈن ئۆتكەنىدى، بىر كۈنى چۈشكە يېقىن مەنچىڭ چېرىكلىرىدىن بىر ئاتلىق خەۋەرچى لۈكچۈن ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ مىنگەن چىلان تورۇق ئات قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇ ئىمىن ۋاڭغا جىددىي مەلۇمات يەتكۈزگىلى كەلگەنىدى ــ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پىچاندا لەشكەر تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئالدىدا ئەۋەتكەن مىڭبېشى خې چى سەردار بەش يۈز نەپەر چېرىك بىلەن مەڭلىكبەگ ۋە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ كىچىك ئاتامانى نىما باشچىلىق قىلغان ئىككى مىڭدىن ئوشۇق لەشكەرنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا ئۇچرىغانىكەن.

ــ هوي، خوتۇن تالاق مەڭلىك، ئاخىر قىلىدىغىنىڭنى قىپسەن ـ دە! «قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن موزاي چىچماي قويمايدۇ» دېگىنى راست گەپ ئىكەن. ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم! ــ ئىمىن ۋاڭ

شۇنداق دېدى ـ دە، ئورنىدىن غەزەپ بىلەن تۇرۇپ، خالىق مىڭبېشىغا لەشكەرلەرنى سەپراس قىلىشنى تاپىلىدى.
خالىق مىڭبېشى ئىككى يۈز ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ سىرىكىپ غولى ئېچىگە جايلاشماقچى بولۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مەڭلىك بىلەن ئىمانىڭ چېكىنىش يولىنى ياكى لۈكچۈنگە چاپقۇن قىلىش يولىنى ئەنە شۇ يەردە توسماقچى بولدى. ئىمىن ۋاڭ ئۆزى تۆت يۈز نەپەر ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، توختى مامۇت، هاشىم بۆرە، هاسان تايغانلارنى يانداشتۇرۇپ، قاۋانلىق بىلەن شۆگە ـ تېتىر غولى تامان يۈرۈپ كەتتى؛ شاپىبەگ، ئوغلى ناسىر، خالىقنىڭ ئوغلى ئەهەد، ئالىم خوجا، ئابدۇرېهىم پەرەڭلەر ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان بىلەن لۈكچۈن ئوردىسىنى ساقلاپ قالدى.
ئەسلىدە ئىما ئاتامان بىر مىڭ بەش يۈز چېرىكنى باشلاپ، كۆكيار غولىدىن تۆۋەنلەپ، «توققۇز ئوغۇلنىڭ كارىزى» دېگەن تەرەپتىن، مەڭلىك مىڭ نەپەر چېرىك بىلەن «تۇرپانلىق ئارىسى» دېگەن يەردىن تەڭلا پىچان قەلئەسىگە تېگىش قىلغانىكەن. خې چى سەردار يۈزدەك چېرىكىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، قەلئەنى تاشلاپ، تۆت يۈز نەپەر چېرىك بىلەن قۇمتاغ تەرەپكە يۆلىنىپ، هەرىكەتچان ئۇرۇشقا ئۆتكەنىكەن. قاتتىق يارىدار بولغان خې چى سەردار بەك قانسىراپ كېتىپ، ئاخىر هېلىقى چېرىكنى ئىمىن ۋاڭغا ئەۋەتكىنى ئىكەن.
ئىمىن ۋاڭ خې چى سەردارنى قۇمتاغ باغرىغا دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭ تۆت يۈز نەپەر ئادىمىنى ئۆز لەشكەرلىرى ئارىسىغا سەپلەپ، كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەرەددۇتىغا كىرىشتى.
ئىمىن ۋاڭ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن چۈشكۈن قىلغان قۇمتاغ باغرىدا سەككىز يۈزدىن ئارتۇق لەشكەر يۈزدىن بىر توپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىمىن ۋاڭ هۇزۇرىدا قىسقا كېڭەش باشلاندى:
— چاپقۇن ياساپ كەلگەن بۇ چېرىكلەر بۇ تەرەپلەرگە

پىششىق ئەمەس. شۇڭا، بىز ئەپلىك ئورۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئەدەپلەيلى، ــ دېدى يۈزبېشى مىجىت دېگەن ياش سەرۋاز.

ــ مەن ياش ۋاقتىمدا جازانىخور بايلارنىڭ ئېغىل ـ قوتانلىرىغا چۈشۈپ، كېچىسى ئۇلارنىڭ قوي ـ توپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتەتتىم. شۇڭا، خەقلەر مېنى «هاشىم بۆرە» دەپ ئاتاشقاندى. ھېلىھەم مېنىڭ پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر ـ قۇۋۋەت بار. كېچىدە تۇيدۇرماي بېرىپ، مەڭلىك چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئېگەر ـ جابدۇق ئۇلاڭلىرىنى قىرقىپ ـ قىيىپ تاشلاي، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۇلار ياۋداق ئاتلار بىلەن ئورۇشقا چۈشەلمەيدۇ، ــ دېدى ھاشىم بۆرە.

ھاشىم بۆرىنىڭ بۇ پىلانىغا ئىمىن ۋاڭ كۆڭلىدە تەھسىن قىلىپ تۇراتتى. يەنە بىر يۈزبېشى ئورنىدىن تۇرۇپلا:

ــ ئۇ چاغلاردا سەن موزاي ـ توپاقلارنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيتتىڭ، سوقما تامنى مىنىۋالساڭمۇ ئۇنى دەپشىتىپ يورۇپ ماڭدۇرۇۋېتەلەيتتىڭ. ئەمدىچۇ؟ قېرىدىڭ! ــ دېدى.

ھاشىم بۆرە ئۇنىڭغا ئەمدى بىر نېمە دەپ رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، مىجىت يۈزبېشى قوپۇپ:

ــ ھاشىم ئاكا، بىز بۆرىلەرنىڭ قوي ـ ئۆچكىلەرگە چاپقىنىنى ئاڭلىغان. ئاتقا چاپقىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمىز! ــ دېدى.

ــ قېرىغاندا قوتان ـ ئېغىللارغا يالغۇز چۈشۈپ يۈرمە، ھاسان تايغان ئاكىمىزنى بىللە ئېلىۋال، ئىگىسى كېلىپ قالسا قاۋاپ ـ ھاۋشىپ بېرىشكە يارايدۇ!

ــ ھا ـ ھا ـ ھا!

ــ ھا ـ ھا ـ ھا!

كېڭەش سورۇنى چاقچاق سورۇنىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى.

ــ «ئېشەك ئۆلسە كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك ئىش

قىلىۋاتىسىلەرغۇ، ھوي يىگىتلەر !؟ بۇ دېگەن كېڭەش، ئەگەر كىمكى يەنە چاقچاق قىلىدىغان بولسا، ئۇرۇشتا ئۆلسەڭلار نامىزىڭلارنى چۈشۈرمەيلا كۆمۈۋېتىمىز جۇمۇ ! — بۇ چاۋۇشبەگ ھاسان تايغان ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا چاقچاققا مايىلراق بولغان ئاشۇ گەپلەرنى قىلدى. بەزى ياش سەرۋازلار: «لەقىمىنى ئاتاپ قويغىنىمىزغا چىچاڭشىپ كەتتىمۇ نېمە بۇ تايغان؟» دەپمۇ ئويلىدى ئىچىدە.

— مېنىڭچە، بىز ئوچۇقچىلىق جايغا بىر قاتار ئورەك كولاپ، ئىچىگە قوزۇق قاقايلى، ئاندىن مەڭلىكنىڭ چېرىكلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بىلەنلا يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىنى ئورەك بار يەرگە ئالداپ ئېلىپ كېلەيلى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئورەكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قاچسۇن، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىدىن بىر قىسمى ئۆزلىرىنى توختىتالماي ئورەككە چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا بىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، — توختى مامۇتنىڭ بۇ پىلانىغىمۇ ئىمىن ۋاڭ باش لىڭشىتىپ قويدى.

— توختى مامۇت يۈز بېشىنىڭ چارىسىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دانىشمەنلەر: «ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس» دېگەنىكەن. دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز ئەھۋالدا كۆپرەك چارە - تەدبىر بىلەن ئۇرۇش قىلايلى، — ئىمىن ۋاڭنىڭ بۇ سۆزى بىلەن كېڭەشكە قاتناشقان يۈزبېشى، بەگلەر ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغىنىنى سۆزلەشتى. كېڭەشنىڭ ئاخىرىدا، ھاشىم بۆرىنىڭ كېچىدە تۇيدۇرماي مەڭلىكبەگنىڭ چېرىكلىرى ئارىسىغا مۆكۈنۈپ بېرىشىنى ھەم توختى مامۇتنىڭ سۆزى بويىچە «ئۇرۇش بولىدۇ» دەپ مۆلچەرلىگەن جايغا ئورەك كولاشنى ماقۇللاشتى. كېڭەش ئاخىرلاشتى. يۈزبېشىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يىگىتلەردىن بىر تۈركۈمى ئورەك كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. ھاشىم بۆرىمۇ ئىككى يىگىتنى ئېلىپ مەڭلىكنىڭ چېرىكلىرى

چۈشكۈن قىلغان تەرەپكە جۆنەپ كەتتى.

كېچە، يېڭى چىققان ئاي ئاسماندا ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆكـۈچ ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. يېڭى چىققان ئـاي يورۇق ھەم نازاكەتلىك بولۇپ، يۇمشاق نۇرلىرىنى مەجنۇنتالنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىغا، قۇم دۆڭلىرىگە، غول ئىچىگە — پۈتكـۈل زېمىن ئۈستىگە چاچماقتـا. جەنۇب تەرەپتىن يەڭگىل شامـال ئۇرۇپ تـۇراتتى. شامـال يېڭىـدىن چېچەكلىگەن ئالما، ئـۆرۈك، شاپتۇلـلارنىڭ بەرگىـلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يەرگـە تۆكەتتـى... كۆلۈمسىرەپ تۇرغان پەرىلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ قالغان بىر جۈپ يۇلتۇز ئەگىمەچ يېڭى ئاي بىلەن بىللە يېنىك ئىرغاڭلاپ تۇرغان يۇمران نوتىلارنى — تال چىۋىقلىرىنى ئەركىلەتمەكتە ئىدى.

ھاشىم بۆرە ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، قولتۇقلىرىغا ھەر بىرسى بىر باغلامدىن قۇرۇق بېدە قىستۇرۇپ، مەڭلىكبەگ چېرىكلىرى چۈشكۈن قىلغان يەرگە خۇددى ئەرۋاھتەك تۈيدۇرماي تىمىسقىلاپ يېتىپ كەلدى.

خاماندەك بىر ئوچۇقچىلىقتا ئوتتۇرىغا گۇلخان يېقىلغان بولۇپ، چېرىكلەر قالايمىقان يېتىشىپ، خورەككە چۈشكەنىدى. ئادەم ۋە ئاتلاردىن چىققان تەر پۇراقلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلىغانىدى.

چېرىكلەر ئەنە شۇ ھالەتتە ئىككى ـ ئۈچ يەردە توپلىشىپ يېتىشقان، ئاتلار نېرىراقتىكى دەرەخلەرگە باغلانغانىدى. قاراۋۇللارمۇ قولىدىكى قورالىنى قۇچاقلىغان پېتى مۈگدەككە چۈشكەنىدى.

ھاشىم بۆرە بىلەن ئىككى يىگىت ئاتلارغا يېقىنلاشتى. ئاتلار ئۆلارنى بوغۇز بېرىدىغان ئادەمگە ئوخشاتتى بولغاي، بەزىلىرى باشلىرىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ قويسا، بەزىلىرى يەڭگىل پۇشقۇرۇپ قوياتتى. يەنە بەزىلىرى يات پۇراقنى سېزىپ، خارتىلداپمۇ قويدى. ھاشىم بىلەن ئىككى يىگىت قوللىرىدىكى

ئۆتكۈر پىچاق بىلەن ئاتلارغا توقۇقلۇق ئېگەرلەرنىڭ ئۇلاڭلىرىنى بىر - بىرلەپ كېسىشكە باشلىدى. بەزىلىرىنىڭ نوختىلىرىمۇ كېسىۋېتىلدى. بەزى شەپشەكرەك ئاتلار يات پۇراقنى سېزىپ، چىچاڭشىپ ياكى خارتىلداپ، هاشىم بۆرە بىلەن ئۇنىڭ هەمراهلىرىنى يېنىغا يېقىن يولاتمىدى. ئۇلار بىر توپ ئاتنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئېگەرلىرىنىڭ ئۇلاڭلىرىنى كېسىپ بولۇپ، ئىككىنچى توپ ئاتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئەمدى يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئاتنىڭ ئېگىرىنى كېسىپ بولغاندا، نوختىسى كېسىلگەن ئىككى ئات ئېغىنىماق بولۇپ ئېگەرلىرىنى جالاقشىتىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. سېزىلىپ قالدۇقمۇ نېمە دەپ ئەندىشە قىلغان هاشىم ۋە ئۇنىڭ ئىككى هەمراهى ئامالسىزلىقتىن ئۆزلىرىنى دەرەخنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئالدى، ئاندىن هايال بولماي غولدىن تۆۋەنلەپ، كەلگەن جايىغا قايتىشتى.

تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئىمىن ۋاڭنىڭ سەرۋازلىرى ئەمدىلەتىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان مەڭلىكنىڭ چېرىكلىرى ئۈستىگە چاپقۇن ياسىدى. چېرىكلەر ئۇيقۇ مەستلىكىدە خامۇش هالەتتىلا ئاتلىرى تەرەپكە يۈگۈردى، بەزىلىرى بېشىغا قويۇپ ياتقان ئېگەرلىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشسە، بەزىلىرى ئۇلىڭى كېسىلگەن ئېگەرگە ئېسىلىپ، ئېگەر بىللە يەرگە سىيرىلىپ چۈشەتتى. بۇ بىر توپ چېرىكلەر هوشىنى تېپىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغۇچىلا تەڭدىن تولىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ئىككىنچى توپتىكى چېرىكلەر هاپىلا - شاپىلا ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۇلارنىڭمۇ بەزىلىرى ئۇلىڭى كېسىلگەن ئېگەرگە ئېسىلىپ يەرگە يىقىلدى، قالغانلىرى جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشتى. ئىمىن ۋاڭنىڭ لەشكەرلىرى مەڭلىكنىڭ چېرىكلىرىنى قىستاپ، چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە سۈرۈپ ئاپاردى. كۆۋرۈك بېشىدا قالايمىقان جەڭ

باشلاندى. چىرىكلەر بىر ـ بىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە، مۈرىلىرىگە، بويۇنلىرىغا قىلىچ ئۇراتتى، بىقىنلىرىغا، قورساقلىرىغا، يوتىلىرىغا نەيزە سانجىشاتتى...

ھۆركىرىگەن ئاۋازلار، چۇقان ـ سۈرەنلەر، قىيا ـ چىيالار ئاسمان ـ پەلەككە يەتتى. يىقىلىپ خارتىلداپ ياتقان ئاتلار، ئىگىرىنى قارنىغا ئىلىپ چاپچىپ يۈرگەن ئاتلار، كۆۋرۈك ئۈستىدىكى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىكى جاراق ـ جۇرۇق قىلغان قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىشكەن ئاۋازلىرىدىن بىرەر كىمنىڭ نېمە دەپ توۋلاپ، جارقىراۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلىپ بولمايتتى... نەيزىلەر سانجىلماقتا، قىلىچلار يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا ۋاللىدىماقتا، پالتا ـ ئايىلار ۋاچىلداپ چېپىلماقتا. ئاتلار ئۆرەنلەپ، بىر ـ بىرىگە ئۆمكەنلىرىنى ئۇرۇشۇپ، يەرگە گۇپ ـ گۇپ يىقىلاتتى. قىلىچ تەگكەن، نەيزە سانجىلغان ئاتلارنىڭ ئاغرىق دەستىدە كىشنىشى، يىقىلغان ئاتلارنىڭ ئاستىدا قالغان ئادەملەرنىڭ دەھشەتلىك نالە ـ پەريادى غول ئىچىنى قاپلىدى...

ئىككى تەرەپ قايتىدىن سەپ تۈزۈشتى، تەبىل چېلىنىشى بىلەن ئاتلىق چىرىكلەر بىر ـ بىرىگە قاراپ ئېتىلدى. سان ـ ساناقسىز تۇياقلارنىڭ زەربىسىدىن يەر تىترەپ كەتتى. بىرىنچى قاتاردا ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىمىن ۋاڭ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىرلا نەرە تارتقىدى، ئاستىدىكى ئاق بوز ئارغىماق بىر تۇتاش قوزغالغان ئاتلار ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك ساداسىدىن ئۈركۈپ، بىرلا ئىرغىدى ـ دە، ئالغا قاراپ يۇلقۇنۇپ چېپىپ كەتتى. سەردارنىڭ باتۇرلۇقىدىن ئىلھاملانغان چىرىكلەرمۇ ئارقىدىن شىددەت بىلەن چېپىشتى. ئاتلار گىرەلىشىپ كەتتى، چاپ ـ چاپ باشلاندى. بىر قەپەس شىددەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ ۋە لەشكەرلىرى شارتلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چېكىندى. ئۇلار توختى مامۇتنىڭ يىگىتلىرى كولىغان ئورەككە كەلگەندە، ياندايلا ئۆتۈپ

كەتتى. شىددەت بىلەن قوغلاپ كەلگەن مەڭلىكبەگ چېرىكلىرىدىن ئون نەچچە ئاتلىق چېرىك كەينى ـ كەينىدىن ئورەككە چۈشۈپ جېنىدىن ئايرىلدى.

بۈگۈنكى جەڭدە ئىمىن ۋاڭ تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. كەچتە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىغا يېنىشتى.

ئەتىسىدىكى جەڭدە ئىككى تەرەپ تەڭلىشىپ قالدى. ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مەڭلىكنىڭ كۈچى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، پىچاننىڭ يۇقىرىسىدىكى «توققۇز ئوغۇلنىڭ كارىزى» دېگەن يەردە مەڭلىك بىلەن بىللە توپىلاڭ قوزغىغان موڭغۇل ئاتامانى نىمانىڭ بىر مىڭ بەش يۈز چېرىكى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەن ئىمىن ۋاڭ لۈكچۈنگە ئادەم ماڭدۇردى. تاپشۇرۇق بويىچە، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان قومۇلدىكى چىڭ سۇلالىسى لەشكەر ـ گاھىغا ياردەمگە لەشكەر چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغىلى ھەم مەڭلىك توپىلىڭىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى مەلۇم قىلغىلى ماڭدى. سىركىپ ـ لەمجىن غولى ئىچىگە قويۇلغان ئىككى يۈز ئاتلىق چېرىكنى خالىقنىڭ لەمجىن ئارقىلىق پىچانغا باشلاپ كېلىپ، مەڭلىكنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشى ئۇقتۇرۇلدى.

ئۇرۇش خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولۇپ تۇردى. مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىمىن ۋاڭ تەرەپتىن ھاشىم بۆرە، توختى مامۇت، خالىقنىڭ ئوغلى ئەھەد يۈزبېشى، چاۋۇشبەگ ھاسان تايغان قاتارلىق سەر خىل ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلدى....

ئۇرۇش ئاستا ـ ئاستا ئىمىن ۋاڭ تەرەپكە پايدىسىز بولۇۋاتقان كۈنلەردە، مەڭلىكبەگ تۇيۇقسىز چېكىنىپ يۇرتىغا قايتتى. موڭغۇل ئاتامانى نىمامۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ كۆكيار غولى بىلەن تاغ ئارقىسىغا چېكىنىپ كەتتى. ئىمىن ۋاڭ خەۋەر

تاپتىكى، مەڭلىكنىڭ چوڭ ئوغلى بىيجىڭغا تاۋاپقا بارغانىكەن. يېنىشىدا قومۇل ۋاڭى يۈسۈپ تەرىپىدىن نەزەربەندكە چۈشۈپ قاپتۇ.

*　　　*　　　*

قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك ئوردىسى، ئوردىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە تاملىرى قېلىن، ئىشىكلىرى پۇختا سېلىنغان زىندان بار ئىدى. مانا مۇشۇ زىنداندا مەڭلىكبەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئاق خوجا قاماقلىق ئىدى. مانا بىر ئاي بولدى، يۈسۈپ ۋاڭ ئاق خوجىنى قاماقتىن بوشتاي دېمىدى.

بىر كۈنى ئاق خوجا قاتتىق خاۋاتىرلەندى. چۈنكى، ئۇ ئۇدا بىرقانچە كېچە ئاتىسىنىڭ جەڭ مەيداندا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى چۈشەپ قالغانىدى، ئۇنىڭ گېلىدىن ئاش - غىزا ئۆتمەس بولدى. ناشتىلىققا قويۇلغان نەرسىلەر چۈشلۈك غىزا ئەكىرىلگەندە ئېلىپ كېتىلەتتى. چۈشلۈك غىزا كەچلىك تاماق ئېلىپ كىرىلگەندە ئېلىپ كېتىلەتتى ...

ئاق خوجا بۈگۈن كېچىمۇ يەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق چۈش بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. ئۇ بامدات نامىزىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا - تىلاۋەت قىلدى، ئاتىسىنىڭ، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ، ئەل - يۇرتىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئاللاتائالادىن يېنىش - يېنىشلاپ تىلىدى. گۈندىپاي بوۋاي يەنە ناشتىلىق ئېلىپ كەلدى. ئاق خوجا تىزلىنىپ تۇرۇپ، مەڭىزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىتىپ بوۋايغا ئىلتىجا قىلدى:

— بوۋا، مەن تۇرپاننىڭ جاساق بەگلىرىدىن بولغان مەڭلىكبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بولىمەن. بىيجىڭغا خاقانى چىڭ ھۇزۇرىغا تاۋاپقا بېرىپ يېنىشىمدا يۈسۈپ ۋاڭ مېنى ھەمراھلىرىم بىلەن ھەپسىگە ئالدى. بۇ ئىشنىڭ نېمە بائىستىن

ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كېچىسى ئاتامنىڭ جەڭ مەيدانىدا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى چۈشەيمەن، بۇ غەم ـ ئەندىشە مېنىڭ يۈرەك ـ باغرىمنى خۇددى قۇرت يېگەندەك غاجىلاۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە ھەپسىدە ئىكەنلىكىمنى ئاتام بىلمەيدۇ. ئاتامنىڭ نىمە بالا ـ قازاغا يولۇققانلىقىنى مەن بىلمەيمەن. سىلىگە ئۆتۈنۈشۈم، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاتامغا ئىككى ئېلىك خەت ـ ئۇچۇر يوللىسام، مېنىڭ ھالىمدىن ئاتام ۋاقىپلانغان بولسا، بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەن چوقۇم ياندۇرىمەن. مەندىن يانماي قالسا، خۇدايىتائالادىن يانۇر ...

بوۋاي ھەپسىدىكى ئادەمنىڭ قار ـ يامغۇر يېغىلغىنىغا، مۇسۇلماندارچىلىقنى، ئاللاتائالانى شېپى كەلتۈرۈپ ئۆتۈنۈشىگە قاراپ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى. ئۇنىڭغا ئاستىرتىدىن قەغەز ـ قەلەم ئەكىرىپ بەردى. ئاق خوجا ئاتىسى مەڭلىك خوجىغا مۇنداق مەزمۇندا خەت يازدى:

*ھۆرمەتلىك بەگ ئاتا:*

*مەن خاقانى چىنىڭ ھوزۇرىدىن تاۋاپتىن يېنىپ، قومۇل ۋاڭلىقىغا ساق ـ سالامەت يەتكەنىدىم، باشتا مېنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتكەن يۈسۈپ ۋاڭ تۇيۇقسىزدىن مېنى ھەپسىگە سالدى. مانا بىر ئاي بولدى، ھەپسىدىن بوشىتىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدە نىمە ئوي بار، مېنى نىمە بائىستىن ھەپسىگە سالدى؟ بۇنىسى نامەلۇم. لېكىن، سىزنىڭ دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ بۇ ئىشقا سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەر كېچىسى سىزنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىڭىزنى چۈشەيمەن. كۈنلىرىم غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە مەنىڭ سۇلالىسى كۈنسېپتىش تەرەپلەرنى ئۆز تەسەررۇپى ئاستىغا ئېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. سىز ئىلگىرىكىدەك جۇڭغارلارغىمۇ، مەنچىڭ سۇلالىسىگىمۇ بېقىنماي*

*بىنەرەپ تۇرغانىدىڭىز. ئەمدىكى ئەھۋالدا سىزنىڭ يان ـ يېنىڭىزدىكى باشقا بەگلەر خۇددى ئاپتاپپەرەس كۆنگە باققاندەك، مەنچىلىك سۇلالىسىگە يۈزلەنگەن ئوخشايدۇ... خەيرىيەت، بۇ گەپلەرنى ساق ـ سالامەت دىدارلاشقاندا دېيىشەرمىز. قومۇلغا تېزدىن ئادەم ئەۋەتكەيسىز.*

*ھەپىسىدىكى ئوغلىڭىز ئاق خوجىدىن*

ئاق خوجا ئىككى ئالتۇن زىخچىنى گۆندىپاي بوۋايغا سۇڭگۈتۈپ، خەتنى تۇتقۇزدى. لەۋزى قىلغىنى بويىچە گۆندىپاي بوۋاي بىر ئادەمنى مەخپىي يوسۇندا كۈنپېتىش تامان يولغا سالدى. بۇ ئادەم ئىمكان بار ئادەمسىز يوللار بىلەن مېڭىپ ئاخىر مەڭلىكبەگنىڭ قارارگاھىغا يەتتى.

مەڭلىكبەگ خەتتىن چوڭ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، بېشىغا ئاسمان يىقىلغاندەك، غەمگە پاتتى. چۈنكى، ئاق خوجا ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى، تۈۋرۈكى، ئىز باسارى ئىدى. ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان بۇ بەگلىكنى پەقەت مۇشۇ ئوغلىغا تاپشۇرغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەن مەڭلىكبەگ ئاق خوجىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان ھامان بەئەينى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالمايلا قالدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى تويۇقسىز چېكىندۇرۇش بىلەن بىللە، خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى ئوبدان تارتۇقلىدى ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈ ئوغلى ھوشۇرمەتنى قوشۇپ، ئەھۋالنى ئەينەن بىلىپ كېلىشكە قومۇلغا يولغا سالدى. مەڭلىكبەگ ئۇنىڭلىق بىلەن خاتىرجەم بولالمىدى. ھوشۇرمەتنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىنىسى جورۇپبەگنى قومۇلغا يولغا سالدى.

*　　　*　　　*

ئەينى يىللاردا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدىكى زېمىنلاردا پوچتا ئۆچۈن ساراي ـ ئۆتەڭلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ،

ئۆتەڭلەردىن ـ ئۆتەڭلەرگە خەۋەر، ئۇچۇر ـ مەلۇمات، يارلىق ـ پەرمانلارنى كۆچ ئۇلاپ يەتكۈزىدىغان مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى. ئۆتەڭلەردە يەلكىن ئاتلار① زاپاس تۇراتتى. يىراقتىن پەرمان ـ يارلىق ياكى جىددىي مەلۇمات ئېلىپ كەلگۈچى ئۆتەڭگە يېقىنلاشقاندا، بۇرغىنى چېلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى، كېيىنكى ئارىلىقتا چاپىدىغان ئادەمنىڭ تەخلىنىپ تۇرۇشىنى ئۇقتۇراتتى ـ دە، ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا مەلۇمات، پەرمان ـ يارلىقنى يېڭى چاپارمەنگە تاپشۇراتتى. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ قومۇلدىكى قوشۇنلىرىغا يەتكۈزۈلگەن جىددىي مەلۇمات ــ مەڭلىكبەگنىڭ موڭغۇل ئاتامانى ئىما بىلەن بىرلىشىپ قوزغىغان توپىلىڭى ھەققىدىكى مەلۇمات شۇ تەرزدە بېيجىڭدىكى مەنچىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىلدى. جىددىي مەلۇماتقا قارىتا ناھايىتى جىددىي جاۋاب ــ يارلىق چۈشۈرۈلدى. يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*«ئىمىن خوجا ئەجدادىدىن تارتىپ بىزگە ئەڭ سادىق كىشىمىزدۇر، ھەممىتىمىزگە نائىل بولغاچقا، ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ھازىر ئۇ گۇاجۇدىن ئۆز يېرىگە كۆچۈپ كەلدى. نۇرغۇن ئىشلىرى تېخىچە ئىزىغا چۈشمىدى. مۇبادا ئوغرىلارنى تۇتقۇدەك كۈچى بولۇپ مەڭلىكنى پەنت بىلەن تۇتالىغان بولسا، ناھايىتىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. نۇسرەت قازىنىپ زەپەر قۇچقاندىن كېيىن، مەڭلىكنىڭ يەرلىرىنى ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. مۇبادا كۈچى يەتمىسە، ئۇ مۇۋاپىق چارە قوللىنىپ، ئۆز جايىدا قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشىنى كۈتسۇن.»*

① يەلكىن ئات ــ قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تېز چاپار ئات، شامالدەك تېز يۈگۈرىدىغان ئات.

مۇشۇ پەرمان بىلەن تەڭلا ئىمىن خوجىغا بېزىلىق مەرتىۋىسى، ئوغلى سۇلايمانغا بەگلىك (بېلىلىك) مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى①.

بۇ ئىشقا ــ مەڭلىكبەگنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىگە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ناھايىتى جىددىي قارىدى. يارلىق تاپشۇرۇۋالغان ئىمىن ۋاڭ غەيرەتلەندى. ئۇ مەڭلىكبەگنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، توپىلاڭ كۆتۈرگىنىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئىرادىگە كەلدى. بىرسى تۇرپاننىڭ كۈنچىقمش تەرىپىگە، بىرسى كۈنپېتىش تەرىپىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن ئىككى تارخانبەگ ئىككى خىل يول تۇتقانىدى؛ بىرسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىشتەك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇردى. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ نامىمۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا پۈتۈلگىنىدەك، «ئۇيۇشماق»، «ئىتتىپاقلاشماق» ئىدى. بۇ نام ئۇلارنىڭ يىراق ھۇن دەۋرلىرىدىن تارتىپ ئەمەل قىلىپ كەلگەن ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغانىدى②؛ بىرسى، ئايرىملىقنى كۆزلىدى. بۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، يەنى مەركەزگە ئىنتىلىش بىلەن بۆلۈنۈپ ئايرىم بولۇشلار تارىختا كۆپ كۆرۈلگەن ئىشلار بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر خىل قانۇنىيەت، نورمال ھادىسە ئىدى. بىراق، ئىتتىپاقلىشىش، مەركەزگە ئىنتىلىش ھامان ئىجابىي نەتىجە بېرىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، بىر يۇرت تۇپرىقىدىكى ئىككى بەگنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئوخشىمىغان نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە يۈزلىنىۋاتاتتى، بىرسى، چوڭ بىرلىك ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، يۈرسە، يەنە بىرسى « ھەر كىم

① «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 527 ـ، 529 ـ جىلدلىرى.

② مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەردە غەربكە كۆچكەن ھۇنلار تەركىبىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ھۇنلار تەركىبىدە، كېيىنچە تۈركلەر بايرىقى ئاستىدا پائا-لىيەت ئېلىپ بارغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققان. بۇ يەردە شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۆز غېمىدە، قېرى قىز ئەر غېمىدە»، دېگەندەك ئوغلى ئاق خوجىنى ھەپسىدىن قۇتقۇزۇش كويىدا چېپىپ يۈرەتتى. نىھايەت، ھازىرقى ئەھۋالدا ئىككى بەگنىڭ ھالىتى خۇددى «ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ماي قايغۇسىدا» دېگەنگە ئوخشىشىپ قالدى.

* * *

مەڭلىكبەگ پىچاندىن لەشكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن، بىرقانچە ۋاقىت كۈتۈپ باقتى. قومۇلدىن ئوغلى ئاق خوجىنىڭ ئۆچۈر - سىر تىقسىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە كۈيۈئوغلى ھوشۇرمەتنى قوشۇپ قومۇلغا ماڭدۇرۇۋېدى، جىمىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئىنىسى جورۇپبەگنى ئەۋەتتۇۋېدى، ئۇمۇ «قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك» جىمىپلا كەتتى. مەڭلىكنىڭ يېگىنى ئوغا، كىيگىنى كېپەن بولدى. كېچىلىرى خۇددى ئۈستىرا كاپلىغاندەك ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئۆرۈلگىنىچە تونلىرى تاڭغا ئۇلايدىغان بولدى. ھەر كېچىسى قالايمىقان، چىگىچ، قورقۇنچلۇق چۈشلەر بىلەن ئەينى تاشتىن - تاشقا ئۆرۈلۈپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۇدا پالاقشىغاندەك، چارچاپ - ھېرىپ كېتىدىغان بولدى. ئاخىر ئۇ ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەتىنى يىغدى. ئۇلارغا كېڭەش تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى مۇراجىئەت تۈسىدە سۆز قىلدى:

— قېرىنداشلىرىم، ھەرقايسىڭلار مەن بىلەن قان - قېرىنداش. بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ بەگلىك ئەمىلىنى تۇتۇپ كەلگەن. قوۋم - قېرىنداشلىرىم بىزگە تەگكەن بۇ بەگلىك مەنسەپنىڭ ھورى بىلەن ھازىرغىچە ناھايىتى ئوبدان ياشاپ كەلدىڭلار، بىزمۇ «قولۇڭ ياغ بولسا يېنىڭغا سۈر»، «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا» دېگەندەك قىلىپ كەلدۇق. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، مېنىڭ ئىز باسارىم بولغۇچى ئاق خوجا قۇمۇلدا ھەپسىگە چۈشۈپ قالدى. نېمە كۆرسەڭ، ئۇنى

قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىساق بولمايدۇ. «شەيتاننى توپا يەمىسەن دېسە، يېغى بارمۇ؟» دەپتىكەن. بۇ كۈن، بۇ ئايلاردا قول كەستى قىلمىغۇچە ئىش پۈتمەيدۇ. ئاق خوجىنى ھەپىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش كېتىدۇ. قېنى قېرىنداشلىرىم، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە قاراپ تۇرماسسىلەر، ئاتىغىنىڭلارنى ئوتتۇرىغا تاشلىغايسىلەر!

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، پىچىر ـ پىچىر، كۇسۇر ـ كۇسۇر قىلىشىپ، ھېچبىرى «مەندۇرمەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

ــ تاڭنا بەش كۈندە يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق قىلىشىپ قالىمىز، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، قېرىنداشلىرىم. ياردەم قىلىڭلار! «ساق كۆز يىغلىسا سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار» دېگەن گەپ بار. قاراپ تۇرماڭلار، قېنى ياشلار، بىز بۇ جاھاندىن كەتسەك، ئاق خوجا بىلەن سىلەر تۇغقاندارچىلىق قىلىشىپ قالۇرسىلەرمىكىن؟! ــ مەڭلىكبەگ ياشلارغا قارىدى.

ياشلار پەقەت ئالدىغىلا قارايدۇ، كۆپ تەرەپنى ئويلىشىپ تۇرمايدۇ. «كاككۇك كامادا، سوپى تامادا» دېگەندەك، بەزى ياشلار «بۇنىڭدىن كېيىن ئاق خوجا بەگ بولۇپ قالسا، بىزلەرگە نەپ تېگىپ قالۇر» دەپ ئويلاپ، بەزىلىرى بىر زىخچە ئالتۇن، بىرلىرى بىرەر دادەن بۇغداي، گاھىبىرلىرى بىرەر تۇياق مال دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاتىغانلىقىنى ئېيتىشتى. شەمشىدىن ئالدىن تەييارلانغان قەغەز ـ قەلەم بىلەن كىمنىڭ نېمىنى ۋەدە قىلغانلىقىنى پۈتۈپ ماڭماقتا ئىدى.

مەڭلىكبەگنىڭ تاغىسى نەجمىدىن ئوغلى ئەيندىن بىلەن چەترەكتە ئولتۇراتتى.

ــ مەنمۇ بىرەر قويدەك نەرسە بولسىمۇ ئاتايمۇ، ئاتا؟ ــ دەپ سورىدى ئەيندىن ئاتىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكى ئاتىسىدىن ئايرىم ئىدى.

ــ توختاپ تۇر، ئوغلۇم، بۇنداق چاغدا ئالدىراپ كەتمە،

«مۇزدىن ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت، چوڭكىنىنى كۆرەرسەن، سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، ئاققىنىنى كۆرەرسەن» دېگەن گەپ بار. قېنى باشقىلار نېمىلەرنى بېرەركىن، قاراپ بېقىپ بىر نېمە دەرمىز، — ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي نەجمىدىن ئوغلىغا شۇنداق دېدى.

— نېمە ئۈچۈن ئەمدى؟ مەھەللىكىبەگ ئاتىمىزمۇ بىزدىن بىر نەرسە ئالماي قويمايدۇ. بىزمۇ ھامىنى بىر نەرسە بېرىمىزغۇ؟

نەجمىدىن ئاقساقال كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ بىر ئۆتكۈنچى ئىش. ئىلگىرىمۇ مەھەللىك مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلغان، — دېدى.

— بۇ قېتىم ئاق خوجىنى ھەپسىدىن قۇتقۇزىمىز دېدىڭغۇ؟

— «گەپ شۇنداق، يول تام تۈۋىدە» دېگەن گەپ بار. ئاق خوجىنى قۇتقۇزماق بولسا مەھەللىكنىڭ بايلىقى يەتمەي قالامتى؟ تاغدا ئۈيۈر - ئۈيۈر ئېتى، قوتان - قوتان قويى، توپ - توپ كالىسى ئوتلاۋاتسا، يۇرت ئىچىدە بىرقانچە كارىزى، نەچچە يۈز دادەنلىك تېرىلغۇ يېرى تۇرسا. خېلى يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەتتىن كۆمۈش ئالغان تۇرسا، ئۇنىڭ كۈنى بىزگە چۈشۈپ قالاتتىمۇ؟

— ئەمىسە، نېمىشقا ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ؟

— ھەرقاچان ئۇرۇشتا جىق چىقىم تارتىپ كەتكەن گەپ.

— بەربىرىغۇ، ئۇمۇ ئەل - يۇرت ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدىغۇ؟

نەجمىدىن بوۋاي ئەمدى ئوغلىغا ئوچۇقراق ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ مۇنداق دېدى:

— بۇ مەھەللىك مىجەزى تۇراقسىز ئادەم. ساڭا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، شۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىرەر نەرسىنى پەملەپ قالۇرسەن.

نەجمىدىن بوۋاي ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ قىزغىن تالاش ـ تارتىشىغا چۈشكەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغلىغا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى:

ئۆتكەنكى ۋاقىتتا تۇرپان دىيارىدىن تاغ ئارقىسىغا بىر مەدىكار ئىشلەمچىلىككە چىقىپتۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن تاپقان پۇلىغا بىر قازان قۇيدۇرۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا قازان قىس ئىكەندۇق. ئۇ ئادەم ئالغان قازاننى ئېشىكىگە يۈكلەپ، يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا ئېگىز بىر داۋان تۈۋىگە كەپتۇ، داۋان تىك ھەم خەتەرلىك ئىكەن. ئۇ ئادەم قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇداغا ئىلتىجا قىپتۇ: «ئېھ، خۇدا، خۇداۋەندە كەرىم، مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن. ئۆيۈمدە قازان بولمىغاچقا، تاغ ئارقىسىغا چىقىپ ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمغا مۇشۇ قازاننى قۇيدۇرۇپ، يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. مۇشۇ داۋاندىن قازىنىمنى ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈۋالسام، سېنىڭ ھەققىڭگە ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، نەزىر قىلغايمەن!» ھېلىقى ئىشلەمچى قازىنىنى داۋاندىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈۋاپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ ئادەم ئۆزىچە مۇنداق دەپتۇ: «ئەي خۇدايىم، مېنىڭ نەدىمۇ نەزىر قىلغۇدەك ھالىم بولسۇن، ساڭا مايداڭ① قىلىپ قويسام ئەجەب چىنپۇتۇپ قالدىڭغۇ؟» دەپ ئۆزىچە كۈلۈپتۇ. ئانچە ئۇزاققا بارمايلا ھېلىقى ئىشلەمچىنىڭ ئېشىكى پۇتلىشىپ كېتىپ نەچچە دومىلاپ چىقىپتۇ. قازان چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئىشلەمچى قازاننىڭ پارچىلىرىنى قولىغا ئېلىپ زار ـ زار قاقشاپ يىغلاپ، مۇنداق دەپتۇ: «ئەي خۇدايىم، ئوينىشىپ قويسام راست دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ قازاننى كۆندۈرۈش ئۈچۈنمۇ ياغ سۈرتۈپ بۇس چىقىراتتۇققۇ، مېنى شۇنچە پىششىق ـ پىخسىق چاغلاپ قالدىڭمۇ؟ كەمبەغەل بولسامىمۇ بىرەر قېتىملىق ياغ پۇرىتىش قولۇمدىن كېلەتتىغۇ؟ قازىنىمنى نېمىشقىمۇ چاققانسەن ؟!»...

① مايداڭ قىلماق ـــ تۇرپان شېۋىسى، چاقچاق قىلماق.

— ئۇنداقتا بۇ مەشلىك ئاتىمىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالسىلا كۆۋرۈكنى بۇزىدىغان ئادەملەردىن ئوخشىمامدۇ؟ — ئەينىدىن ئاتىسىدىن ئۇدۇللا سورىدى.

— بۇ مەشلىك خۇددى ئابايا مەن ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىدىكى ئىشلەمچىگە ئوخشاش مىجەزى تۇراقسىز ئادەم. ئىشى پۈتسىلا، ئۇنىڭ بوسۇغىسى يەنە ئېگىزلەپ قالىدۇ، — نەجمىدىن سۆزىنى تۈگىتىپ، ئاپپاق ساقاللىرىنى قولى بىلەن تاراشلاپ قويدى.

نېمىلا دېگەنبىلەن مەشلىك ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە بەگلىك نېسىپ بولغان ئادەم، ئۇرۇق - تۇغقانلار قاراپ تۇرۇشمىدى. «كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولۇر» دېگەندەك، ئۇنىڭ خۇرجۇنى پۇل - پۈچەككە، ئالتۇن - كۈمۈشكە توشتى. ئۇ ئوغلى ئاق خوجىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى، مەنچىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلماق ئۈچۈن تەرەددۇتلەندى.

* * *

مەشلىكبەگ ئوغلى ئاق خوجا، ئىنىسى جورۇپبەگ ۋە كۈيۈئوغلى ھوشۇرمەتلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىدىن يىگىرمە بىر ئادەمنى باشلاپ قومۇلغا بېرىپ ئەل بولماقچى بولدى. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللىشى بولغانىدى. ئەمما، «بېگىڭگە يەتكۈچە بېلىڭنى ئۇشتاي» بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لۈكچۈنگە مىڭ لەشكەر بىلەن كېتىۋاتقان بۇكۇي تۇركۆلدە مەشلىكنى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى بۇكۇينى خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ «خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ئالدامچىلىق قىلغان» دېگەن گۇناھنى ئارتىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى①.

① «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 236 - بەت.

# ئون ئالتىنچى باب

## كېيىنكى ئىشلار

چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرت[1] دەپ ئاتالغان قومۇلدىن تارتىپ تاكى قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگىچە بولغان يۇرتلاردا تەدرىجىي يوسۇندا نۇرغۇن ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلغانىدى. ئۆتەڭلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى يارلىق ۋە مەلۇماتنامىلەرنى يەتكۈزۈش ھەمدە ھۆكۈمەت ئەشيالىرىنى يۆتكەش، توشۇش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلاپ تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايتتى.

ئويرات موڭغۇللىرى ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىچىك ئاتامانلىرىدىن ساراس، ماخۇس قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلدى. مەڭلىك توپىلىڭى ئەمدى تىنچىتىلغاندا، ساراس بىلەن ماخۇسنىڭ پاراكەندىچىلىكى يۈز بەردى.

چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى (1757 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۇرپان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان ئالغۇيدىكى بۇدۇك ئۆتىڭىنى ساراس بىلەن ماخۇسلار بۇلاپ ـ تالىدى ھەم ئۆتەڭدە تۇرۇشلۇق لەشكەرلەردىن ئالتىسىنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

چيەنلۇڭ خان بىر تەرەپتىن ئۆتەڭلەرنى چارلاۋاتقان چىڭ

---

[1] زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغانىدى.

قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى مەن فۇنىڭ قوغلاپ زەربە بەرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمىن ۋاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، چارلاش ھەم چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭچى باندىتلارنى تازىلىشىغا ھەمدەم بولۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

ساراس، ماخۇس باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ تۇرار جايى مۇقىم ئەمەس بولۇپ، پاراكەندىچىلىك سېلىشنى ئاساس قىلاتتى. ئىمىن ۋاڭ «ئازغانبۇلاق» خوشۇت يولى بىلەن ئايلىنىپ، 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ساراس، ماخۇسلار يايلاپ يۈرگەن قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كەلدى ۋە خىلۋەت تاغلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان باندىتلار توپىنى تېنىتىپ، ئەر ـ ئايال ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈپ، ماخۇسنىڭ توپىنى قورشاپ يوقاتتى. ئاندىن دالان چوققىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ساراس، ئانجىدەينىڭ ئوغرىلار توپىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

باندىتلار يەر شەكلىنى پىششىق بىلگەچكە، سايىسىنى كۆرسەتمەي قېچىپ يۈردى ۋە مەن فۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۆكتۈرمە دائىرىسىگە ئالداپ ئېلىپ كىرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما، ئىمىن ۋاڭ قوغلاپ زەربە بېرىشنى توختاتماي ئەشمە تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خورا تېغىغا كەلدى. ئىمىن ۋاڭ بۇ قالدۇق توپىلاڭچىلارنى تازىلاش ئۈچۈن تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، ئايدالالاردا يېتىپ ـ قوپۇپ، بىرقانچە مىڭ چاقىرىم يول باستى. 1758 ـ يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن يارلىققا بىنائەن يۈرۈشتىن توختىدى.

گەرچە قالدۇق توپىلاڭچىلار تەلتۆكۈس يوقىتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆتەڭلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە راۋانلىقى ئۈنۈملۈك ھالدا قوغداپ قېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ ۋە ئوغلى سۇلايمانبەگ داۋاملىق ئەسكەر باشلاپ ئۆتەڭلەرنى چارلاپ، توپىلاڭچىلارنى تۇتۇپ، ئۆتەڭلەرنىڭ راۋان بولۇشىنى قوغداپ تۇردى.



1757 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىمىن ۋاڭ لەشكىرىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەر باشلىقى يار خاشەن بىلەن بىللە بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. يارخاشەن ئىقتىدارلىق لەشكەر باشلىقى ئەمەس ئىدى. ئۇلار كۇچانى ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەستە ئىشغال قىلدى. چيەنلۇڭ خان يارخاشەننىڭ ئورنىغا جاۋ خۈينى ئالماشتۇرۇپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى يوقىتىشقا ئاتلاندۇردى.

ئىمىن ۋاڭ بىلەن جاۋ خۈي تۆت مىڭدىن ئوشۇق لەشكەرنى باشلاپ يەكەنگە ئاتلىنىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ كۈچلىرى بىلەن ئۈچ ئاي تىركىشىپ جەڭ قىلدى. ئىمىن ۋاڭ توپىلاڭچىلار بىلەن ئاجايىپ كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسى خانى ئىمىن ۋاڭغا شۇ قېتىم ئىنانچخان① لىق مەرتىۋىسىنى بەردى.

ئىمىن ۋاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى نەتىجىسىدە، 1759 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرى ئۇزۇل ـ كېسىل تىنچىتىلىپ، «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتۈپ، سەددىچىنىنىڭ ئىچى ـ تېشىنىڭ بىرلىككە كېلىشى تېزلىتىلدى. ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىندا قومۇل ۋاڭلىقى، لۈكچۈن ۋاڭلىقى ۋە قەشقەر ـ يەكەن ۋاڭلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتتى.

جۇڭغارلار توپىلىڭى، مەڭلىكبەگ توپىلىڭى ۋە قالدۇق باندىتلار توپىلاڭلىرى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تۇرپان ـ لۈكچۈنلەر نىسبەتەن تىنچلىققا يۈزلەندى. ئوردىنىڭ ئىشلىرىمۇ ئىزىغا چۈشۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈملىرى ۋە

① ئىنانچخان ــ ئىشەنچلىك خان.

ئىلگىرىدىن شەكىللەنگەن ئادەت كۆچىگە ئىگە قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئەل ئىشلىرى يۈرگۈزۈلدى. لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن ۋاڭ ئۆزى بىلەن ئۇزاق مۇددەت جاپا ـ مۇشەققەتتە، ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولغان يېقىنلىرىغا مۇناسىپ ئەمەل ـ مەنسەپ، تارتۇق ـ ئىنئاملار بەردى. شۇ قاتاردا شاپىبەگكە تەڭرىتېغىنىڭ كۈنگەي باغرىدىكى جىغانغولنى ئىنئام قىلىپ بەردى. بۇنى شاپىبەگ (كېيىن «شىپەبەگ» دەپمۇ ئاتالغان) ئۆزى تەلەپ قىلغانىدى. شاپىبەگ جىغانغولغا كۆچۈپ چىقىپ، غول ئىچىدىكى ئېقىن سۇلارنى ۋە بۇلاق سۇلىرىنى تۆت ئېرىققا بۆلۈپ، پەس تەرەپتىن شۇنىڭغا مۇناسىپ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تەييارلاپ، ھەر بىر ئېرىق سۇغا بۆلۈنگەن يەرنى بىر مەھەللە شەكىللەندۈرۈپ، تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. بىرىنچى مەھەللە ئەۋ مەھەللە (ئەۋ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆي)، يەنى تۇنجى ئۆي بىنا قىلىنغان مەھەللە چوڭ ئوغۇل ناسىربەگكە، ئوتتۇرا مەھەللە ئىككىنچى ئوغۇل كامىل باتۇرغا، يوغانتال مەھەللە ئۈچىنچى ئوغۇل بىلالغا، كۇرە مەھەللە تۆتىنچى ئوغۇل ھاپىزغا بۆلۈپ بېرىلدى. جىغانغول مەھەللە ـ بازار بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئەۋلادلار كۆمۈرچىلىك، باغباراڭ بەرپا قىلىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدى.



# ئاخىرقى سۆز

ئىمىن ۋاڭ چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (مىلادىيە 1777 ـ يىلى) سەكسەن ياشتىن ئاشقاندا، كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان. ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئىنانچخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككىنچى ئەۋلاد تۇرپان ۋاڭى بولغانىدى.

ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرئەھمەد مەجرۇھ بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن، بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سۇلايمان ئاتىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، قەشقەردىن ئىبراھىم ئىسىملىك داڭلىق ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ يەتتە مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ ئېتىپ، ئاتىسىغا ئاتاپ مۇنار سالدۇرغان. بۇ مۇنار ئىمىن ۋاڭنىڭ يىل نەزىرىگە ئۈلگۈرۈپ پۈتكەن (كېيىنچە بۇ مۇنار يەنە «ئىمىن خوجا مۇنارى» ياكى «سۇلايمان مۇنارى» دەپ ئاتالغان).

سۇلايمان ئىنانچخانلىقتا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا يۇرتقا كۈمۈش ئالۋىنى سالغان ھەم ئوردىسىغا ئەل ئىچىدىن چىرايلىق قىزلارنى تاللىغان. بۇ ئىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، خاقانى چىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق گۇناھكارلارنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ نەزەربەندكە ئالغان. ئىككى يىلدىن كېيىن سۇلايماننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى (1779 ـ يىلى) ئىسكەندەر ئىنانچخانلىق مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان. بۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ

ئالتىنچى ئوغلى ئىدى.

ئىسكەندەر تۇرپان ئىنانچخانلىقىدا 22 يىل ئولتۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان. جياچىڭ خانىنىڭ 16 ـ يىلى (1811 ـ يىلى) كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجا مىلادىيە 1932 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئىمىن خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ تامغىنى ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى قولىغا ئالغان. 1954 ـ يىلى ئۇ پىچان خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئىمىن سوپى لۈكچۈن ئوردىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ تۇرپان، لۈكچۈن ۋاڭى بولغاندىن تارتىپ مەمەتسىيىت چىڭۋاڭغىچە جەمئىي ئون ۋاڭ ئۆتكەن.

ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە، شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇپ، يۇرتنى ئەمىن تاپتۇرۇشىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. بولۇپمۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ تۆھپە يارىتىشى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر ئەھۋالدۇر. ئۇ ئەل ـ يۇقرانى، يۇرتلۇقلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى جۇڭغارلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىش يولىدا يۇقىرا بىلەن جاپادىمۇ، سەپەردىمۇ، ئۇرۇشتىمۇ بىللە بولغان، ئەل ـ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكىنى نامايان قىلغان. بۇ ئەسەردە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەنە شۇ تەرەپلىرىنى نۇقتىلىق قەلەمگە ئالدىم. ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئىمىن ۋاڭنىڭ نامى ھازىر كىتاب ـ ماتېرىياللاردا «ئىمىن خوجا»، «ئىمىن

غوجا»، «ئىمىن بەگ»، «ئىمىن ۋاڭ» قاتارلىق بىر قانچە خىل قوللىنىلىۋاتىدۇ، مەن بۇ سۆزنى ئېغىز تىلىدا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان، شۇنداقلا يازمىچە شەكىلدىمۇ ئىشلىتىلىدىغان «ئىمىن ۋاڭ» دېگەن ئاتىلىشى بويىچە قوللاندىم.

# **پاسلسىز يۇرتلار** (تارىخىي رومان)

**ئاپتورى:** ئىسمائىل تۆمۈرى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** رەناگۈل ئابلىمىت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**رەسىملەرنى سىزغۇچى:** بايىز سەيدۇللا
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 10
**نەشرى:** 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 − 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 14922 − 3
**باھاسى:** 30.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-14922-3

定价：30.00 元